ISSN 1002—9044

# تارىم

1

1995

ISSN 1002-9044

01>

9 771002 904009

تەھرىر
ھەيئىتىمىز
يېڭى يىلىڭلارنى
قۇتلۇقلايدۇ

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)



ئابدۇسالام توختى
(ئالىي مۇھەررىر)



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
(تەتقىقاتچى)



ئارسلان
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



ئابدۇراخمان ئەبەي (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى)



ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
(ئالىي مۇھەررىر)



ئەبەيدۇللا ئىبراھىم (ئالىي مۇھەررىر، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى)



ئەنۋەر ئابدۇرېھىم
(مۇھەررىر)



ئازات سۇلتان
(دوتسېنت)

# تارىم


باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس باۋات، ئىمىن تۇرسۇن.



ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

1

1995

# بۇ سانىدا


باغراش ...... يۈرەك تاغ (پوۋېست) ...... 4
ئەنۋەر مەھەممەت ...... لاي سۇ ئىچكەن جانلار (پوۋېست) ...... 48
ئۆمەر قادىر ...... ئالبۇمغا سېلىنمىغان سۈرەت (ھېكايە) ...... 84
تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر ...... يامغۇرلۇق بوران (ھېكايە) ...... 88
ئەمەت نىياز ...... ئالتۇن بېزەكلىك ئايال (ھېكايە) ...... 91


## شېئىرلار


مەھەممەتجان راشىدىن ...... جىمى جايدا جاراڭلار يېڭى يىللىق قەدەھ-جام ...... 37
ئابدۇسالام توختى ...... ھاياتلىق يولى ...... 42
رەخىم قاسىم ...... رۇبائىيلار ...... 45
ئابلىز ئوسمان ...... يىلتىز ناخشىسى ...... 46
ئەنۋەر كەلپىن نەزەرى ...... ئاۋاز ...... 47
تۇرسۇنئاي ھەسەين ...... شۇ ھامان گۈللەرگە پۈركىنەر دۇنيا ...... 80
نۇرىيە ئىلاخۇن ...... ئالەم سىغار ياخشىلارنىڭ كۆڭلىگە ...... 81
ساۋۇتجان تاھىر ...... غەزەل ۋە رۇبائىيلار ...... 82
ئابدۇللا جامال ...... ئىككى شېئىر ...... 83
ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ...... كەچكۈزدىكى ۋىسال ...... 94
ئادىل تۇنىياز ...... چاشقان بولۇپ كەلگەنمىدىڭ يار ...... 96
مەتىمىن بارى ...... ئۈچ شېئىر ...... 97
ئەسقەر ياسىن ...... ئىككى شېئىر ...... 98
دۆلەتقۇل روزى ...... ئىككى شېئىر ...... 9[illegible]


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئابدۇللا مەتقۇربان ...... «ئۇربىتا» ھەققىدە ...... 100
تۇرسۇن ئەرشىدىن ...... ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىسى بىلەن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلار ...... 107


## تەرمە گۈللەر


قاھار جېلىل ...... ئات ئايلىخانىغا (ھېكايە) ...... 124


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


س. ئا. ۋورونىن ...... سۆيگۈ ئارىلى (ھېكايە) ...... 129

## كۆرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

ئاسىيە داۋۇت............ قەلب رىشتىسى (ھېكايە) .................. 136
ئادالەت ئابلىز............ تۇغۇلغان كۈن (ھېكايە) .................. 140
غۇنچەم سەمەت............ ھالقا (ھېكايە) .................. 142
ئەمەتجان مەھەممەت، ئوسمانجان ئابدۇرېھىم، سابىرجان سىيت، ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى، نۇرمۇھەممەت توختىنىياز، ئابلىز ئىبراھىم، مايمۇنە كېرىم، مەتىمىن ھاجى، خاسىيەت ئەمەت، دىلشات مۇھەممەتنىياز، ئەسقەر ئابدۇرېشىت، سۇلايمان بارات، قۇربان ئۆمەر... (شېئىرلار) ... 146

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۇرەيلى.......... 152
لى جۇن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى.................. 156
مۇكاپاتلانغاندىن كېيىن.................. 157
قايغۇلۇق خەۋەر.................. 158
ئاپتورلارغا خەت.................. 160

* * *

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن



باغراش

# يۇرەكتاغ



(پوۋېست)

**40 يىللىققا سوۋغا**

مەن بۇ ئەمگىكىمنى ماڭا ئانا زېمىننىڭ ھەربىر زەررە توزانىنى يۈرەك ۋە ئىمانىمنى توغدىغاندەك توغداشنى ئۆگەتكەن، بۇ ئانا زېمىننىڭ ئىككى بەگتولبەگدەك ئۇلۇغ دادام تۇسعان ئىسلامغا، ئۇيغۇرنىڭ ئانىسى «كروران گۈزىلى» دەك گۈزەل ئانام رابىيە ئىسلامغا بېغىشلايمەن.

ئوغلۇم، ئاناڭ ئاچقان يۇزنى، ئاناڭ كەچكەن سۇنى ئىمانىڭنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەشنى بىل!

(دادام ئاغزىدىن)

ئوغلۇم، ئاتا-بوۋاڭنى، ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى دائىم ياد ئەت، ئۇلارنىڭ تۇيراق بېشى چۈلدەرەپ قاراقسىز قالسا، يەرلىكى ئېچىلىپ قالسا، قارا بوران چىقىپ، جاھانغا توپا يېغىپ، كۈننىڭ يۈزى تۇتۇلىدۇ!

(ئانام ئاغزىدىن)

## 1- باب

قاي زامانلاردىدۇر غاچچىدە قېتىپ قالغان بۇلۇت قاتلاملىرىدەك قاتمۇقات قۇم ئۆركەشلىرى قېتىپ قالغان ئوي-دوڭغۇل ۋە چەكسىز بوشلۇقتا ئۈچ گەۋدە ــ ناھايىتمۇ كىچىك ئۈچ گەۋدە ئاران-ئاران قىمىرلاپ يۈرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەتراپى جاننى ئۈگىسىدىن سۇغۇرۇۋالغۇدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق تىمتاس، ئۇ يەردە مۇشۇ كىچىككىنە ئۈچ گەۋدىنىڭ قىمىرلاشلىرىدىن ئۆزگە ھەرىكەت يوق! ئۇ يەردە مۇشۇ ئۈچ گەۋدىنىڭ شۆۋىرلاش ۋە پىسىرلاشلىرىدىن ئۆزگە ئاۋاز يوق! ئۇلارنى چەكسىز كەتكەن ئۆلۈك بوشلۇق قورشىۋالغان. بۇ كىچىككىنە گەۋدىلەر ئاشۇ

پايانى يوق بوشلۇق ئىچىدە، ئاشۇ غايەت زور ۋە ئېگىز كەلگەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئېخىمۇ كىچىك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ قورقۇنچلۇق مۇھىت ئىچىدە نەقەدەر كىچىك، نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھەتتا ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ...

— سەن خەت يازالامسەن؟

بويى ھەممىسىدىن پاكارراق قارا قومچاق ۋە جۇدەڭگۈ بولسىمۇ، بەكمۇ روھلۇق، خۇش خۇي ۋە چەك چىرىس كۆرۈنىدىغان، قارا كۆز بالا چەكسىز قۇملۇقتا ۋەھىمە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ ئۈنسىز كېتىۋاتقان خىيالچان بالىدىن سورىدى. ئۇ بالا خالىمىغاندەك، كۆزلىرىنى يىراقلاردىن تەسلىكتە ئۈزۈپ، يېنىدىكى قارا كۆز بالىغا قاراپ بېشىنى ئىرغىتتى ۋە شۇ ھامانلا كۆزىنى يىراق-يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان قارامتۇل ئېگىزلىككە ئاغدۇردى.

ئاۋۇ قارا كۆز، قارا قومچاق بالىنىڭ ئېتى مىراۋۇش — مەھەللىدىكى ئەڭ قېرى ئادەم نارىش بوۋاينىڭ نەۋرىسى، ئۇ ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قىلىدۇ، قىلغاندىمۇ چوڭ ئادەملەردەك 20 — 30 قويىنى مەھەللە چېتىدىكى قۇملۇقتا ياندىش جىگدىلىككە بىمالال ئاپىرىپ باقىدۇ. چۆپ ئورۇيدۇ، بويا يۇلىدۇ، تەك كۆمىدۇ، تەك ئاچىدۇ. قوغۇن ھۇلدايدۇ. ئېغىلدىن قىغ چىقىرىدۇ. قېرى مىدىكە قىغ ئارتىپ ئېتىزغا توشۇيدۇ. ئەكزاردا قۇشقاچ قوغلاپ ئۈزۈم قورۇيدۇ. ئۇ ئولتۇرسا-قوپسا بوۋىسىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. ھەممە ئىشتا بوۋىسىنى دورايدۇ. گەپ قىلغاندىمۇ، ئىش قىلغاندىمۇ بوۋىسىغا ئوخشىغۇسى كېلىدۇ. نېمىشقا دادىسىغا ئەمەس؟ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدۇ، بەلكىم، ئۇنىڭ بوۋىسى ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ياكى ئۇنىڭ بوۋىسى ئاق-قىزىل يۈزلۈك، بۇجغۇر ۋە قېلىن ساقاللىق، ئاتتەك ئېگىز، ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئاران پاتىدىغان گەۋدىلىك، مەھەللىنىڭ بۇ بېشىدا تۈۋلىسا، ئۇ بېشىدا تۇرغان ئادەم چۆچىگۈدەك ئاۋازى يوغان بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ۋە ياكى بوۋىسىنىڭ بەكمۇ نۇرغۇن نەرسىنى بىلىدىغىنى ئۈچۈندۇر، بوۋىسى دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. ناھايىتى جىق نەرسىلەرنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ بوۋىسى مەھەللىدىكى كىچىك مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ناھايىتى قېرى چىنارنىڭ ئاستىدىكى ئادەملەر يىغىلىپ ئولتۇرىدىغان پۈچۈق سۇپىدا ئولتۇرۇپ بىر سۆزلىگىلى تۇرسا، مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىنى كۈشۈكتەك ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىشىپلا قالىدۇ. شۇڭىمۇ مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن ھېيىقىدۇ.

ئۇ پات-پات ئويلاپ قالىدۇ. دادىسى نېمىشقا بوۋىسىغا ئوخشىمايدىكىن؟ ۋىجىك، قارامتاق ۋە ئاغرا... بىرى گەپ قىلمىسا ئون ئاشپىشمىغىچە غىڭ دەپ زۇۋان سۈرمەيدۇ. ئىشتىن بۆلەك ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ۋە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئاپىسىغىمۇ تۈزۈك چىراي ئاچمايدۇ. تۆت ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ. نېمىدىندۇر بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك چۆچۈپ-چۆچۈپ يۈرىدۇ. چىرايىدىن بىچارىلىك، غەمكىنلىك، ياۋاشلىق ۋە دۆتلۈك تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ... بوۋىسىنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسىنى ياش ۋاقتىدا يېزىغا قوشنا يېڭى قۇرۇلغان دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى يېڭىلا كۆچۈپ كەلگەنلەر سۇ تالاشتىڭ، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىلەرگە قارشى تۇردۇڭ،

www.uyghurkitap.com



دەپ قاتتىق ئۆرۈۋەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان شۇنداق بولۇپ قاپتۇ. ئىلگىرى چەبدەس، خۇش خۇي، ئەقىللىك ئىكەنتۇق... مىراۋۇش دادىسىغا ئامراق، لېكىن بوۋىسىدەك ئەمەس، ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر ئاغرىق قويغا ئىچى ئاغرىغاندەك ئىچى ئاغرىيدۇ.

قىرىشقاندەك، ئۇنىڭ بوي تۇرقى ۋە چىراي-ئۆڭىنىڭ بوۋىسىغا ئەمەس، ئاشۇ كېسەل چىراي دادىسىغا ئوخشاپ قالغىنىچۇ ئەتتىگىنەي... مۇنۇ خىيالچان بالىنىڭ ئېتى ئېلدوس، شەھەرلىك، مىراۋۇشنىڭ مەھەللىسىدىكى مومىسىنىڭ يېنىغا تەتىل قىلىپ كەلگەن. يېشىنىڭ تەڭ بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ بويى مىراۋۇشتىن خېلىلا ئېگىز. لېكىن، ئۇنىڭ تۇرقى قىز بالىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ-چوڭ، روشەن، چىرايلىق ۋە كۆكۈچ. يۈز ئۆڭى، ئاپئاق ۋە سۈزۈك بوينى. بىلەك-قوللىرى نازۇك ۋە پاكىز، بارماقلىرى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى يېپىپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى يۇمشاق ۋە بۇجغۇر. كالتا ئىشتان، قىسقا پايپاق ۋە چىرايلىق تۇپلىسى بىلەن تېخىمۇ ئۇزۇن ۋە ئاپئاق كۆرۈنىدىغان ئىنچىكە پاچاقلىرى سويىقىنى سويىۋەتكەن قومۇچ پايىسىغىلا ئوخشايدۇ.

ئېلدوسنىڭ خەت يازالايدىغان دېگەن سۆزى بىلەن مىراۋۇش ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قالدى ۋە بىردىنلا ئېلدوسقا ھەۋىسى كەلدى. مىراۋۇش ئوقۇمىغان ئىدى. چۈنكى، مەھەللىدە مەكتەپ يوق ئىدى. ناھايىتى يىراقتىكى كۆكيار مەكتىپىگە بولسا، ئۇ بارالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئوقۇشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كۆكيارغا يەنە ئېشەك مىنىپ بېرىشى كېرەك ئېدى. ئېشەك بىلەن مىراۋۇشتىن ئايرىلسا تەكلەر، ئېنىزدىكى ئېكىنلەر، ئېغىلدىكى قويلار قاراقسىز قالاتتى.

مىراۋۇش ئۆز خىيالى بىلەن يىراقلارغا تىكىلىپ ئېگىز-پەس دەسسەپ كېتىۋاتقان ئېلدوسقا ھۆرمەت ۋە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قارىدى ۋە ئۆزىگە خاس بولمىغان بىر تارتىنىش ئىچىدە دېدى:

— ئەمسە خەت يازە...

ئېلدوس ھەيران بولغاندەك مىراۋۇشقا ئىتتىك بۇرالدى:

— نەگە؟ نېمىگە يازىمەن؟

— مانا. مەيەرگىچۇ؟

مىراۋۇش قولىدىكى تايىقى بىلەن ئايىغى ئاستىدىكى قۇمنى كۆرسەتتى. ھەرقاچان ئۇنىڭ قولىدىن تاياق چۈشمەيتتى. قوي ھەيدىگەندە، ئېشەك ھەيدىگەندە، ئۈزۈملەرنى قۇشقاچلاردىن قورۇغاندا تاياق بولمىسا بولمايتتى. يەنە مەھەللىدە توپ بولۇشۇپ تەرەپلەرگە ئايرىلىپ «قىلىچ» ۋازلىق قىلىپ، «مىلتىق» بىلەن ئېتىشىپ ئوينىغاندا ئاشۇ تاياقنى قىلىچ ۋە مىلتىق ئورنىدا ئىشلىتەتتى. تاياقنىڭ ھېچ كېرىكى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ قولىدا بىر تال تاياق بولاتتى. بۇ تاياقنىمۇ ئەتىگەن مەھەللىدىن چىقىدىغان چاغدا ئېلىۋالغانىدى. ئېلدوس گويا قۇمنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ئايىغى ئاستىدا يېيىلىپ ياتقان قۇمغا قارىدى. ھەئە. ئېلدوس بۇنداق چەكسىز قۇملۇقنى، بۇ قۇملۇقنىڭ قۇمدەك قۇمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. بۇ يەرنىڭ قۇمى شۇنچىلىك ئۇششاق ۋە ئۇۋاق بولۇشىغا قارىماي، شۇقەدەر پاكىز، تال-تال ۋە سۈزۈك ئىدى. يالىڭاچ بولۇپ قۇمغا ئېغىنىساڭمۇ، قۇملۇق يەرنى لېۋىڭ بىلەن ئۆپسەڭمۇ لېۋىڭگە زەررىچە توپا-چاڭ

يېپىشمايتتى. خۇددى ئالتۇن ئۇۋۇقىدەك، كېپەك ئالتۇندەك پاك، پارقىراق، شىر-شىر ئىدى. چۈنكى، بۇ يەر — مۇشۇ قۇملۇق تېخى بۇلغانمىغان، زادىلا بۇلغانمىغانىدى. ئېلدوس كۆزلىرىنى قۇمدىن ئاغدۇرۇپ، مىراۋۇش تەگلەپ تۇرغان تاياقنى قولىغا ئالدى-دە، ئېمدەپ يېزىشنى ئۇيلىنىۋاتقاندەك قۇمغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

شۇ كەمدە ئالدىغا خېلىلا ئۆزاپ كەتكەن يەنە بىر بالا — تۇرەك پىت يىراقتىن ۋارقىرىدى:

— مەيەرگە كېلىڭلار باللار... مەن... مەن... سىلەرگە...

تۇرەك پىت ھەممىدىن قاۋۇل ۋە ئېگىز. ئۇنىڭ يېشى مىراۋۇشتىن ئۇنچە چوڭ بولمىسىمۇ، مىراۋۇشقا قارىغاندا جىق نەرسىنى بىلىدۇ — تاماكا چېكىدۇ. ناخشا ئېيتىدۇ. ئېيتقاندىمۇ كېتىۋاتقانلار ئۇرنىدا بىر توختىغۇدەك ناخشا ئېيتىدۇ. يەنە مەھەللىدە نامى بار كەپتەرۋاز تېخى! ئۇنىڭ كاتىكىدىن مۇشۇ ئەتراپتا ئۇچرايدىغان ئۆي كەپتىرىنىڭ سورتلىرىنىڭ ھەممىسىلا تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلىرىنى تۇتۇۋالغان. ئوغرىلىۋالغان — كەپتىرىنى ئازنا بازارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ-دە. يەنە ئاخشىمى بېرىپ ئوغرىلاپ كېلىدۇ. ئەتىسى يەنە ساتىدۇ... ئۇنىڭ ئەگىم ۋە قارا قاشلىرىغا يېقىنلا جايلاشقان ئورا كۆزلىرىدە، ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئۇچى بۇركۇت تۇمشۇقىدەك ئەگمەچ بۇرۇنلىرىدا! ، ئېپىز. لېكىن قىز بالىنىڭكىدەك قىپقىزىل رەڭلىنىپ تۇرىدىغان شۆپۈك لەۋلىرىدە ھەرقاچان بىر قۇۋلۇق يوشۇرۇنۇپ جىلۋىنىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسى ئىككى يەردە — دادىسى مىراۋۇشلارنىڭ شاقۇر دېگەن مەھەللىسىدە، ئاپىسى قاراسۇدا. دادىسىنىڭ خوتۇنى بار. ئاپىسىنىڭ ئېرى بار. دادىسىنىڭمۇ، ئاپىسىنىڭمۇ يەنە باشقا باللىرى بار.

— بۇ يەرگە كېلىڭلار! مەن... مەن بىر نەرسىنى... — ئۇنىڭ ھايقىرتىشى مىراۋۇش بىلەن ئېلدوسنى ئالدىراتتى. ئۇلار دېمىسىمۇ بىر خىل ياتسىراشتىن (بۇ تۇيغۇ ئېلدوسنىڭ خەت يېزىشنى بىلمەن، دېگىنى سەۋەبلىك، كۆپرەك مىراۋۇشنىڭ كۆڭلىدە روي بەرگەنىدى) بىزار بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. تۇرەك پىتنىڭ ھايقىرىشى ئۇلارنى، بولۇپمۇ مىراۋۇشنى بىر خىل ئەسكى تۇيغۇدىن — يۈرىكىدە پەيدا بولۇۋاتقان قىزغىنىش، كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسىدىن يۇلقۇندۇرۇپ چىقتى. ئۇ تۇرەكنىڭ ۋارقىرىغىنىدىن خۇشال بولدى-دە، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ شۇ تاپتا يۈرىكىدە بىخلىنىۋاتقان يامان تۇيغۇلاردىن ئېمشقىدۇر نومۇس قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئېلدوسنى چاقىرىشنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە يۈگۈرۈشنى كۈتۈشكىمۇ تاقەت قىلالمىدى. يۈزىنى، چىرايىنى، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئېلدوسقا گەپمۇ قىلماي ئالدىغا — تۇرەكنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈردى. ئارقىدىن ئېلدوسمۇ يۈگۈردى.

ئۇلارنىڭ پۇتلىرى يۇمشاق قۇمغا پاتاتتى. خۇددى پاتقاق ئىچىدە يۈگۈرگەندەك ئاياغلىرىنى يەر ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ يۈگۈرۈشىگە توسقۇن بولاتتى.

— قاراڭلار، بۇ نېمە؟ — تۇرەك پىت تەڭلا دېگۈدەك يېتىپ كېلىپ، ئىتتىك قاچقان بالىدەك ھاسىراپ تۇرغان مىراۋۇش بىلەن ئېلدوسقا قولىدىكى بىر نەرسىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ ئىككىسى دەررۇ ئارقىسىغا داجىشتى. ئۇنىڭ قولىدا قۇيرۇقى ئاچىماق بولۇشقا باشلىغان بىر كەسلەنچۈك پۇلاڭلاپ تۇراتتى. كەسلەنچۈك تىرىك ئىدى. ئۇنى تۇرەك پىتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قانداقسىگە تۇتۇۋالغانلىقىنى ھېچ چۈشىنىپ بولمايتتى. بۇنچىلىك چوڭ كەسلەنچۈك بار دەپ ئۇلارنىڭ ئاڭلىغىنى بولمىسا، تېخى كۆرگىنى مۇشۇ ئىدى. شۇڭا ئۇلار چۆچۈپ داجىشتى.

— مانا، قاراڭلار بۇ نېمە! بۇ كېلە، كېلەنى بىلەمسىلەر! كېلە دېگەن كەسلەنچۈكنىڭ بوۋىسى، كەسلەنچۈك بەك قېرىپ كەتسە كېلە بولىدۇ. كەسلەنچۈك قۇرت-قوڭغۇز يېسە، كېلە ئاپتاپ يەيدۇ. كۈننىڭ نۇرىنى يەيدۇ. ئۇ كۈنگە قاراپ بەش كۈن، ئون كۈن ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇبادا كۈن چىقماي قالسا ئادەمنى يەيدۇ. ئادەمنىڭ بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىگە ماۋۇ ئاچماق قۇيرۇقىنى تىقىدۇ-دە، قورسىقىنى ئادەمنىڭ ئاغزىغا چىڭ چاپلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم نەپەس ئالالماي تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ. كېلە بولسا، ئۆلۈكنى ئالدىرىماي، چۆل ئاپتىپىغا قاقلاپ ئولتۇرۇپ، بىر چىشلەمدىن، بىر چىشلەمدىن يەيدۇ... بۈگۈن ئاسماندا كۈن بولمىغاچقا بىزنى يېيىش ئۈچۈن كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. مەن كاپپىدە قىلىپ تۇتۇۋالدىم. بولمىسا... مانا ئىشەنمىسەڭ ھازىرلا بىرىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ قويۇپ بەرسەم...

ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ۋالاقلاۋاتقان تۇرەك پىت قولىدىكى پىلتىڭلاپ-يۇلقۇنۇپ تۇرغان كېلەنى ئۇشتۇمتۇت ئېلىدوسنىڭ يۈزىگە قارىتىپ پۇلاڭلاتتى. تۇرەكنىڭ قورقۇمسىزلىقى، ئۇنىڭ قولىدىكى جانىۋارنىڭ سەت تەلەتىدىن ھەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ، ھەم قورقۇپ تۇرغان ئېلىدوس تۇرەكنىڭ پۇلاڭلىتىشى بىلەن نەق تۇمشۇقىنىڭ ئاستىغىلا كېلىپ قالغان «كېلە» دىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر قورقۇنچلۇق چىرقىراش بىلەن تەڭلا ئۆزىنى ئارقىسىغا تاشلىۋەتتى. ئۆزى خۇددى ئېلىدوستەك قورقۇمسىراپ تۇرسىمۇ، ئېلىدوسنىڭ ئاچچىق ۋە بىچارىلەرچە چىرقىرىشىدىن قورقۇنچىنى ئۇنتۇغان مىراۋۇش تۇرغان جايىدىن ئۇخچۇپ بېرىپ تۇرەك پىتنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت سېلىۋەتتى.

— تارت قولۇڭنى، ئوغرى...

تۇرەك پىت گەدىنىگە تەگكەن مۇشتتىن سەلگىنە دەلدۈگۈنۈپ ھازىرلا يىغلاپ كېتىدىغاندەك يۈز-كۆزى ھۆپپىدە قىزىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، ئۆزىگە غەزەپلىك ھومىيىپ تۇرغان مىراۋۇشقا بەتلەندى.

— سا... ساراڭمۇ سەن. نېمىشقا ئۇرىسەن مېنى...

ئۇ سەل تەرسا ۋە تاقەتسىز كۆرۈنسىمۇ نېمىشقىدۇر يەنىلا ھېجىيىپ تۇراتتى.

— تاشلا قولۇڭدىكىنى... ئېلىدوسنى يەنە قورقۇتساڭ سېنى بارغىلى قويمايمىز، ئىككىمىز كېتىۋېرىمىز... — مىراۋۇشنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن ئۇنىڭ بىزەڭلەرچە ھېلىپىرلەپ تۇرغان چىرايى جىددىي تۈس ئالدى:

— ياق، بولدى. ئەمدى قورقۇتمايمەن... بىللە بارايلى. مەن... ئەمدى...

ئۇ ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان كېلەنى ئارقىسىغا يوشۇردى:

— مەن ئەمدى ھېچكىمنى قورقۇتمايمەن...

مىراۋۇش ئۇنىڭغا گۈلۈپ قويدى-دە، ئېلىدوسقا مۇلايىمغىنە دېدى:

— تۇرەك پىت مۇشۇنداق نېمە! شۇڭا باللار ئۇنى پىت دەيدۇ، ئىنەك پىتى! پىتتىن قاچقاندەك ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، سېنى يەنە بوزەك قىلسا ئۇنى ھايدىۋېتىپ

ئىككىمىز كېتىۋېرىمىز.

تۆرەك قولىدىكى كېلەنى قويۇۋەتتى، كېلە سىرغىپ، سويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى-دە، هايت-هۇيت دېگۈچە كۆزدىن يوقالدى.

شۇنداق، تۆرەك پىتنى باللار ئارىغا ئالمايدۇ. ئۇ كەپسىز. ئۇ هېچكىمدىن هېيىقمايدۇ. تېخى 12 ياش تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭغان قىز باللارنىڭ ئارقىسىدىن سەت ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. ئىت باقىدۇ. ئىت تالاشتۇرىدۇ. توخۇم چېكىشىپ توخۇم ئۇتىدۇ. توخۇ-كەپتەر، ئۆزۈم، قوغۇن ئوغرىلايدۇ. بۇ يەردە ئۆزۈم، قوغۇنغۇ تولا، ئۆيى بېسىپ ئۆزۈم، قوغۇن بار. لېكىن، باللار يەنىلا ئوغرىلاپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىزىق بولىدۇ-دە! شۇنى بىلىپ تۇرۇپ بىر-بىرىنىڭكىنى ئوغرىلايدۇ. بىر كۈنى توپ بولۇپ بىرىنىڭكىنى، يەنە بىر كۈنى بىرىنىڭكىنى... ئەمما كەپتەر، توخۇ ئوغرىلاش بەك ئەيىب ئىش. بۇنداق ئۇياتلىق ئىشنى پەقەت تۆرەك پىتلا قىلىدۇ. شۇڭا باللار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەهەللىلىك بولسىمۇ، باللارغا يات بىلىنىدۇ. باللار ئارىغا ئالمىغاچقا ئۇ كۆرگەنلا بالىغا يېقىنچىلىق قىلىدۇ. بىللە ئوينىماش ئۈچۈن باللارغا كەپتەر توخۇمى بېرىدۇ، باچكا سوۋغا قىلىدۇ. باللار ئۇنىڭدىن قاچقانسېرى باللارغا پىتتەك يېپىشىپلا يۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، يا بولمىسا، كىر يۇيۇپ بېرىدىغان ئاپىسى بولمىغاچ بويۇن-گەدەنلىرىدە پىت ئۆملەپ يۈرگىنىنى باللار كۆرۈپ قېلىشقانمىكىن، ئەيتاۋۇر ئۇنى. «تۆرەك پىت» دەپ چاقىرىشىدۇ. بۈگۈن، ياق، ئاخشام، ئېلدوس بىلەن مىراۋۇشىنىڭ تۇنۇگۈنكى سەپەر توغرىسىدىكى مەسلىهەتىگە تۆرەك پىت تەرەپپىللا ئارىلىشىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ مەن سىلەر بىلەن بىللە باراي دېگىنىگە ماقۇل بولۇپ ئۇنى ئېلىۋالغانىدى. يەنە كېلىپ تۆرەك پىت قومۇلۇقنى ۋە قۇمنى بىلەتتى. ئۇ ئالا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ ئادەمنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ بۇ قومۇلۇققا بىرقانچە قېتىم كىرگەنىدى. هەتتا ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىدا قونۇپ كەلدىم دەپ هاپپازلىق قىلغانىدى. شۇ قېتىمدا تېخى بىرتال چاقماق ئالغاچ كەپتۇ. گاز چاقماقمىش. ئۇلار ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپتۇمىش. لېكىن، مىراۋۇش بۇ چاقماقنى تۆرەكنىڭ ئوغرىلاپ كەلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭچە چوڭلار هەرگىزمۇ باللارغا تاماكا چەككىن دەپ چاقماق سوۋغا قىلمايتتى. قورقۇپ كەتكەن ئېلدوس مىراۋۇشىنىڭ رىغبىتى بىلەن ئورنىدىن قوپتى ۋە بىر چەتتە هىجايغىنىچە قاراپ تۇرغان تۆرەك پىتقا ئەلەم بىلەن هومىيىپ قويدى.

— ماڭايلى، كەچ قالغىلى تۇردۇق، — مىراۋۇش بۇ ئەترەتنىڭ تەبىئىي رەهبىرى بولۇپ قالغانىدى. تۆرەك ئۇنىڭدىن هېيىقسا، ئېلدوس ئۇنىڭغا سەهرا بالىسى، مەندىن كۈچلۈك دەپ ئىشىنەتتى.

ئۇلار ئۇنچىقماي مېڭىپ كېتىشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىملىق ئۇزۇنغا بارمىدى. گەپنى مىراۋۇش باشلىدى.

— بىر خەت يېزىپ باقىمىنە، كۆرۈپ باقاي، قانداق يازسەنكىن.

ئېلدوس خىيالىدىن. ئويغاتقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىزار بولغاندەك ئۇنىڭغا بىلىنەر-بىلىنمەس هومىيىپ قويدى. بايىقى قورقۇنچ ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئۇنىڭ كۆڭلىدىن

www.uyghurkitap.com



تېخى چىقىپ بولالمىغانىدى.

— خەت دېگەننى قانداق يازاتتى، خەت يازغاندەك يازىدۇ، شۇ! — دېدى ئۇ تەرسالىق بىلەن.

— ھېلىمۇ يېزىپ باقمامسەن؟ — مىراۋۇش خۇددى گۇناھ قىلىپ قويغاندەك تەڭقىسلىق ئىچىدە يەنە دېدى.

ئېلدوس مىراۋۇشنى ياراتمىغاندەك نېپىز لەۋلىرىنى سەلگىنە قىشايتىپ:

— شۇنچە بولغىچە خەت يازغاننى كۆرمەپتىكەنسەن-دە! ئەكەل تاياقنى، خەت دېگەننى مانا مۇنداق يازىدۇ... — دېدى.

ئۇ مىراۋۇشنىڭ قولىدىن ھېلىقى تاياقنى ئېلىپ، پاكىز، قاتتىق قۇم يۈزىگە تىكلەندى، لېكىن نېمە دەپ يېزىشنى بىلمەي تاياقنى تۇتۇپ يەرگە ئېڭىشكىنىچە تۇرۇپ قالدى. مىراۋۇش بىلەن تۇرەك پىتمۇ قوشۇملىرىنى تۈرگىنىچە نېملەرگىدۇر باش قاتۇرۇشتى ۋە بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلغاندەك جىددىي قىياپەتتە ئۇنىڭ بەكمۇ روشەن، كۆكۈچ ھەم چىرايلىق كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

بىر كەمدە ئېلدوس بېشىنى ئۇشتۇمتۇت كۆتەردى-دە، ئۆزىگە بىرخىل قىزىقىش، تاقەتسىزلىك ئىچىدە قاراپ تۇرغان مىراۋۇش بىلەن تۇرەككە قاراپ قۇۋۇلارچە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدە قىيىن بىر تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىۋالغان، لېكىن بۇنى دەررۇ ئاشكارىلىغۇسى كەلمىگەن بالىنىڭ بىر خۇپىيانە شادلىقى ئەكسلىنەتتى. مىراۋۇش بىلەن تۇرەك ئېلدوسنىڭ چېھرىدىكى خۇش خۇيلۇقنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈمىدلىنىپ ئۇنىڭ يەرگە سوزۇلغان تايىقىنىڭ ئۇچىغا دەررۇ ئېڭىشتى.

ئېلدوس تايىقىنىڭ ئۇچىدا نەچچە كۈندىن بۇيان ياغقان يامغۇردا نېپىزگىنە قاتقان قۇمنىڭ سىيلىق يۈزىگە ھەۋەس ۋە ئىشتىياق بىلەن جىجىدى.

ئېلدوس ئاستىنقى لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالغانىدى. ئۇ خەت يېزىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ، بىلىنەر-بىلىنمەس سەپكۈنى بار بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى جىمىرلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن تاياق بىلەن چوڭ خەت يېزىشقا ئادەتلەنمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە خەتنى يېزىپ بولۇپ مەمنۇنىيەت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ مىراۋۇش بىلەن تۇرەككە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن گويا ناھايىتى بىر مۇشكۇل ئىشنى نەتىجىلىك ئورۇنلىغان بىر شەرەپ ئىگىسىنىڭ ئىپتىخارلىقى بىلىنەتتى.

— ئوقۇپ باقە، — مىراۋۇش جىددىي قىياپەتتە مۇلايىمغىنە سورىدى.

ئېلدوس ئوقۇدى:

— بەگقۇلبەگ، كۆركلە ئىنە.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. مىراۋۇش بىلەن تۇرەك ئېلدوسقا تەڭلا قاراشتى.

— بەگقۇلبەگ، كۆركلە ئىنە.

مىراۋۇش بىلەن تۇرەك تەڭلا تەكرارلىدى. ئۇلار خۇددى بىر نەرسىدىن چۆچۈپ كەتكەندەك قولىدىكى تايىقىغا تايىنىپ پەرۋاسىز ھالدا ئۇلارغا قاراپ تۇرغان ئېلدوسقا

چەكچىيىشتى. شۇ دەمدە ئېلدوسنىڭ كۆزلىرى، ئۇنىڭ ئاشۇ قىز بالىدەك چىرايى، ئۇنىڭ ئىنچىكە، سوزۇق ئاق بىلەكلىرى، ياق. ئۇنىڭ قولىدىكى ئاشۇ تاياقمۇ ئۇلارغا سىرلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار ئېلدوسقا بىر خىل ھودۇقۇش ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە كۆز تىكتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تېخى تۇنۇگۈنلا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جانسىز، ئەركە ۋە ئاگرا كۆرۈنگەن بۇ شەھەرلىك بالا شۇ تاپتا بىردىنلا باشقىچىلا تۈيۈلۈپ كەتكەندى. شۇنداق بولمايچۇ؟ ئۇ خەت يازالايدىكەن-دە! مىراۋۇش بولسا ھەممىنى قىلالايمەن، دەپ ئويلايدۇ ۋە قىلىشقا جۈرئىتى يېتىدۇ، لېكىن شۇ خەتنى يازالمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە مەكتەپ يوق. مەكتەپ بەك يىراقتا، ئۇنچىلىك يىراققا بېرىپ ئوقۇيالمايدۇ. بوۋىسىغا ياردەملىشىپ ئېتىز ئىشلىرىغا قاراشمىسا بولمايدۇ، يەنە تېخى ھېلىقى قېرى مىدىسىنى مىنىپ بېرىشى كېرەك. ئۇ قېرى مىدە ئۆيىنىڭ، ئېتىز-قىرىنىڭ ھەممىلا ئىشىنى زىممىسىگە ئالغان... ئۇ بەگقۇلبەگنى، كۆركەلە ئىنىنى بىلىدۇ. بۇ يېزىدىكى ھەممىلا ئادەم بىلىدۇ. خۇددى ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى بىلگەندەكلا بىلىشىدۇ. چۈنكى، ھەممىلا بوۋىلار، ھەممىلا بوۋايلار نەۋرىلىرىگە ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ زور ئىشتىياق بىلەن، ھەركۈنى دېگۈدەك بۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ-دە! لېكىن... ئۇ ماۋۇ بالىدەك، «بەگقۇلبەگ...» دەپ يېزىشنى بىلمەيدۇ. ئەتتەڭ... ئۇمۇ يازالىغان بولسا-ھە؟ ئۇ چاغدا... ئۇ بەگقۇلبەگنى پات-پات چۈشەپ قالىدۇ. بەگقۇلى ھەممىلا بالىلارنىڭ چۈشىگە كىرىۋېرەمدۇ ياكى پەقەت ئۇنىڭلا چۈشىگە كىرەمدۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، لېكىن ئۇ كۈندىلا دېگۈدەك بەگقۇلنى چۈشەيدۇ...

— قاراڭلار بالىلار... مەنمۇ... مەنمۇ يازالايمەن...

تۆرەك پىت نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك ئۈشتۈمتۇت تۇۋلىۋەتتى. ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش تۆرەك پىتقا ھەيران بولۇشۇپ قاراشتى. تۆرەك پىت كۆك خادانى ئىشتىنىنىڭ يېرىم-ياتا ئۇچۇق تۇرغان ئالدىنى يېشىپ، چۈلدۈرىنى شارتتىدە چىقاردى-دە، سىلىق قۇم يۈزىگە قاتتىق بېسىم بىلەن جىڭغىغلى تۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن جىڭغىغاچ، بىر تەرەپتىن بارمىقى بىلەن قوينىڭ سىڭىرىدەك قېتىپ تۇرغان چۈلدۈرىنىڭ يېڭى ئۈزگەن، ياق، شۆپۈكى بىلەنلا پىشۇرۇلغان يېڭى دادۇردەك ئېسىلىپ تۇرغان چۈلدۈرىنىڭ خەتىنلىكىنى كۆرسەتكۈچ ۋە نامسىز بارمىقى بىلەن قىسىۋېلىپ ئۇياق-بۇياققا ئايلاندۇردى. كۈچلۈك بېسىم بىلەن يېپچە بولۇپ جىڭقىلىۋاتقان قىزىق سۈيدۈك قۇملۇق يەرنىڭ بېتىدە بىر خىل شەكىل قالدۇرۇپ قۇمغا دەررۇ سىڭمەكتە ئىدى. مىراۋۇش بىلەن ئېلدوس تۆرەك پىتنىڭ سۈيدۈكى بىلەن سىزىۋاتقان شەكىلگە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرۇشتى. ئاخىر تۆرەك پىتنىڭ سۈيدۈكى تۈگىدى. قۇم يۈزىگە ئاموتسىمان بىر يۇملاق — سوقچاق نەرسىنىڭ شەكلى چىقتى. تۆرەك پىت سۈيدۈكىنىڭ قالدۇقىنى ئىشتىنىنىڭ ئالدىغا تېمىتقىنىچە چۈلدۈرىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە ھەمراھلىرىغا قاراپ ھىجايدى.

— نېمە بۇ؟ — سورىدى ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش تەڭلا. تۆرەك پىت بىر كۆزىنى قۇۋۇلارچە قىسىپ قويدى:

— مۇشۇنىمۇ بىلەلمىدىڭلارمۇ؟ بۇ دېگەن، بۇ دېگەن يۈرەك تاغ...

ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش ھەيران بولغاندەك، بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ،

ئوخشامدۇ-يوق دېگەندەك ھېلىقى شەكىلگە سىنچىلاپ قارىدى.
— ئوخشاپتىمۇ؟ — سورىدى تۇرەك پىت مەغرۇرلىنىپ.
مىراۋۇش لىۋىنى پۈرۈپ، يارىتمىغاندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى:
— ياقەي، شاپتۇلغا، ياق شوخولەككە ئوخشاپ قاپتۇ.
— سەن سىزىپ باققە ئەمىسە... نوچى بولساڭ... — تۇرەك پىت قايىل بولماي مىراۋۇشقا ھومايدى.
— سىزماي ئەمىسە... مەن سىزمايمەن... ياسا... ياسايمەن.
شۇ گەپ بىلەن تەڭ مىراۋۇش ئىشتىنىنىڭ ئالدىنى يېشىپ چۈلدۈرىنى چىقاردى-دە، تۇرەك پىت سىزغان شەكىلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كوركۈرىتىپ جىڭغىغلى تۇردى. لېكىن، تۇرەك پىت قىلغاندەك چۈلدۈرىنى ئايلاندۇرماي بىر يەرگىلا سىيىۋەردى. بۇنى كۆرۈپ ئېبلدوسمۇ كالتە ئىشتىنىنىڭ ئالدىنى يەشكىلى تۇردى ۋە بىر ھازا ھەپىلىشىپ كىچىككىنە ۋە ئاپئاق كەلگەن چۈلدۈرىنى چىقاردى ھەم مىراۋۇش جىڭغىغان يەرنىڭ يېنىغىلا جىڭغىدى. خەتنىلىكى راۋۇرۇس قىلىنمىساچقا ئۇنىڭ چۈلدۈرىنىڭ خەتنىلىكى يېرىم ئۆرۈلۈپ تۇراتتى ۋە نېمىشقىدۇر بىر تەرىپىگە خېلىلا مايماق ئىدى.



— قارا ئېبلدوسنىڭ چۈچىقى مايماق ئىكەن... — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى باياتىدىن بېرى مىراۋۇشنىڭ «ھۈنىرى» نى كۆرمەك بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈرگىنچە ئۇنىڭ ئىشىغا قادىلىپ قاراپ تۇرغان تۇرەك پىت قولى بىلەن ئېبلدوسنىڭ چۈلدۈرىنى كۆرسىتىپ.
ئېبلدوس خۇددى ئۆزىنىڭ چۈلدۈرىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك بېشىنى پەس قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە غودۇڭشىدى:
— سېنىڭچۇ؟ سېنىڭمۇ مايماققۇ؟ — ئۇنىڭ ئاق سۇزۇك يۈزى ھويىپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغان بىر قىياپەتتە گويا ياردەم تىلىگەندەك مىراۋۇشقا قارىدى. مىراۋۇشمۇ دەم ئۆزىنىڭ، دەم ئېبلدوسنىڭ چۈلدۈرىغا قاراپ قويۇپ كۈلگىلى تۇردى:

— راستىنلا مايماق ئىكەن، شەھەرلىكلەرنىڭ چوچقى مايماق ئىكەن... ھى ھى ھى... شەھەردە خەتنە قىلالمايدىكەن.

تورەك پىت چولدورنى يەنە چىقاردى.

— مانا، قارا مېنىڭ دېگەن تاياقتەك توپتوز تورمامدۇ...

ئېلدوس ئىزادىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

مىراۋۇش بىردىنلا تازا كوچەپ جىڭغىغلى تۇردى:

— قايسىمىز ئۆزۆنغا جىڭغايمىزكىن قېنى، — شۇنىڭ بىلەن بايىقى گەپ ئۆزۆلدى. ئېلدوس كۆزىنى تورەكنىڭ چولدوردىن ئېلىپ مىراۋۇشنى دوراپ كوچىنىپ جىڭغىغلى تۇردى. ئولارنىڭ سويدۇكلىرى ئىككىتال گورزىنتال مونچاق تىزمىسى بولۇپ ئەگمە ھالەتتە شوڭغۇشقا باشلىدى.

مىراۋۇش ئېلدوسقا قارىغاندا سەلگىنە بۇرۇن جىڭغىغاچقا، ئۇنىڭ سويدۇكى ئازلاپ جىڭغاش ئارىلىقى ئېلدوسنىڭكىدىن قىسقا چىقىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ تورەك پىت چوقان سالدى:

— مىراۋۇشنىڭ قىسقا... مىراۋۇش ئېلدوستەك ئۆزۆنغا جىڭغىيالمايدىكەن.

ئەمدى مىراۋۇشمۇ ئىزادىن قىزىرىپ كەتتى، ئۇ بىردىنلا تورەككە ھۇرپەيدى:

— سەنچۇ؟ سەن جىڭغاپ باقە... قېنى.

تورەك پىتمۇ ئۇنىڭغا ھومايدى.

— جىڭغىماي ئەمسە، ھەممىڭدىن ئۆزۆن جىڭغايمەن، قارا مېنىڭ چوچقىم ھەممىڭنىكىدىن ئۆزۆن ھەم توم...

ئۇ كوچەندى. ئۇنىڭكىدىن ئازراقلا سويدۇك چىقىپ بىر غىبىرچ بارا-بارمايلا سويدۇكى ئۆزۆلدى. بۇنى كۆرۈپ مىراۋۇش بىلەن ئېلدوس تەڭلا ۋارقىراشتى:

— ئوھوي... جىڭغىيالمىدى... ئاران بىر غىبىرچلا.

— تېخى بىر غىبىرچمۇ ئەمەس. تېخى يوغان گەپ قىلسىنا...

تورەك رەللە بولغىنىدىن ھوپپىدە قىزىرىپ، ئىنجىقلاپ تېخىمۇ كوچەندى. لېكىن ئۇنىڭدىن سويدۇك چىقمىدى.

— مەن ئابايا سىيىپ بولغان تۇرسام... سويدۇكىم توگىگەن تۇرسا، ھېلى قاراپ تۇرۇڭلار-ھە، مەن ھەممىڭلاردىن ئۆزۆنغا جىڭغىيمەن... — تورەك كۆلۈۋاتقان ئىككىسىگە قاراپ ھومىيىپ غودۇڭشىدى. بولۇپمۇ ئېلدوس تورەكنىڭ ئەتتىنى ئېلىۋاتقاندەك جىنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىماقتا ئىدى.

مىراۋۇش سىيىپ بولۇپ، چولدورنى يىغىشتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزى سىيىپ ھۆل قىلغان قۇمنىڭ يېنىغا يۈكۈندى-دە، قىزىق سويدۇك ئەمدىلا سىڭىپ بولغان ھۆل قۇمنى ئوچۇملاپ پوم قىلىپ بىر خىل شەكىل ياساشقا كىرىشتى. بۇنى كۆرۈپ ئېلدوسمۇ زوڭزايدى ۋە ئۇ ھۆل قۇمنى يىغىپ پوملىغلى تۇردى.

— مانا مەن ياساپ بولدۇم... — مىراۋۇش ئورنىدىن تۇردى.

— نېمىنى ياسىدىڭ؟ — تورەك ئېگىشىپ قارىدى.

مىراۋۇش ئۆرۈك مېغىزى شەكلىدە بىر خىل پىرامىدا ياسىغانىدى.

— نېمەك بۇ؟ — تۇرەك قوشۇمسىنى تۇرۇپ سورىدى.
— يۇرەك تاغ... قاراپ باقە، ئوخشامدىكەن؟
— مانا مەنمۇ ياساپ بولدۇم، — ئېلدوسمۇ ئورنىدىن تۇردى.
— سېنىڭ نېمە؟
— مېنىڭمۇ يۇرەك تاغ! قاراپ باقە!

ئېلدوسمۇ مىراۋۇش ياسىغان پىرامىداغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر پىرامىدا ياسىغانىدى. باللار دەررۇ ئۆزلىرى ياسىغان پىرامىدادىن كۆزلىرىنى ئۈزۈپ ئالدى تەرەپكە، چۆل ئاسمىنىنى تۇگەل قاپلاپ تۇرۇلۇپ ياتقان قاپقارا بۇلۇتنىڭ كۆل رەڭ سايىسى ئاستىدا يىراقتا غۇۋا قارىيىپ تۇرغان بىر تۆپە تاغقا ئىنتىلىپ قاراشتى. بۇ غەلىتە تۆپە تاغ، خۇددى قۇملۇقتىن ئۆسۈپ قالغاندەك، بىپايان قۇملۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قارىيىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا، ئالدى-كەينىدە باشقا تاغ ياكى ئېدىر يوق ئىدى. ئۇ چەكسىز دېڭىز بىلەن ئورالغان بىر كىچىك يالغۇز ئارالدەك يىگانە ئىدى.

باللار چۇرقىراشتى:
— ئوخشاپتۇ... مەن ئوخشاتتىم...
— مەنمۇ ئوخشىتىپتىمەن...

تۇرەك پىتمۇ يىراقتا تىكىلگىنىچە ۋارقىرىدى:
— مەنمۇ ئوخشىتىپ سىزىپتىمەنغۇ، مانا.
— يۇرەك تاغ، يۇرەك تاغ ئەنە. يۇرەك تاغ...

باللار خۇشال چۇرقىرىشىپ، خۇددى ئالدىدىكى كۆرۈنگەن تاغقا ھازىرلا يېتىپ بارىدىغاندەك شاۋقۇن-سۈرەن ئىچىدە تاغ تامان قىيغىتىپ چېپىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

## 2 - باب

يەرۇ زېمىن پەيدا بولغاندا ئۇيغۇر قەۋمى بۇ زېمىنغا ئاپىرىدە بولغانىكەن، شۇ پايانى يوق قۇملۇق قۇملۇق ئەمەس، سۇلىرى شارقىراپ، دەل-دەرەخلەر يايراپ تۇرىدىغان بىر باياشاد بوستانلىق ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ بوستاننى گۈللىتىپ ئاۋۇغان، كۆچەيگەن، زورايغان ئىكەن. نوھنىڭ ئوغلى تۈرك، تۈركنىڭ بوغۇنى بۆكۈخان، بۆكۈخاننىڭ بوغۇنى ئافراسىياپ، ئافراسىياپنىڭ بوغۇنى ئوغۇزخان، ئوغۇزخاننىڭ بوغۇنى بەگقۇلبەگ (بەگقۇلبەگ ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى كۆكبۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن) لەر ئۇيغۇرلارغا بوغۇن-بوغۇندىن، قەرنەدىن تارتىپ باش بولۇپ كېلىۋاتقانىكەن.

بەگقۇلبەگ زامانىغا كەلگەندە بۇ يەرلەرگە ياتنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. يەجۇجى-مەجۇجلەر بۇ زېمىنغا بېسىپ كىرىپ، تىنچ ئاسايىش ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئېلىنى پاراكەندە قىلىشقا كىرىشىپتۇ. شۆھرەتلىك ۋە قۇدرەتلىك ئۇيغۇر كىروران ئېلىنىڭ مەشھۇر نەركەنى (خاقانى) بەگقۇلبەگ ئاباق بوۋىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەلنى ئايىغقا تۇرغۇزۇپ قۇدرەتلىك كۈچ توپلاپ ياۋلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. جەڭ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپتۇ. ئۆزىنىڭ قالتىس باھادىرلىقى بىلەن ئاتاق ئالغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى

يەجۈجى-مەجۈجلارنى تۇشمۇ-تۇشتىن چۆپ چاپقاندەك قىرىپ تاشلاپتۇ. تىرىك قالغانلىرى ئاللا-تۇۋا قىچقىرىشىپ كەلگەن يېرى تامان قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ باشچىسى ھەممىنىڭ ئالدىدا قېچىپ مېڭىپتۇ. بۇ ئەسلى ئۇچىغا چىققان ئاچكۆز ھېيلىگەر يەجۈجى ئىكەن. ئۇنىڭ ئەپسۇن ئوقۇيدىغان ھۈنىرىمۇ بار ئىكەن. يەجۈجى-مەجۈجلار قاچا-قاچا ھالسىراپ قاپتۇ. ھېلىقى يەجۈجى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىغۇدەك بولسا، بەگقۇلبەگنىڭ جەڭگىۋار يىگىتلىرىنىڭ قىقاس-چۇقانلىرى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەپتۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىنىڭ تۇۋىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزاندىن كۈننىڭ يۈزى تۇتۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ دەھشەتلىك كۈچتىن ئامان قېلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ. بىردىنلا ئۆزىنىڭ بىرچاغلاردا ئۆگەنگەن جىنكەشلىك ھۈنىرى ھېلىقى يەجۈجىنىڭ يادىغا كېچىپتۇ-دە، ئاتا-بوۋا، ئەجدادلىرىنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئەپسۇن ئوقۇپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەپسۇنى كارغا كەلمەپتۇ. بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قورقۇنچلۇق چۇقانلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن يەجۈجى-مەجۈجلەردىن نەچچىسىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئاخىر ھېلىقى يەجۈجى ئۆزى بىلەن بىللە قېچىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ نەزىرى قۇربانلىق قىلىپتۇ. لېكىن ھېچ تۈزۈش كەلمەپتۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بىردىن بىر ئوغلىنىڭ قارنىنى يېرىپ، كاللىسىنى كېسىپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ نالە قىلىپتۇ. بىركەمدە ئاسمان-زېمىننى بىرقارا تۇتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. ئاجايىپ زور بىر غەلىتە ئەجدىھار ئاسماندا پەيدا بولۇپ نەرە تارتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زېمىن تىترەپ قارا بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاسماندىن قۇم-تۇپراق يېغىشقا باشلاپتۇ ۋە ھايت-ھۇيت دېگۈچە شەھەر، بوستان، باغ-ئېرىقلار ئادەم-پادەم، ئات-ئۇلاغ بىلەن قوشۇلۇپ قۇم تۇپراقنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. ئادەملەر توپى-توپى بىلەن ھالاك بولۇشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى يەجۈجمۇ قۇم ئاستىدا جان بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ قەستى ئۆز جېنىغا زامىن بولۇپتۇ. دانىشمەن بەگقۇلبەگ ئاسماندىن قۇم-تۇپراق يېغىشقا باشلىغاندىلا ئەتراپىدىكى بىر بۆلۈك ئادەملەرنى ھېچنېمىگە قارىماي ئۆزىنى دەۋر قىلىپ چۆرگىلەۋېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئادەملەر بەگقۇلبەگنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپتۇ. ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز بولدى دېگەندە بوران توختاپ، كۈن ئېچىلىپتۇ. بەگقۇلبەگ قارىغۇدەك بولسا، پۈتكۈل كروران ئېلى قۇم ئاستىدا ھالاك بوپتۇ. پەقەت 5 — 10 مىڭ ئۆيلۈك ئادەم تىرىك قاپتۇ. بەگقۇلبەگ ئاشۇ ئامان قالغان ئەلنى باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ ئوڭ-سولى ۋە يۇقىرى-تۆۋىنىدە ناھايىتى كەڭرى زېمىننى ئىگىلەپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چوڭ كۈچىنى قارارلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن تېپىشىپ كۈچىنى ساقلاپ قالماق ۋە زوراۋانلىقنى نىيەت قىلىپتۇ. ئۇلار ساقلاپ قالغان ئازغىنە ئات-ئۇلاغ ۋە ئوزۇق-تۈلۈكى بىلەن مۇشەققەتلىك سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، لېكىن بۇ قۇملۇقنىڭ پايانى كۆرۈنمەپتۇ. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئادەملەر چاڭقاشقا باشلاپتۇ. ئېلىۋالغان ئازغىنە سۇ شۇقەدەر تېجىگەنگە قارىماي نەچچە كۈندىلا تۈگەپ كېتىپتۇ. بولۇپمۇ قېرى-چۆرىلەر، كېسەل-ئورۇقلار ۋە كىچىك باللارغا تەس بولۇپتۇ. ئۇلار تەشنالىقتىن نالە-زار قىلىشىپ بىر-بىرلەپ يىقىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، بەگقۇلبەگ كۆچنى ئالغا ئۈندەۋېرىپتۇ. ئاخىر بىر بۇردا نان، بىر تېمىم سۇمۇ قالماپتۇ. بەگقۇلبەگ ئاتلارنى سويۇشقا بۇيرۇپتۇ.

يۈك-تاقلىرىنى ئازغىنا تۆگىگە يۈكلەپتۇ. ئاتلارنىڭ گۆشىنى يەپ قېنىنى ئىچىشىپتۇ، يەنە مېڭىپتۇ، لېكىن توپ يەنە ھالسىراپ قاپتۇ. يۈك-تاقلارنى تاشلىۋېتىپ تۆگىلەرنى سويۇپتۇ. گۆشلەرنى يەپتۇ. قانلىرىنى ئىچىپتۇ، يەنە مېڭىپتۇ. چۆلنىڭ ئايىغى كۆرۈنمەپتۇ. بۇ ئازغىنە گۆش ۋە قان بۇنچە كۆپ ئادەمگە دال بولالماپتۇ. كۆچمەن توپى ئاياغلىرىنى سۆرىشىپ ھەربىر قەدىمىنى مىڭ تەسلىكتە چامداپ يەنە ئالغا مېڭىپتۇ. ئاخىر ئادەملەر ئاچلىق ۋە تەشنالىققا چىدىماي توپ-توپى بىلەن يىقىلىپ قاپتۇ. بولۇپمۇ باللار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى جان ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا بەگقۇلبەگكە غايىبتىن بىر سادا ئاڭلىنىپتۇ. بەگقۇلبەگ قۇلاق سالغۇدەك بولسا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا: «ئەي قەھرىمان يىگىت، قەۋمىڭ ئەمدى ئازۇغىغا پايلىماس، ئۇلارنى ئازابلاندۇرما، سەن دەررۇ تومۇرۇڭنى كەسكىن، قىزىل قانىڭ بىلەن بالا-چۆجىلارنى سۇغارغىن. ئۇلار ئۆلمىسۇن! ئۇلار ئۆلسە ئۇرۇقىڭ قۇرۇيدۇ، ساڭا شۇ تاپتا ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى، ئۆزۈڭنىڭ بارىنى بوغۇنلىرىڭ ئۈچۈن پىدا قىلماقتىن ئۆزگە شەرەپ ۋە يول يوق. ئۆزۈڭ ئۆرنەك بول، بوغۇنلىرىڭ سەندىن تەلىم ئالىدۇ. شۇندا ئۇلار سەندەك پىداكار، ئۆز قەۋمى ئۈچۈن جېنىنى ئاتايدىغان، شىر يۈرەك باتۇر بولۇپ ئۆسىدۇ. ئۇلار بولسىلا سىلەرگە ۋەتەن ئەرك بولىدۇ!» دەۋاتقۇدەك، بەگقۇلبەگ بۇ زۇۋانىنى ئاڭلاپ ھېچ ئىككىلەنمەي توپىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە خەنجىرى بىلەن ئوڭ بىلىكىنىڭ ئانا تومۇرىنى كېسىپتۇ. شۇئان چوغدەك قىزىل قان شارقىراپ ئېتىلىپ ئېقىپتۇ. بەگقۇلبەگ ئەلگە دەپتۇ:

— بىز كۆكبۆرە نەسلىمىز. نەسلىمىزنى ساقلاپ قالماق ئۈچۈن ھەممىڭلار باللارنى ھىمايە قىلىڭلار، مېنىڭ قېنىم ئۇلارنىڭ ساقلاپ قالسۇن، چوڭلار مېنىڭ قېنىمنى ئۇلارغا ئۆتۈنۈڭلار، ئۇلار ئامان قالسۇن! بىلىمەن، ھەممىڭلار تەشنا، ھەممىڭلار ئۇسسۇز، لېكىن نىمە بولۇشتىن قەتئىنەزەر بىز ھەممىدىن كىچىك باللارنى قۇتقۇزۇپ قالايلى! بىزنى شۇلار ساقلاپ قالىدۇ!

چوڭلار كىچىكلەرنى ئالدىغا چىقىرىپتۇ. باللار بەگقۇلبەگنىڭ بىلىكىدىن قان ئىچىپتۇ. بەگقۇلبەگنىڭ قېنى شۇقەدەر سالقىن ۋە شېرىن ئىكەن. قاننى ئىچكەندىن كېيىنلا باللارغا جان كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ يۈزى قىزىرىپ كۆزلىرى نۇرلىنىپتۇ. ئايىغى چىڭ-چىڭ دەسسەپتۇ. شۇ ئارىدا بەگقۇلبەگ ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتەك يورۇپ، كۆزلىرىدىن خۇشلۇق چاقناپتۇ. ئۇ تىرىلگەن باللارغا سەۋىنچ بىلەن كۆز قاراغىنى قادىغىنىچە جان ئۈزۈپتۇ. ئەل قارىلىق تۇتۇپ ھازا ئېچىپتۇ ۋە قۇملۇققا ئۇنى كۆمۈپتۇ.

بەگقۇلبەگنىڭ ئۇتلۇغ ئاتلىق بىر خوتۇنى بولۇپ پۈتكۈل كىروران ئېلىدە ئۇنىڭدەك گۈزەل ئايال يوق ئىكەن. ياش بولسىمۇ ئۇنى پۈتۈن ئەل كۆركلە ئىنە (گۈزەل ئانا) دەپ ئاتىشىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئەل ياقتۇرىدىغان، ھەممىلا كىشى ياخشى كۆرىدىغان، پۈتۈن ئەلگە ئاززۇلۇق، نەسەپ-يىلتىزلىق، پەزىلىتى-ئىنايىتى شۆھرەتلىك بىر سۆيۈملۈك ئانا ئىكەن. بەگقۇلبەگنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۇنىڭغا يورۇق جاھان گۆر بوپتۇ. كۆڭلىنىڭ يۈزى قارىيىپتۇ. ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە قايغۇ بىلەن ئاھ ئۇرۇشىدىن زېمىن

تىترەپتۇ. لېكىن ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئەل ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇپتۇ ۋە ئەلگە قاراپ دەپتۇ: «ئەي ئۇيغۇر ئېلىم، ئىشەنچلىك ۋە بىخەتەر جايلارغا كېتەيلى، نەسىل-نەۋرىمىز قۇرىمىسۇن. كرۇران ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قائىدە-نىزامى يوقالمىسۇن، كرۇران ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇغى يىقىلمىسۇن دېسەڭلار ئالغا يۈرۈڭلار! شۇندىلا باللارنى ساقلاپ قالىمىز، باللار ئامان قالسا ئۇلار بىزنىڭ يىلتىزىمىزنى شاخلىتىدۇ. ئۇرۇقىمىزنى ساقلاپ ئايىنىدۇ، كرۇران ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇغىنى لەپىلدىتىدۇ...» پۈتۈن ئەل ئاياغقا تۇرۇپ كۆركلە ئىنىگە: «ئۇرتاقلۇغ! ئۇرتاقلۇغ! ئۇرتاقلۇغ!» دېگەن چۇقان بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەپەرنى داۋام قىلىپتۇ. ئۇلار يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. كۈن ئۆرتەپ تۇرغان چۆل تۈگىمەپتۇ. ئەلگە ماكان بولغۇدەك بىرەر جاينىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇرۇق-ئاجىزلار سۇسىزلىقتىن ھالىدىن كېتىپ قىرىلىشقا باشلاپتۇ. باللارمۇ باشقىدىن ھالسىراپ قاپتۇ. كۆركلە ئىنە ئەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەك قايغۇرۇپتۇ. ئەلگە شۇ تاپ بىر ماكان تاپمىسام، ئەل ھالاك بولۇپ ئۇرۇق قۇرۇيدۇ، دەپ ئويلىنىپ، بىرەر چارە تېپىشقا تۇتۇنۇش قىلىپتۇ. لېكىن، ھېچبىر چارە تاپالماپتۇ. قارىسا باللار توپ-توپى بىلەن يىقىلىۋاتقۇدەك. ئۇ بۇ ھالغا چىداپ تۇرالماي كۆكبۆرە ئانىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوزلاپ پەرياد چېكىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا كۆكتە كۆكبۆرە ئانىنىڭ سىماسى، يەردە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۆكبۆرە ئانىنىڭ بەرگەن بىشارىتى ئاڭلىنىپتۇ. كۆركلە ئانا دەررۇ ئىسىنى يىغىپ ئۇرسۇلاي ئاتلىق بىر ئوردا باشىنى قىچقىرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ:

— ئەل ساڭا ئامانەت! ئەمدى سەن ئۇلارغا باش بول! بەگقۇلبەگنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلىسەم يالقۇن بولۇپ ئۆرتىنىمەن. ئەلنى، باللارنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك!



www.uyghurkitap.com

سەندىكى نىشان-مەقسەت ھەم شۇ بولسۇن! يۇرۇشنى ئەمدى توختاتقىن، باللار بەك ئاجىز ۋە ھالسىز! پەيت يەتتى، قەۋم-نەسلىمىز مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشسۇن. مۇشۇ يەردە ئەۋلاد-باللىق بولسۇن! ئۆزلىرىنى ئوڭشىسۇن، بەگقۇلبەگنىڭ ۋەسىيىتىنى ھەردەم ئۇلارغا ئەسلىتىپ تۇرغىن، ئۇلار ئۈم-ئىناق بولسۇن، ئۇلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىل! بەگقۇلبەگ پۈتكۈل كروران ئۇيغۇر ئېلىگە ئۆرنەك بولسۇن. شۇ چاغدا كروران ئۇيغۇر ئېلىنىڭ غول يىلتىزى قۇرىمايدۇ. كروران ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوغلانلىرى ھەرزامان بەگقۇلبەگنىڭ ئىلاھىي روھىنى سىڭنسۇن! پەقەت شۇندىلا ئۇيغۇر قەۋمى كۆپىيىدۇ... خەلقى بەختلىك، ھايات ئۆمرى باي-باياشاد، ئېلى ئەركىن ھەم قۇدرەتلىك، ئوغلانلىرى ئېسىل پەزىلەتلىك، غورۇرلۇق بولىدۇ، — كۆركلەئىنە گېپىنى تۈگىتىپ قولىغا تىغ ئاپتۇ-دە، ئەلگە قاراپ، — خەتەرلىك-قورقۇنچلۇق يەرلەر ئارقىمىزدا قالدى. سىلەر بەك كۈچسىرىدىڭلار، ئەمدى بۇ يەرنى ماكان تۇتۇڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن، ئوغلانلار ئۈچۈن ئۆلىمەن: بۇ كۆكبۆرە ئانىنىڭ ئىرادىسى، ئۆلۈمىم ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، مېنى مۇشۇ قۇملۇققا كۆمۈڭلار، — دەپتۇ-دە، قولىدىكى تىغ بىلەن كۆكرىكىنى بۆسۈپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قۇمغا تاشلاپتۇ. كۆركلەئىنەنىڭ قىزىل قېنى شارقىراپ قۇمغا ياماپتۇ. كۆركلەئىنە ئاخىرىدا، — بۇ ماكاننى مەھكەم قوروۋالاڭلار، ھەرقانداق ياۋنى ئاياغ باستۇرماڭلار!... — دەپلا يىقىلىپتۇ. قىپقىزىل يۈرەك شۇ ھامان بىر تاغقا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر قارىغۇدەك بولسا تاغنىڭ ئوتتۇرىسى چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇ يەردە رەڭمۇ رەڭ گۈللەر دولقۇنلىنىپ، دەل-دەرەخلەر گۈۋۈلدىشىپ، بۇلاق سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغۇدەك. تەشنا ۋە ھالسىز ئادەملەر سۇغا ئۆزلىرىنى ئېتىپتۇ ۋە مۇزدەك سۇدىن قېنىپ-قېنىپ ئىچىپتۇ. ھالسىزلار تېتىكلىشىپ، يىقىلغانلار ئورنىدىن قوپۇپتۇ. باللارغا باشقىدىن جان كىرىپتۇ. ئۇلار كۆركلەئىنەنى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆمۈپتۇ ۋە ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ يېنىغا ئوقيا، كاكچە نان، كاۋاپ، بۇغداي، تارغاق، رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان ئاخىرەتلىك كىيىملىك...لەرنى قويۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ يەر «يۈرەك تاغ» دەپ ئاتىلىپتۇ. زامان-زاماندىن، قەرنە-قەرنەدىن بۇيان كروران ئۇيغۇرلىرى بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ ياشاپتۇ. ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىپتۇ...

بۇ يىراق قەدىمدىن رىۋايەت قىلغۇچى يەنە ئاخىرىدا دەيدۇكى: يۈرەك تاغدا ھېلىمۇ بۈك-باراقسان دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە تۈرلۈك قۇشلار، بولۇپمۇ ساناقسىز كۆك كەپتەرلەر ماكان قىلغان. سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئۇرغۇپ ئاقىدۇ... لېكىن بۇ يەر كېيىنكى زامانلاردا نېمشقىدۇر تاشلىنىپ قاپتۇ. ئادەملەر نېمشقىدۇر بەگقۇلبەگنى، ئۇنىڭ ئۇتلۇغ ئاتلىق خوتۇنىنى — ئۆزىنىڭ قېنى بىلەن ئەلنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كروران ئۇيغۇر ئېلىگە ۋەتەن قىلىپ بەرگەن ئەجدادىنى يادىلىرىدىن چىقىرىشىپتۇ. قىپقىزىل يۈرەكتىن پۈتكەن ۋەتەننى يادىلىرىدىن چىقىرىشىپتۇ...

## 3- باب

ھەممە ئىشنى كۆرگەنلا نەرسىگە ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالىدىغان ۋە خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ باققۇسى كېلىدىغان مۇنۇ شەھەرلىك بالا ئېلدوس تېرىدى.

شاقۇرلۇقلار ھېكايە-رىۋايەتكە بەك ئۇستا ئىدى. ئۇ، مەھەللىدىكى ھەربىر باغ، ھەربىر ئېرىق، ھەربىر تام توغرىسىدىمۇ ھېكايە، رىۋايەت بارمۇ-نېمە دەپ ھەيران قالدى. دېمىسىمۇ بۇ يەردىكىلەر تاغ توغرىسىدا، باغلار توغرىسىدا، بۇ باغلاردا چىقىدىغان ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۈجمە، جىگدە، ئۈزۈم-قوغۇن، تاۋۇز توغرىسىدا ھېكايە سۆزلىيەلەيتتى. ئۇلارچە بولغاندا ئۈجمە بىلەن جىگدىنى شاقۇرلۇقلار شاقۇرنى يېڭى بىنا قىلغان ئۇزاق ئۆتمۈشتە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەكىلىپ بەرگەنمىش. ئۇ: « ئۈجمە جەننەتنىڭ مېۋىسى، مېۋىسى سىلەرگە ئوزۇق بولسۇن، ياپرىقىدا پىلە بېقىڭلار، غولىنى قۇرۇتۇپ دۇتار، تەمبۇر ياساڭلار ...» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاقۇرلۇقلار بۇ جەننەتنىڭ مېۋىسىنى پۈتۈن ئېتىز-قىرلارغا تىكىۋېتىپتۇ. دېگەندەك قارىغۇدەك بولسا، بۇ مېۋە ھەممە مېۋىدىن ئىلگىرى مېۋىگە كىرىدىكەن. باشقا مېۋىلەر پىشقىچە ئارقا-ئارقىدىن پىشىپ تۆكمە بولۇپ تۇرىدىكەن. قىشلىق ئوزۇق-تۈلۈك ئاياغلىشىپ، ئېتىزدىكى يېڭى ئاش چىققۇچە ئادەملەر ئۈجمە بىلەن جان ساقلاپ يېڭى ئاشقا ئۇلىشىۋالىدىكەن... ئۇنىڭ قېرىغان غولىنى كېسىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ راۋاپ، دۇتار، تەمبۇر ياسايدىكەن. دۇتار بىلەن تەمبۇرنى ئۈجمە ياغىچىدىن بۆلەك ھېچقانداق مېۋىلىك دەرەخنىڭ ياغىچىدا ياسىغىلى بولمايدىكەن. ئۆيلىرىدە دۇتار، تەمبۇرى يوق ئادەم بولمايدىكەن. جىگدىمۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەكىلىپ بەرگەن مېۋىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ نان جىگدە دەپ ئاتىلىدىغان دانىسى يوغان-يوغان كېلىدىغىنىنى ئادەملەر قۇرۇتۇپ ئېلىپ قىشتىن چىققۇچە ساقلاپ يەيدىكەن، ئۇنى سوقۇپ تالقان قىلىپ جىگدە ئۈمىچى قىلىپ، جىگدە شەربىتى ياساپ ئىچىدىكەن، بۇ شەربەت بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپ نان ياقسا بەكمۇ مېزىلىك نان بولىدىكەن. ناننىڭ يۈزى بەك چىرايلىق قىزىرىپ پىشىدىكەن. قاغا جىگدىسى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىلى بولسا، قۇشلارنىڭ رىزقى دەپ ئۇنىڭغا تېگىشمەيدىكەن، ئۇنى قۇشلار يەيدىكەن...

شەھەردە ئۇنداق رىۋايەت-چۆچەكلەر يوق، بار دېيىلگەندىمۇ پەقەت كىتابلاردىلا بار. شەھەرلىكلەر ئۆزلىرى توغرىسىدا، ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان يەر توغرىسىدا، ئاتا-بوۋىلىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز ئويلامدىكىن؟ ياق، زادىلا ئويلىمايدۇ. راست ئەمەسمۇ، مانا ئېلدوس 12 ياشلىق يىگىت بولۇپ قالغۇچە ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ ھېكايە-چۆچەك، رىۋايەت ئېيتىپ بەرمىدىغۇ! ھەتتا دادىسىمۇ! دادىسىنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت خىزمەت، ئىدارە، ئەمەل، ئولتۇرۇش... ئاپىسىچۇ؟ ئاپىسى تېخىمۇ بىلمەيدۇ، ئاپىسى پەقەت « ياخشى ئوقۇ، كەلگۈسىدە ئالىم بول، يازغۇچى بول! »، « تاماقنى ۋاقتىدا يېگىن »، « قولۇڭنى مەينەت قىلما »، « كىيىمىڭنى پاكىز ۋە رەتلىك كىيگىن! »، « ئاپتاپتا ئوينىما، قارىداپ كېتىسەن »، « تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭمۇ...» دېيىشنىلا بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن ھالقا، نوركى پەلتو، قاتار چاي،

ئۇنىڭ تويى، بۇنىڭ تويى، «ئاۋۇ ئۇنى كىيىپتۇ»، «ماۋۇ بۇنى كىيىپتۇ»، «ئۇ توي قىزىدى، بۇ توي قىزىمىدى»، «ئۇ تويغا بۇنى كىيىپ، ئۇنى داستىخان قىلسام»، «بۇنىڭكىگە بۇنى كىيىپ، بۇنى داستىخان قىلسام»، «ئاۋۇ خىل ماي ئاقارتىدىكەن، ماۋۇ خىلى كۆكەرتىدىكەن...» پەقەت مۇشۇلا! ئولتۇرسا-قوپسا پۈتۈن خىيالى ئاشۇلاردا، ئۇلار ھېكايە، رىۋايەت تۇرماق، يېزىدىكى مومىسى توغرىسىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئويلايدۇ. پەقەت مېۋە پىشىشقىدىلا ئەسلەپ قالىدۇ، مومىسى توغرىسىدا، بوۋىسى توغرىسىدا (ئېلدوس بوۋىسىنى بىلمەيدۇ. بوۋىسى ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن) ناھايىتى ئاز سۆزلەپ بېرىدۇ، سۆزلىگەندىمۇ قانداقتۇر بىر يات ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلىگەندەك خۇش ياقماس ۋە تايىنى يوقلا گەپ بىلەن تۈگىتىدۇ. مومىسى نان-پان يېقىپ ياكى گۆلە-قاق، لازا-پەمىدۇر قۇرۇتۇپ ئەۋەتىپ تۇرمىسا، ئېلدوسنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ مومىسىنى تىللايدۇ. بۇنداق چاغدا ئېلدوسنىڭ يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولىدۇ، بۇنداق قىلىش نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا دۇرۇس ئىش بولۇپ بىلىنمەيدۇ، دادىسى، ئاپىسىمۇ ئاشۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئەسكى ئادەملەردەك كۆرۈنۈپ قالىدۇ. نېمىشقا ئۇنداق ئىكىن؟ ئېلدوس ھەر يىلى يازلىق تەتىلنى مومىسىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاشۇ شەھەر، ئاشۇ قەپەستەك بىنا ئۆي، شەھەردىكى ئۇرۇشقاق، ۋات-ۋات، ھېچنېمىدىن رازى بولماي ئەتىدىن كەچكىچە بىر-بىرىنى غاجىشىپ ئۆتىدىغان پىخسىق شەھەرلىكلەر ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇلار خۇددى يالغان ئادەملەردەك، ئۇلار چىن ئادەم بولماي سولياۋدا ياساپ قويغان جىنى بارقورچاقلار بىلىنىدۇ. دېمىسىمۇ راست-دە، ئۇلار شۇ قەدەر ياسالما، پىخسىق، غەيۋەتچى، رەھىمسىز، ئاچكۆز، يالغانچى... پەقەت ئۆزىدىن باشقا ھېچنەرسە توغرىسىدا ئويلاپ باقمايدىغانلار... ئۇلار شاقۇرلۇقلاردەك خۇش خۇي، قىزىقچى، مېھماندوست ئەمەس. شاقۇرلۇقلار شەھەرلىكلەردەك كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. بىر-بىرلىرىنى كېچە-كۈندۈز يوقلىشىپ بىر جەمەتتەك ئۈم-ئىناق ئۆتىدۇ. غەيۋەت قىلىشمايدۇ. جەڭگى-جېدەل قىلىشمايدۇ. ئۇلار ئۇدۇل كەلگەن تاماقنى يەيدۇ، يېگەندىمۇ ھۇزۇر بىلەن يەيدۇ، شەھەرلىكلەردەك دادلاپ-زارلاپ، ئىلغاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ناخشا ئېيتالايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، بولۇپمۇ ھېكايە-چۆچەك، رىۋايەت ئېيتىشقا بەكمۇ ئۇستا! ئۇلار ھەممىلا نەرسە توغرىسىدا ھېكايە قىلالايدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇشامدىكىن! بولمىسا ساۋاتى يوق ئادەملەر بۇنچە كۆپ ھېكايە، چۆچەك، رىۋايەتنى قەيەردىن تاپىدۇ؟ يا كىتاب ئوقۇيالمىسا، يەنە كېلىپ ئۇلار سۆزلەيدىغان رىۋايەتلەرنى ئېلدوس ھېچقانداق كىتابتا كۆرۈپ باقمىغان، ئۇلار تېخى كىتابقا يېزىلمىغان تۇرسا... بولۇپمۇ قۇملۇق توغرىسىدىكى، دەريا، ئېقىنلار توغرىسىدىكى، دەل-دەرەخ، قۇشلار، ھايۋانلار توغرىسىدىكى، ئادەملەر توغرىسىدىكى، جىن-ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ئاجايىپ ھېكايىلار ئۇنى بەك قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ يېزىغا مومىسىنى يوقلاپلا ئەمەس، ھېكايە-چۆچەكلەرنى، ئاشۇ شاقۇرلۇق ئادەملەرنى سېغىنغىنى ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ يېزىغا كەلسە بىردىنلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۆزىنى بىردىنلا زورىيىپ ئۆسۈپ كەتكەندەك، ناھايىتى جىق نەرسىنى بىلىۋالغاندەك سېزىدۇ. ئۆزىنى شۇ قەدەر

ئەركن، بەھۇزۇر ۋە چىن ھېس قىلىپ قالدۇ. شەھەردە ئۇنداق ئەمەس، ئېلدوس شەھەرەە ئۆزىنى پەقەت ئاش يەيدىغان، كىيىم كىيدىغان. مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئېلدوس دەپلا بىلدۇ، بۇ يەردىچۇ؟ بۇ يەردە بولسا ئۇ قومۇلۇق توغرىسىدا. ئاسمان، زېمىن، دەريا، قۇشلار، ناخشا، باتۇرلۇق، جەڭ-ئۇرۇشلار توغرىسىدا ئاڭلايدۇ، ئويلايدۇ. ئۆزىنى ئاشۇ ئاڭلىغانلىرىنىڭ ئىشتىراكچىسىدەك ھېس قىلدۇ. ئۆزىنى شائىرنى قورشاپ تۇرغان چوڭ قۇملۇقنىڭ، شائىرنىڭ قارا چىلان توپىرىقىنىڭ. ئاشۇ دەريا، ئېقىن، باغلار، ئېتىزلارنىڭ، ئاشۇ مۇڭلۇق ناخشىلارنىڭ. ئاشۇ خۇش خۇي، مۇلايىم شائىرلۇقلارنىڭ. ئاشۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇيدۇ. ئۇلار بىلەن ئۆزى تىل بىلەن يېشىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل غايىۋى نەرسە ئارقىلىق چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئۆزى ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئويلايدۇ. شائىرلۇق باللاردەك بىغەم، بەختىياش، خۇش خۇي، قورقۇمسىز، مەيىنەت بىر بالىغا ئۆزگىرىپ قالدۇ. بۇلار ئۇنى چىن دىلىدىن خۇشال قىلدۇ. ھەرقاچان ئاشۇ شائىرلۇق باللارنى دورىغۇسى. ئۇلاردەك سۆزلىگۈسى، ناخشىنى ئۇلاردەك ئېيتقۇسى، ئۇسسۇلنى ئۇلاردەك ئوينىغۇسى كېلدۇ. ئۇلاردەك ئىش-ئەمگەك قىلغۇسى كېلدۇ. ئۇنى «يۈرەك تاغ» ھەم ئۇ توغرىسىدىكى رىۋايەت بەك ھاياجانغا سالدۇ. ئاشۇ بەگقۇلبەگ. ئۇنىڭ كۆركلەئىنە دەپ ئاتاق ئالغان گۈزەل خوتۇنى ئوتلۇغىنىڭ تەسەۋۋۇردىكى قامىتى، چىرايى، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى، قىلىقلىرى، ئاشۇ دەھشەتلىك كۆچ-كۆچ... بەگقۇلبەگنىڭ بىلىكىگە چاپلىشىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ، جېنىنى قۇتقۇزۇۋاتقان بىچارە ھالسىز كىروران باللىرى، كۆركلە ئانىنىڭ سوغۇرۇلغان يۈرىكى، ئاشۇ يۈرەكتىن ئۆزگىرىپ بىنا بولغان يۈرەك تاغ... ئېلدوسنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدۇ. ھەرقېتىم بۇ رىۋايەتنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى جىغىلداپ، تېنى ئاجايىپ بىرخىل سېزىم ئىچىدە لاۋۇلداپ يانىدۇ. كېچىچە شۇلار توغرىسىدا ئويلايدۇ. پات-پات شۇلارنى چۈشەيدۇ. بەگقۇلبەگ بىلەن مۇڭداشقۇسى، ئۇنىڭدەك بولغۇسى كېلدۇ. كۆركلەئىنەنىڭ باغرىغا يېپىشقۇسى، ئۇنىڭ چىرايلىق مەڭزىنى، مېھرلىك كۆك كۆزلىرىنى، ئۇنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرىنى سىيلىغۇسى، ئۇنىڭغا ئەركىلىگۈسى، ئاشۇ ئانىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدا ئۇخلىغۇسى كېلدۇ...

ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە ئويغانغاندىن كېيىن ھېچنەرسىگە قارىماي تالاغا يۈگۈرەيدۇ. بۇ دەل كۈن ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋاقىت بولدۇ. بۇ چاغ يېقىندىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭ قۇملۇق، سەلگىنە يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۈرەك تاغ خۇددى يالقۇن شولىسىدا قىزارغاندەك رەڭلىنىپ كېتىدۇ. بۇ قىزىللىق شۇ ھامان بەگقۇلبەگ ۋە كۆركلەئىنەنىڭ بىلىكىدىن، يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ قۇم يۈزىگە ئاستا-ئاستا ياراپ يېيىلغان قىپقىزىل قانىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. دېمىسمۇ بۇ چاغدا ئاشۇ يۈرەك تاغ بەئەينى تېخى يېڭىلا سوغۇرۇۋېلىنغان قىپقىزىل يۈرەككە ئوخشاپ قالدۇ. كۆركلەئىنەنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىگە ئوخشاپ قالدۇ. ئۇنىڭغا ئاشۇ قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان چۆلنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى يارقىن سىزىق ئۈستىدە كۆركلەئىنە ئۇنىڭغا قاراپ مېھرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقاندەك، ئۇنى ئاشۇ يۈرەك تاغقا، ئۆزىنىڭ يېنىغا قىچقىرىپ ئىشارە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى

دۈكۈلدەپ كېتىدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىر كۆيدۈرگۈ سېزىم ئىچىدە ئۆرتىنىدۇ. باش-كۆزلىرى ئۇتۇقۇپ، چۆل تەرەپكە — يۈرەك تاغقا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىر خىل قەتئىي نىيەت، ئىپتىخار ۋە ئىرادىنىڭ چېقىنىدا چاقناپ نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولىدۇ...

ئۇ ھەركۈنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئاشۇ قېرى ئۈجمىنىڭ يەر بېغىرلاپ قىيسايغان غولىدا ئولتۇرۇپ قۇملۇقنىڭ ئېرىسىدىكى سىزىق ئۈستىدىن كۈننىڭ چىقىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدۇ. بۇنداق سائەتنى ھەرگىز-ھەرگىزمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. بىرەر قېتىم ئۇخلاپ قېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكۈدەك بولسا ئۆزىنى ئويغىتىپ قويمىغىنى ئۈچۈن مومىسىغا باتناپ، خۇيلىنىپ تاماق يېگىلى ئۇنىمايدۇ... شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ مومىسى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ جاينامىزىنى يىغىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۇنى ئويغىتىۋېتىشكە ئالدىرايدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇ خۇشاللىقىدىن قىزىق مەگزىنى مومىسىنىڭ قورۇلۇپ پىچىم-پىچىم بولۇپ كەتكەن مەگزىگە خۇشلۇق ئىچىدە ياقىدۇ-دە، تالاغا — قېرى ئۈجمىنىڭ غولىغا يۈگرەيدۇ. ئۇ، ئۇ يەردە قۇياشنى كۈتىدۇ. ئاستا-ئاستا يېيىلىپ چۆل باغرىنى قىزارتىپ كېلىۋاتقان شەپەق نۇرىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلايدۇ. كۆركلە ئىنەنىڭ سىماسىغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرىدۇ... ئۇنى ئاجايىپ-ئاجايىپ خىياللار ئىزتىراپ قىلىدۇ. خۇشلۇقتىن، ھاياجاندىن، مۇڭلۇق خىياللاردىن ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولىدۇ. ۋۇجۇدى ئاجايىپ ئىللىق ۋە خۇش بۇي ھاۋادا لەيلەپ يىراق-يىراققا ئۈزىدۇ، ئۇچىدۇ.

ئۈچ كۈن يامغۇر ياغدى. بۇ ئاجايىپ بىر ھال ئىدى. بۇ يەرلەردە ئادەتتە يامغۇر كەمدىن كەم ياغاتتى. لېكىن بۇ قېتىم شۇنداق يېغىۋەتتىكى. ئۇنىڭ مومىسى قورقۇپ كېتىپ جاينامازدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇپ ھۆرگىلى تۇردى. ئۇ كۈتۈلمىگەن بىر بالا-قازانىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ۋەھىمە يەيتتى. ئېلدوس مومىسىنىڭ تەشۋىشلىك چىرايىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. شۇنداق، ئۇ مومىسىنىڭ يامغۇردىن، چاقماقتىن، بولۇپمۇ بوراندىن بەك قورقىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. مومىسى قاتتىقراق شامال ياكى بوراننىڭ شەپىسىنى ئاڭلىسا نېمىشقىدۇر ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ جىيەكلىرى قىزارغان، كىرپىكى شالاڭلاپ كەتكەن چوڭ-چوڭ كۆكۈچ كۆزلىرى ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچ ئىچىدە پارقىراپ كېتەتتى. شاپتۇل قېقىدەك قورۇلۇپ كەتكەن ئەتسىز نېپىز لەۋلىرى ۋەھىمە ئىچىدە تىترەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ نېمە ئېلىپ نېمە قويغىنىنى بىلمەي ئۆي ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتى. گاھ قازناق ئۆيگە كىرسە، گاھ دالان ئۆيگە چىقىپ باقاتتى. بەزىدە بولسا ھويلىغا چىقىپ ئالاڭلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى چۆل تەرەپكە تىككىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ شىۋىرلايتتى. ئۇ ئاشۇ چۆلدىن قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك بالا-قازانىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ شاقۇرنى، ئۇنىڭ بېغىنى، ئۆيىنى، ئۆزىنى، مۇنۇ نەۋرىسىنى، ئېغىلدىكى قوي ۋە ئىنىكىنى، كاتەكتىكى توخۇ-تۇمانىنى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋېتىشىدىن ۋەھىمە يەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تىنىمسىز ھالدا چىت كۆڭلىكىنىڭ يافىسىنى مىجىقلاۋاتقان ئىنچىكە، ئەتسىز بارماقلىرى بىلىنەرلىك تىترەيتتى...

يامغۇر يېغىشقا باشلىغان بىرىنچى كۈنى ئېلدوسنىڭ مومىسى كېچىچە كىرپىك قاقماي جاينامازدا ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىلتىجا-مۇناجات قىلىپ چىقتى. لېكىن ئېلدوس بۇ يامغۇردىن قەۋەت خۇشال بولغانىدى. ئۇ يامغۇرنىڭ شارقىراپ-تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازىنى

ياخشى كۆرەتتى. بوراننىڭ گۈركىرىشىنى ئاڭلاپ يېتىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ بۇدرە چاچلىرىنى پاخپايتقىنىچە، مومىسى بېشىغا قويۇپ بەرگەن سامان تىققان تەكىيگە بىلىكىنى قويۇپ، بىلىكىنىڭ ئۈستىگە ئېڭىكىنى تىرەپ، يوتقانغا يۆگىلىپ توغرا تامنىڭ ئارقىسىدا جايناماز‌دا قىبلىگە قاراپ ئىبادەت قىلىۋاتقان مومىسىغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغىچە ئۈنچىقماي قاراپ ياتتى. لىپىلدەپ تۇرغان كۆڭگا شام يورۇقىدا ئۇنىڭ مومىسى تولىمۇ ئاجىز، ۋىجىك ۋە بىچارە كۆرۈنەتتى. مومىسىنىڭ تارغىنە كەلگەن نۇرۇق ۋە سىنىسىز گەۋدىسى مۈكچىيىپ مۈشتۈمدەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى. گاھىدا ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ، ئاران-ئاران لىپىلداپ يورۇق بېرىۋاتقان شام، رۇجەككە چاپلانغان قەغەزنىڭ ئاراشلىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن مۇزدەك سوغۇق شامالدا تىترەپ ئۆچۈپ قالغىلى تاس قالاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ مومىسى ھودۇققىنىدىن دەررۇ ئالدىغا ئىنتىلىپ، تىترەپ تۇرغان شامنىڭ يالقۇنىنى ئالقىنى بىلەن سوغۇق ھاۋانىڭ دولقۇنىدىن ھىمايە قىلاتتى ۋە خۇددى دېرىزىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇقتىن قورقۇۋاتقاندەك، گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن رۇجەككە چەكچىيەتتى. شۇ چاغدا ئېلدوس مومىسىنىڭ تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي «تۇۋا، تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، بەگقۇلبەگنىڭ روھىنىڭ ھەققىدە، كۆركلە ئىنەنىڭ روھىنىڭ ھەققىدە بىزنى بالا-قازادىن ساقلىغىن، قارا بوراندىن، قۇم-تۇپراقنىڭ بالاسىدىن، توپا قازاسىدىن ساقلىغىن، ساقلىغىن... ئادەملەرنىڭ گۇناھىدىن كەچكىن، ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كەچۈرگىن، ئاتا-بوۋىمىز ئالدىدىكى گۇمراھلىقىمىزنى كەچۈرگىن، شاقۇرلۇقلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇششاق نارەسىدىلەرنىڭ بېشىنى ئامان قىلغىن...» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. باياتىن بېرى يوتقىنىدا مومىسىنىڭ ھالىنى ئويۇن كۆرگەندەك تاماشا قىلىپ ياتقان ئېلدوسنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ ۋۇجۇدىغا بىر نامەلۇم تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا نېمىدۇر قاپلىشىپ، ئۆپكىسى ئۆرىدىگىلى تۇردى، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تاراملاپ تۆكۈلدى، ئۇ ئاۋازىنى چىقارماسلىق ئۈچۈن يۈزىنى تەكىيگە مەھكەم يېقىۋالدى-يۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتالماي كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى... ئۇ مومىسىنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، مومىسىنىڭ يۈرىكىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان ئاشۇ نالىدىن ئادەملەرنىڭ، شاقۇرلۇقلارنىڭ، ھەتتا ئاشۇ بىچارە مومىسىنىڭمۇ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خۇداغا، بەگقۇلبەگكە، كۆركلە ئىنەگە، ئاشۇ يۈرەك تاغقا يۈز كېلەلمەيۋاتقان يەرلىرىنىڭ بارلىقىنى غۇۋا. ھېس قىلدى-دە، مومىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى... ئاشۇ مومىسى، ئۆزىگە پەرىشتىدەك كۆرۈنىدىغان ئاشۇ مۇلايىم، كۆڭلى يۇمشاق، مېھرى-شەپقەتلىك مومىسى، ھەممىلا ئادەمگە ياخشىلىق تىلەيدىغان، ئەتىدىن-كەچكىچە جايناماز‌دىن قوپمايدىغان، ئادەم تۇرماق قۇرت-قوڭغۇز، ئۇچار قاناتلارغىمۇ ئامانلىق تىلەيدىغان ئاشۇ مومىسىنىڭمۇ گۇناھى بولسا-ھە! نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن؟ كۆز يېشىدىن ئۇنىڭ تەكىيى چىپ-چىپ ھۆل بولدى. ئۇ بەگقۇلبەگنى، كۆركلە ئىنەنى، مومىسىنى ئويلىدى. ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئويلىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا ئاشۇ شەھەرلىكلەر كېچىپ قالدى. ھاۋاسى، ئادەملىرىنىڭ چىرايى، گەپ-سۆزلىرى مۇزدەك ئاشۇ شەھەر، تويماس، ئاچكۆز، ئۆزىدىن باشقىنى ئويلاپ

www.uyghurkitap.com



قويمايدىغان، بەگقۇلبەگنى، كۆركلەئىنەنى، ئاشۇ يۈرەك تاغىنى بىلمەيدىغان، ئۇنى ئاللىقاچان يادىلىرىدىن چىقىرىشقان، ھەتتا ئۇلار توغرىسىدىكى ئاشۇ گۈزەل رىۋايەتنىمۇ بىلمەيدىغان، شەھەرلىكلەر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا نەپرەتلىك تۇيۇلدى.

شۇنداق، ئۇلار تېخىمۇ گۇناھكار! ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ھەم شۇنىڭ ئىچىدە! چۈنكى ئۇلار بەگقۇلبەگنى، كۆركلەئىنەنى، يۈرەك تاغىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئانىسىنى، ئېلدوسنىڭ مۇنۇ بىچارە مومىسىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھالىغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ، ئۇنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ. مومىسىنىڭ مۇشۇ بىچارە ھالىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئۇنىڭ بايىقىدەك نالە-پەريادىنى، ئۇنىڭ نېمىدىن قورقۇپ، نېمىدىن ۋەھىمە يەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ... ھەقىقىي گۇناھكارلار ئاشۇلار... ئاشۇ ئۆزىدىن باشقا ھەممىلا نەرسىنى ئۇنتۇشقان، پاكىپاكىز يەپ قويۇشقان شەھەرلىكلەر...

ئۇ ئەنە شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئاران-ئاران لىپىلداپ تۇرغان غۇۋا شام يورۇقى، توغرا تامنىڭ ئارقىسىدا لىچەك كىيىپ، تەسۋى سىرىپ جايناماز دا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان ئاجىز موماي، تالادىن ئاڭلىنىۋاتقان يامغۇرنىڭ شارقىرىشى، چۆل تەرەپتىن كېلىۋاتقان ۋەھىملىك گۈركىرەش بۇ بىگانە، بوش ۋە تىمتاس ئۆيگە بىرخىل سېھىرلىك تۈس بەخش ئەتكەنىدى.

تۆتىنچى كۈنى يامغۇر توختىدى. لېكىن ئاسماننىڭ قاپقى يەنىلا تۈرۈك ئىدى. شاقۇرنىڭ، قۇملۇقنىڭ ئاسمىنىدا سۇررەڭ بۇلۇتلار تۈرمەللىشىپ تۇراتتى.

ئېلدوس ئەتىگەن تۇردى. ئۈچ كۈندىن بۇيان كۈن يۈزىنى كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچى سىقىلغانىدى. ئۇ كۈننى كۆرۈش ئىستىكىدە، چۆل تەرەپتىن يېيىلىپ كېلىدىغان تاڭ شەپىقىنى كۆرۈش ئىستىكىدە ھويلىغا يۈگرەپ چىقتى. لېكىن كۈن چىقماپتۇ. چۆل تەرەپ بىر خىل كۆل رەڭ تۇستە تۇتۇق كۆرۈنىدۇ. ھويلىنىڭ ئىچىدىكى، قاشانىڭ سىرتىدىكى، ئېرىق بويلىرىدىكى دەل-دەرەخلەر يامغۇر بىلەن چايقالغاچ تېخىمۇ يېشىل ۋە تېخىمۇ پاكىز كۆرۈنسىمۇ، توختاۋسىز ياغقان يامغۇردىن مىلىچلاپ كەتكەن ئېتىز-قىرلار، مەھەللىنىڭ كاتاڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى-بۈگرى توپىلىق يولى (ئەمدىلىكتە بۇ توپىلىق يول ئات-ئۇلاغنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك پاتقاق بولۇپ كەتكەنىدى) شۇ قەدەر كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. ئەمدىرەك ئۇۋىلىرىدىن چىقىشقان قۇشقاچلارمۇ نېمىشقىدۇر يۈرەكزادە ھەم غەملىك ئىدى. ئۆيەر-بۇيەردە، يامغۇردىن ئىشىپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئەسكى كېسەك ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىچارىلەر قانداق قىلىشتىكىن، ئۇلار نەلەردە يېتىشقاندۇر؟ ئۇ يەردە ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە پاناھلىنغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ئېلدوس قاشادىن مەھەللە ئىچىگە كۆز تاشلاپ. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا غەش ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ھالغا كېلىپ قېلىشى بېزىغا كەلگەندىن بېرى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ بۇ يەردە شەھەردىكىدەك سىقىق ۋە غەشلىكتىن خالىي ئىدى. بۇ يەردىكى ھەممىلا نەرسە — ئادەملەر، دەل-دەرەخ، توخۇ-تومان، ئېتىز-قىرلار، باغ-ئېرىقلار، چۇرۇقلاپ تۇرغان قۇشلار، ئادەملەرنىڭ يىراق-يىراقلاردىن ھايقىرىشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز

خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ھەتتا بۇ يەرنىڭ شامىلى، ھاۋاسى، يۇلتۇزى، قۇياشى، توپا-چېڭى، لاي سۈيى، مورىلاردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تېزەك ئىسىنىڭ خۇش ھىدى... ھەممىسى... ھەممىسىلا ئۇنىڭغا شۇ قەدەر يېقىملىق تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ ئاشۇ چۆل تەرەپتىن كېلىدىغان يالقۇن شولىسىدەك يوپيېقا نەپىس ۋە گۈزەل تاڭ شەپقى... ئاشۇ قان رەڭلىك تاڭ شەپقى ئىچىدە قىزىرىپ كۆرۈنىدىغان يۈرەك تاغنىڭ تاغدىكى سىماسى! لېكىن بۈگۈن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىدى... ئۇ بىر خىل نارازىلىق ئىچىدە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈپ قويدى-دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ مومىسى تەييارلىغان قايماق چايغا نان سېلىپ ئىچتى-دە، مومىسىغا ئەگىشىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوپتى. بۈگۈن مومىسى خېلىلا خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. يامغۇر توختىغىنى ئۈچۈن مومايىنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەنىدى. ئۇ مومىسىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىش ئۈچۈن قويلارنى ئوتلاتقاچ ئېتىز قىرلىرىدىن ئىنەككە ئوت يۇلۇپ كەلمەكچى بولدى. چۈنكى، ئۈچ-تۆت كۈندىن بۇيانقى يامغۇر دەستىدىن بۇ بىچارە جانىۋارلار ئاچ قالغانىدى. قويلار بىلەن ئىنەك ياردەم تىلىگەندەك ئايانچلىق ئاۋازدا پات-پات مۆرەپ قويۇشاتتى. ئېلدوس قويلارنى ئېغىلدىن چىقىرىپ قاشانىڭ سىرتىغا ھەيدەپ ماڭدى. يەرنىڭ تېيىلغاق ۋە پاتقاق بولۇشىغا قارىماي قوي-قوزىلار خۇشلۇقىدىن قىيغىتىپ تالاغا يۈگۈرۈشتى. يامغۇر تۈپەيلى قامىلىپ قېلىپ ئۇلارمۇ زېرىككەنىدى.

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى تۈزلەڭگە مەھەللىنىڭ باللار يىغىلغانىدى. ئۇلار ئوتلاقتا قوي-كالىلىرىنى قويۇپ بېرىپ بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرەتتى. يامغۇردىن كېيىنكى سالقىن ۋە ساپ ھاۋادا، كەڭرى تۈزدە ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە ئويناشتىنمۇ چوڭ خۇشاللىق ھەم بەخت بولامدۇ.

ئېلدوس باللارغا قوشۇلۇپ ئۇزاقىچە ئوينىدى. يېزىلىق باللارمۇ بۇ تارتىنچاق، قىز بالىدەك سۈزۈك ۋە چىرايلىق بالىنى ياخشى كۆرۈشەتتى. بولۇپمۇ ئاۋۇ مىراۋۇش دېگەن بالا ئۇنىڭغا باشقىچە يېقىشلىق تۇيۇلاتتى. ئېلدوسنىڭ خىيالىچە مىراۋۇش مەھەللىنىڭ ھەممە باللاردىن ئەقىللىك، كۈچلۈك، قورقماس ئىدى. مۇشتلىشىپ قالسا، چېلىشقا چۈشسە ھەممىنى يېڭەتتى. باشقا باللار ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. ھەرقانداق ئويۇن ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بولاتتى. ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. مىراۋۇش سەھرانىڭ باشقا باللىرىدەك سەت گەپ قىلمايتتى. سەت قىلىقى يوق ئىدى. ئۇمۇ ئېلدوسقا باشقىچىلا يېقىنچىلىق قىلاتتى. بەسلىشىپ ئوينىغاندا، چېلىشقا چۈشكەندە نېمىشقىدۇر ئېلدوسنى ئايايتتى، ئۇنىڭغا يول قوياتتى، بەزىدە تېخى ئۇنىڭغا يېڭىلىپ بېرەتتى. بۇ ئېلدوسنى خۇشال قىلسا، بەزىدە ئۇنىڭغا ھار كېلەتتى. ئۆزىنى كەمسىتكەندەك، ئۆزىنى ئاجىز سانىغاندەك بىلىنىپ قالاتتى. لېكىن، نېمىلا دېگەن بىلەن مىراۋۇش ياخشى بالا ئىدى. دوستلۇققا ئەرزىيتتى. باللارنىڭ ھەممىسىلا ياخشىدەك ئىدى. لېكىن، ئاشۇ تۆرەك پىتلا... ياق، ئۇنىڭ ئاشۇ سەت گەپلىرىنى ھېسابقا ئالمىسا، ئۇمۇ يامان ئەمەس، لېكىن سەل ئۇششۇق ۋە مۇتەھەممرەك. بەزىدە چىدىماس تېخى! لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر ئېلدوسنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن سەل گىنە قورۇنىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاخىر ئىلدوس، مىراۋۇش ۋە تۇرەك پىتلار باشقا باللاردىن ئايرىلىپ بىر كاللەك بولۇپ قالدى. ئۇلار يۈگۈرۈپ قىيغىتىپ ھارغانىدى. تۇرەك پىت دادىسىنىڭ پاختىلىق ئەسكى چاپىنىنى كىيىۋالغانىدى. بۇ چاپان پاتقاق دەستىدىن قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايىغىدا سۆرىلىپ تۇرغان چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆرپىچەك قىلىپ قىردا ئولتۇردى.

ئىلدوس يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇرەك تاغ تەرەپكە كۆزىنى ئاغدۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر جىن كىرگەنىدى. ئۇ بىر كەمدە ئېغىز ئاچتى:

— باللار ئاۋۇ يۇرەك تاغقا كىم بېرىپ باققان؟

مىراۋۇش بىلەن تۇرەك پىت دەررۇ يىراقتىكى يۇرەك تاغقا نەزەرلىرىنى ئاغدۇرۇشتى. ئىلدوس ئۇلارغا سوئال تەرىقىسىدە قارىدى. مىراۋۇش بېشىنى چايقىدى، تۇرەك پىتمۇ بېشىنى چايقىدى. دېمەك، ئۇ يەرگە تېخى ھېچكىم بېرىپ باقمىغان. ئىلدوسنىڭ كۆڭلى ئەسكى بولدى. شۇنداق، شاقۇرلۇقلارنىڭ ھەممە يېرى ياخشى بولسىمۇ، مانا بۇنىسى يامانىدى. ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇرغان يۇرەك تاغقا ھېچكىم بېرىپ باقماپتۇ ۋە بىرسىنىمۇ ئويلاپ باقماپتۇ. شۇنچە تەسىرلىك رىۋايەتنى ھەممىلا ئادەم سۆزلىيەلەيدىكەنۇ، ئەنە شۇ رىۋايەتتە دېيىلگەن — مەھەللىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان يۇرەك تاغنى بىلمەيدىكەن. بۇ پەقەتلا قاملاشمىغان يېرى-دە ئۇلارنىڭ! ئىلدوس قولىدىكى تايىقنى بەزلەك لاي يەرگە نارازىلىق بىلەن ئۇردى، لاي يەردە تىلىم-تىلىم كېسەك پەيدا بولدى.

— نېمىشقا؟

ئۇ قولىدىكى تايىقى بىلەن ھاۋانى كەسكەچ سورىدى. ھۆل چىۋىقتىن ۋىش-ۋىش ئاۋاز چىقتى. تۇرەك پىتمۇ ئۇنى دوراپ چىۋىقنى شىلتىدى.

— قۇملۇقنىڭ ئىسسىقىغا ھېچكىم چىدىمايدۇ، تۆگىگە مىنىپ، بىر-ئىككى قاپاق سۇ ئېلىۋېلىپ ماڭسا تاڭ؟ — مىراۋۇش پاچىقىدىكى لايىنى قىرغاچ جاۋاب بەردى.

باللارنىڭ ھەممىسىلا يالىڭاياغ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرى لاي بولۇپ كەتكەچ ۋە تىنىم تاپماي يۈگۈرۈۋەرگەچ تۆۋەنگە سىيرىلىپ تۇرىدۇ. ھەممىسىنىڭلا پۇشقاقلىرى، پاقالچەك ۋە پۇتلىرى قاپقارا لاي. ئۇلار بۇنىڭغا پىسەنت قىلىشمايدۇ. بۇ يەرنىڭ باللىرىلا ئەمەس، چوڭلىرىمۇ يالىڭاياغ يۈرۈشكە كۆنۈك ۋە ئامراق، پەقەت نامازغا ئولتۇرغاندا، كىشلەرنىڭ ئۆيىگە، توي-نەزىرگە ياكى شەھەرگە بارغاندىلا ئۆتۈك كىيىشىدۇ. بولمىسا يالىڭاياغ يۈرۈۋېرىدۇ. يەرنىڭ تېۋى شىپالىق، يالىڭاياغ يۈرۈپ بەرسە پۇت ئاغرىمايدۇ، بەدەن يەردىن پۇتى ئارقىلىق قۇۋۋەت ئالىدۇ دېيىشىدۇ. كەچلىرى ئېرىقتا چايقىۋېتىپلا ئۇخلاۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى شۇڭا يېرىق، لېكىن تىكەن ئۆتمەيدۇ. تاپىنى تۆگىنىڭ تاپىنىدەك ئەتلىك، قېلىن ۋە يىرىك، شەھەرلىكلەردەك پاپياق بىلەن يەرگە دەسسىسىمۇ پۇتىنىڭ غىدىقى كېلىدىغان ئادەملەرنى بۇ يەردە زاڭلىق قىلىشىدۇ. ئىلدوسمۇ شۇلارنى دوراپ يالىڭاياغ بولىۋالغانىدى. ئۇنداق يۈرۈشكە ئۇمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالدى. ئىلدوس لاي پۇتىنى ئايىغى ئاستىدىكى كوكاتقا سۈركەپ تۇرۇپ دېدى:

— بىز بىر بېرىپ باقمايلىمۇ؟

باللار ئېلدوسنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىنى بىلدىغاندەك ئۇنچە ھەيران بولۇشمىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ شەھەرلىك باللىنىڭ سەھرالىقلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان نەدىكى يوق خىياللار بىلەن ھەپىلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان بالا ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى.

— نېمە بىلەن بارىمىز؟ تۆگە ياكى ئات بولمىسا...

نېملا دېگەن بىلەن تۇرەك پىت ئېلدوسنىڭ پىكرىگە قىزىقىپ قالغانىدى.

— ياق بارىمىز، مۇشۇنداقلا بارىمىز، يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرسا...

— لېكىن... — مىراۋۇش دىلىغول بولۇپ ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر ھاۋا تۇتۇق، يەنە ئىككى-ئۈچ كۈنگىچىمۇ ئېچىلىدىغان تۈرى يوق... ئەتىگەن تۇرۇپ مېڭىپ كەتسەك كەچكىچە بېرىپ كېلىپ بولارمىز دەيمەن... — ئېلدوس راستىنلا بېرىشنى قارار قىلىپ بولغاندەك ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى.

مىراۋۇش بىلەن تۇرەك پىت ئېلدوسقا يېقىنراق كېلىشتى. شۇ تاپتا ئېلدوس ئۇلارغا نېمىسى بىلەندۇر تەسىر قىلىپ ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى قوزغاپ قويغانىدى.

— ھاۋا تۇتۇق چاغدىمۇ قۇملۇق سالقىن بولىدۇ. يۇرەك تاغقا بارساق ئۇ يەردە بۇلاق سۇلىرى بار. ئۇسساپمۇ كەتمەيمىز، بولمىسا يولغا چىققۇچە سۇنى تازا جىق ئىچىۋالساق، يېنىپ كېلىدىغان چاغدا يۇرەك تاغدىكى بۇلاق سۈيىدىن يەنە جىق ئىچىۋالساق... — مىراۋۇش خۇددى ئۇزى كۆرۈپ كەلگەندەك ئىشەنچ بىلەن دېدى.

— ئۇ يەردە كۆك ياۋا بەك جىق، قورسىقىمىز ئاچسا ياۋنىڭ تۇخۇمىنى يەيمىز، باچكىسىنى كاۋاپ قىلىپ يەيمىز تېخى... — تۇرەك پىت دەررۇ ئاغزىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى غورتىلدىتىپ يۇتۇپ تۇرۇپ دېدى. ئۇنىڭ چىرايى خۇشلۇقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— كىم سېنى ئۇ يەرگە ئاپارغۇدەك؟ — مىراۋۇش ئۇنىڭغا چەكچەيدى، — بىز دېگەن ئۇ يەرگە كۆركلە ئىنەنىڭ قەبرىسىنى كۆرگىلى بارىمىز، ھە دېمەيلا يەيدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىدا ماۋۇ... — مىراۋۇش تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ غۇدۇرىدى.

— مېنى ئاپارمامسىلەر؟ نېمشقا سىلەر... بىللە بارايلىچۇ-ھە! بولامدۇ؟

ئۇ دەم ئېلدوسقا، دەم مىراۋۇشقا يېلىنغاندەك قارىدى.

— بارساڭمۇ مەيلى، لېكىن ئەتىگىچە باشقىلارغا دەپ قويارسەنمىكىن! ئەگەر مومام بىلىپ قالسا مېنى ھەرگىز بارغىلى قويمايدۇ، — ئېلدوس تۇرەككە دېدى.

— شۇنداق، بوۋام ئاڭلاپ قالسىمۇ مېنى ماڭغۇزمايدۇ. بۇ ھېلىلا بېرىپ باللارغا يېيىۋېتىدۇ.

— ياق، ھېچكىمگە دېمەيمەن، خۇدا ھەققى ھېچكىمگە، — تۇرەك پىت كىچىككىنە مۇشتۇمىنى تۈگۈپ چىڭقىلىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

— راست جۇمۇ، ئەگەر دەپ قويىدىغان بولساڭ...— ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك ھۆرپىيىپ قويۇشتى.

— راست، خۇدا ھەققى، دېدىمغۇ...

ئۇلار ئاخىر شۇنىڭغا كېلىشتى.

تۇرەك پىت ئۇلارغا ئەتە يولغا چىقىدىغان چاغدا پۇتلىرىغا ئاياغ كىيىۋالمىسا

www.uyghurkitap.com



بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇمىدى. چۈنكى يالىڭاياغ قۇملۇقتا ماڭغىلى بولمايتتى. قىزىق قۇم پۇتىنىڭ ئالقىنىنى پىشۇرۇۋېتىش قوياتتى. قىزىق قۇمغا ئاياغسىز دەسسەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇمدا يالىڭاياغ ئازىراقلا يول يۈرسە، قۇم ھە دېمەيلا پۇتىنىڭ ئالقىنىنى يالاپ تېشىۋېتەتتى. ئاھ، ئۇ چاغدىكى ئازابنى كۆرۈڭ.

ئۇلار ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى جىگدىلىكتە ئۇچرىشىدىغان بولۇپ تارقاشتى.

## 4-باب

ئۇلار قانداق كەچكىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى. ئۇلار پەقەت بىرلا نەرسىنى بىلەتتى — ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، ھارغىنلىق... ئۇلار كەچكىچە يۈرەكتاغقا بېرىپ قايتىپ كېلىپ بولىمىز دەپ ئويلاشقانىدى. چۈنكى، يۈرەكتاغ مەھەللىدىن قارىسا يېقىنلا يەردە كۆرۈنەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ بىرەر بۇردا نان ياكى سۇ ئېلىۋېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى.

ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچقا ناھايىتى بالدۇرلا كەچ كىرىپ كەتتى. ئەتىگەندىن بۇيان بىردىنلا بىپايان بىر يېڭى دۇنياغا چىقىپ قالغىنى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇپ، ياي-راپ-قىيغىتىپ ئويناپ ماڭغان باللار ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قېلىشقانىدى. ئەمدى، بىردىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ئاچلىق تۇيغۇسى ئۇلارنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراشتى. ھېچكىمدە بىرەر چىشلەم نان يوق ئىدى. ئۇلار ئارقىسىغا قاراشتى. مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئويناپ مېڭىپ مەھەللىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەتراپىغا بېقىشتى — تىمتاس چۆل. غايەت زور قۇم بارخانلىرى، ئاشۇ زومچەك-زومچەك قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قېلىن ۋە ئېغىر بىر قاراڭغۇلۇق بىرخىل ۋەھىيمە ھەم تېخىمۇ بەتتەر ئاچلىق ۋە يىگانىلىق تۇيغۇسىنى ئېلىپ ئۇلارغا قاراپ ئاستا-ئاستا يۆپۈرلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۈندۈزدىكى شوخلۇقى بىردىنلا يوقالدى. ئۇلارنىڭ ئۇنى ئېچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن تاتارغان توپا ئۆرلەپ كەتكەن چىرايىغا باللارغا خاس ھەممىدىن بېزىش تۇيغۇسى قېتىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىگە رايى بارماس ئىدى.

— يۈرەكتاغ بەك يىراق ئوخشايدۇ، مەھەللىگە قايتىپ كېتەلەمدۇ؟ — دېدى ئېلدوس ئەتراپقا ۋەھىمە بىلەن قاراپ. ئۇنى شۇ تاپتا ئاچلىق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن كۆرە بۇ چەكسىز قۇملۇقتىكى ئاشۇ ئېگىز-پەس قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق بەتتەررەك قورقۇتماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇ كىچىكىدىن شاۋقۇنغا ئۆگەنگەنىدى. تۇغۇلغاندىلا قايناق شەھەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنىنىڭ قوينىغا چۈشكەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم شاۋقۇرغا كەلگىنىدە، يېزىدىكى جىمجىتلىق ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى. سەھرانىڭ نېمىشقا بۇقەدەر جىمجىت بولىدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. شاۋقۇردا ھەممىلا نەرسە — سەھرانىڭ ئاخشىمى، سەھىرى، ئادەملىرىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزلىرى، كۈلۈشلىرى، بىر-بىرىنى قىچقىرىشلىرى، ھاۋاسى، توخۇلىرىنىڭ قىچقىرىشلىرى، ئىتلىرىنىڭ ھاۋشۇشلىرى، قۇشلىرىنىڭ سايراشلىرى، قوي-كالىلارنىڭ

مەرەش-مۆرەشلىرى، شامىلى، ئىسسىقى، سۇلىرىنىڭ ئېقىشلىرى، دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىياھلىرىنىڭ يەلپۈنۈشلىرى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى، خامان ناخشىلىرى، مەشرەپ ئۇسسۇللىرى، ھەتتا ئادەملىرىنىڭ ئورما ئورىغان، خامان تەپكەن، تەك ئاچقان، ھارۋا ھايداپ كېتىۋاتقان، مومىسىنىڭ قازان بېشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن، جەينامازدا ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ھالەتلىرى. ھەممىسى، ھەممىسىلا ئۇنىڭغا شۇقەدەر تونۇشلۇق، سىپايە، رايىش، سىلىق بىلىنەتتى. بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە — ئادەم، ھايۋان ۋە دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، سۇ، شامال، ئۇچار قۇشلار، ھەتتا قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ گويا كىمدۇر بىرىنى ئاياۋاتقاندەك، كىمنىدۇر چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك، كىمنىڭدۇر غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقىۋاتقاندەك، كۆرۈنەتتى. بۇيەردە شەھەر ئادەملىرىدىكى ئالدىراشلىق، ئەسەبىيلىك، قوپاللىق، كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ۋارقىراش-جارقىراشلار، بىنانى بېشىغا كىيىپ ساراڭدەك ھۆ تارتىشلار، كوچىلاردىكى جالاق-جۇلۇق، تاراق-تۇرۇق، جار-جۇر، شار-شۇرلار يوق ئىدى! بۇ يەرنىڭ ھەركۈنى، ھەرسائىتى خۇددى كۆل يۈزىدەك مەيىن ۋە جىمجىت ئىدى...

ئېلدوس سەھرانىڭ بۇ خۇش ھال، يۇمشاق، راھەتلىك، ئىسسىق ۋە مۇلايىم جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شاۋقۇن-سۈرەنگە نىسبەتەن بىزارلىق، جىمجىتلىققا نىسبەتەن سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىخ ئۇرۇشقا باشلىغانىدى.

لېكىن ئۇ بۈگۈن مۇشۇ چەكسىز قۇملۇقتىكى، مۇشۇ ئۆلۈك بوشلۇقتىكى جىمجىتلىقتىن قورقۇپ قالدى. بۇ يەرنىڭ جىملىقى شاقۇرنىڭ جىملىقىغا نېمىسى بىلەندۇر ئوخشايدىكەن.

— قايتساق قايتايلى... مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى جاۋابەن مىراۋۇش قاغجىرىغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ.

تۈرەك نېمىشقىدۇر ئۈنچىقمىدى. ئۇ گاھىدا ئۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىغا، گاھى ئېغىر بۇلۇتلار ئېسىلىپ قارىيىپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ قوياتتى. ئاسماندا بىرتالمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ بىرخىل قويۇق ۋە ئېغىر قاراڭغۇلۇققا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

— ياق، باللار، — دېدى ئۇ بىرھازادىن كېيىن، — يۈرەكتاغقا ئازلا قالدى. يەنە بىر ئاشپىشىم ماڭساقلا يېتىپ بارىمىز. ئۇ يەردە سۇ بار، ياۋا ئالما بار، يەنە كۆك ياۋا بار... سەرەڭگە ئېلىۋالدىم. بارىمىز-دە، ئوت ياقىمىز، كەپتەر تۇخۇمىنى ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ يەيمىز. باچكىنى كاۋاپ قىلىمىز. ئەتە ياۋا كەپتەردىن جىق تۇتىمىز. ئاندىن مەھەللىگە قايتىمىز، ئۇ كەپتەرلەرنى ساتىمىز...

— مەن ساتمايمەن، — دېدى ئېلدوس كەسكىن قىلىپ.

— سەن ساتمىساڭ شەھەرگە ئەكىتىپ باقمامسەن، — دېدى تۈرەك ئېلدوسقا.

ئېلدوس ئويلىنىپ قالدى. راست ئەمەسمۇ، شەھەرگە ئەكىتىپ باقسا بولىدىغۇ؟ قورۇدىكى باللارغا، مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىغا كەپتىرىم بار، دەپ ماختىنالايدۇ. تېخى جۇرئەت دېگەن ئاغىنىسىگە بىرەر جۈپىنى سوۋغا قىلىدۇ. لېكىن، بىنا ئۆيىدە باقىدىغان يەر يوقتە. ھە، راست بالكوندا باقسىچۇ؟ دادىسىغا دېسە بالكونغا كاتەك

ياساپ بېرىشى مۇمكىن، ھەي، ئاپىسى ئۇنىماسمىكىن؟ «ئۆيىنى مەينەت قىلىۋېتىدۇ، يوقات بۇ نېمەڭنى» دەپ ۋارقىراپ قويامدىكىن؟ ياق، دادىسى «باقسا مەيلى، ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ» دەيدۇ، يا بولمىسا ئۆزى قەغەز ساندۇقتا كاتەك ياساپ، كارىۋىتىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ ئاپىسىغا بىلىندۇرمەي باقىدۇ. ھى... ھى... ھى...

— قايتىپ كېتەيلى، باللار، بوۋام ئەنسىرەپ قالىدۇ، — مىراۋۇش نېمىشقىدۇر كەينەرگە قىزىقماي قويىدى.

— قارا سېنى، كەپتەر تۇخۇمى، باچكا كاۋپى يەپ باققانمۇسەن؟ ھەرگىز يەپ باقمىغان-دە... شۇنداق ئېسىل بولىدۇكى... مەن يەپ باققان. يۇرەكتاغقا بارساقلا يەيمىز.

بالا ئۇچۇنلا ئەمەس، ئاچ ئۇچۇنمۇ بۇنىڭدىن يېقىملىقراق سۆز يوققۇ؟

ئۇلار ئاغزىغا كەلگەن سېرىق سۇنى كۈچ بىلەن يۇتۇشتى. ئۇلار يۇرەكتاغدىكى مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە، كەپتەر تۇخۇمنى پىشۇرۇپ يېيىشكە، مەززىلىك باچكا كاۋپىغا قىزىقتىمۇ ياكى ئەتە بىر قۇچاق كەپتەر تۇتۇپ قايتىشقا قىزىقتىمۇ ئەيتاۋۇر مىراۋۇش بىلەن ئېلدوس قايتىپ كېتەيلى دېگەن پىكىردىن ئاسانلا يالتايدى. تۇرەك خۇشاللىقىدىن قىيغىتىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قورشاپ كېلىۋاتقان چۆل قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە بىر-بىرىگە يېقىن سوگدىشىپ يۈرۈشنى يەنە داۋام قىلدى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا بىرنەچچە بەلدىن ئۆتتى. ناھايىتى زور كەلگەن قۇم تېغىدىن ئارتىپ چۈشتى، بەكمۇ ئوي بىر ئويمانغا دۇچ كېلىپ قالدى، ئويماندىن ئۆتكۈدەك يەر يوق ئىدى. ئۇلار ئويمانغا قاراپ سىرىلدى. ئۇلار ئەمدى ھېچنەرسىنى — كۈندۈزى ئۆزلىرىگە يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇرەكتاغنىلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ يولنى توراپ تۇرغان قۇم بارخانىنىمۇ ئىلغا قىلالمايدىغان بولدى. ھەممىلا نەرسە قۇملۇقنىڭ ئاشۇ كېلەڭسىز قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىشىپ كەتكەندى. ھەتتا ئۆزلىرىمۇ ئاشۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىدا يوقاپ كېتىۋاتاتتى. ھارغىنلىق، ئاچلىق ۋە دەككە-دۈككىلىك تۇيغۇسى ئۇلارنى ھالسىزلاندۇردى. ئۇلار ھېلىقى ئويماندىن مىڭ تەسلىكتە چىقىپلا يىقىلىپ قېلىشتى. ئەمدى ھەممىسىنىڭلا ئۈنى ئۆچكەندى.

بىركەمدە ئېلدوس خىرتىلداپ يىغلىۋەتتى.

— مەن... مەن... بەك توڭلاپ كەتتىم...

چۆل كېچىسى سوغۇق بولىدۇ. نەچچە كۈندىن بۇيان يامغۇر يېغىپ كۈن كۆرمىگەن قۇملۇقلا ئەمەس، كۈندۈزى كۈن كۆيدۈرۈپ تۇرغان چۆل ھاۋاسىمۇ كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بىردىنلا سوۋۇپ مۇزلاپ كېتىدۇ. باللار سوغۇقتىن دىرىلدەپ، چىشلىرىنى كاسىلداتقىلى تۇردى. ئۇلار بىر-بىرىگە يېقىن تىقىلىشىپ ئۆزلىرىنى سوغۇقتىن ھىمايە قىلماقچى بولۇپ قۇرتتەك تۈگۈلۈشتى، لېكىن سوغۇق ھاۋا ئۇلارنى ئاياپ تۇرمىدى. ھە دېمەيلا ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرى مۇزلاشقا باشلىدى. بىركەمدە تۇرەك ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپتى-دە، ئىتتەك تۆت ئاياغلىق بولۇپ ئىككى قولى بىلەن يۇمشاق قۇمنى ئالقىنى بىلەن كۇرەپ يانغا دۆۋىلەشكە باشلىدى. ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ يېتىشتى. ئاخىر تۇرەك ئۆزى پاتقۇدەك بىر ئېرىقچا قازدى. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغىلا يەنە بىرنى

قازدى. ئۇنىڭغا يانداپ يەنە بىرنى... ئاندىن باللارغا قاراپ توۋلىدى.

— قوپۇڭلار...

ئېلدوس ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا سوئال تەرىقىسدە تىكىلدى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— قوپە ئورنىڭدىن. سەن ماۋۇ ئوتتۇرىدىكى ئورەككە كېلىپ يات، مىراۋۇش سەن بۇنىڭغا كىر.

ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش ئۆملىشىپ كېلىپ تۇرەك كۆرسەتكەن ئورەككە يېقىن كېلىشتى. ئورەك چوڭ ئادەمنىڭ غېرىچىدا ئىككى غېرىچ كەلگۇدەك چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغان ئىدى. ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش ئۆزلىرىگە كۆرسىتىلگەن ئورەككە چۈشۈپ سوزۇلۇپ يېتىشتى.

— بېشىڭنى ئورەكنىڭ تېشىغا چىقىرىپ يات! ھە راست توختاپ تۇرۇڭلار، قوپۇڭلار، مۇشۇ ئورەكلەرنى چۆرىدەپ سىيەيلى، قوپۇڭلار!

مىراۋۇش بىلەن ئېلدوس تەڭلا سورىدى:

— نېمىشقا؟

— بۇ يەردە چايان جىق، چايان ھۆلدىن قورقىدۇ. ئاشۇنداق قىلساق چايان يېقىن كېلەلمەيدۇ.

ئۇلار تۇرەكنىڭ دېگىنىنى قىلدى. ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش سىيىپ بولۇپ، ئورەككە چۈشۈپ ياتقاندىن كېيىن، تۇرەك تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاۋۋال چەتتىكى مىراۋۇشنىڭ، كېيىن ئېلدوسنىڭ ئۈستىگە كۈرەپ چىقىۋەتكەن قۇمنى سىپىرىپ چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قالدۇرۇپ كۆكرەكنىڭ تۆۋىنىنى پۈتى بىلەن قوشۇپ قۇمدا كۆمۈپ تاشلىدى. ئاندىن ئۆزى ئېلدوسنىڭ يەنە بىرتەرىپىدىكى ئورەككە چۈشۈپ يېتىپ ئۆزىنى-ئۆزى كۆمدى. ئۇ گويا ئېلدوسنى قورقىدۇ دېگەندەك ئۇنى ئوتتۇرىغا ياتقۇزغانىدى.

— ئىسسىقمىكەن؟... ھى... ھى...ھى...

ئورەك ئىللىق ئىدى. سوغۇقتىن دىر-دىر تىترەپ تۇرغان باللار ئىسسىق قۇم قېتىدا بىردەمدىلا ئىسسىپ قېلىشتى. باللار ئۈنچىقمىدى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ئۇلار گويا ئېرىپ كەتكەندەك ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىمۇ ئىلغا قىلالمىدى.

— باللار، چۆچەك ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— ھە، ماقۇل... — ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش تەڭلا ئاۋاز قوشتى.

— قايسى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي؟

— ھە... «ئېچىل داستىخان» دېگەننى، — مىراۋۇش ئۇن قاتتى. ئۇنىڭ قورسىقى بەكرەك ئېچىپ كەتكەن ئىدى.

— ياق، «ئېيىق پالۋان» نى ئېيتىپ بېرەي، قورقماي ياتىمىز.

— ماقۇل ئەمسە، شۇنى ئېيت، — ئېلدوس دەررۇ تۇرەكنى قۇۋۋەتلىدى. چۈنكى، ئۇ قورقۇۋاتاتتى. تۇرەك ئاسمانغا قاراپ يېتىپ چۆچەكنى باشلىدى: بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە، — ئۇنىڭ چۆچىكى باشلىنار-باشلانمايلا ھارغىنىدىن ئېزىلىپ

www.uyghurkitap.com



لايدەك بوشاپ كەتكەن ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش پىشلداپ ئۇيقۇغا غەرق بولۇشتى، تۇرەكمۇ «ئۆككۈرىدە» دېگەن سۆزنىڭ يېرىمىنى ئېغىزىدا قالدۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى.

چەكسىز كەتكەن قۇملۇق تورۇپلا ئېلدوس زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىرخىل يىپپىشقاق يۆگىمەچ چۆپلۈككە ئۆزگىرىپ قالغۇدەك. ئېلدوس تەنھا ئۆزى يىراقتىكى بىر دۆڭلۈكنى قارارلاپ كېتىۋاتقۇدەك. لېكىن، ئۇنىڭ پۇتى يۇمشاق قۇمغا پېتىپ زادىلا ماڭالمايۋاتقۇدەك. ئۇ تىت-تىت بولۇپ ئايىغى ئاستىغا قارىسا ئۇنىڭ پۇتى قۇمغا پاتماي ئاللىقاندا بىر يىپپىشقاق ۋە تال-تال چۆپكە چىرمىلىپ قېلىۋاتقۇدەك. ئۇ چۆپلەر شۇنچىلىك قويۇق ئىكەنكى، ئۇنىڭ پۇتى يەرنى ئەمەس، ئاشۇ قېلىن چۆپنى دەسسەپ تۇرغۇدەك. ئۇ پۇتلىرىنى چىرمىۋالغان چۆپلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇلقۇنارمىش، لېكىن ئۇ قېلىن چۆپلەر ئۇنى مەھكەم چىرمىۋېلىپ زادىلا ماڭغىلى قويمىغۇدەك، ئۇ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ئالدىغا ئىنتىلگۈدەك. لېكىن، بىرقەدەممۇ سىلجىيالمىغۇدەك. بىرچاغدا قارىسا يىراقتىن ئاق بوز ئاتقا مىنگەن بىرئادەم ئۇنىڭغا قاراپ چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇمىش. ئېلدوس ئۇ ئادەمگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى تۇۋلاپتۇمىش، لېكىن ئۇ قولىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ زادىلا مىدىرلىتالمىغۇدەك، ئۇنىڭ قولىنى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بېلىگە تېڭىۋېتىپتۇمىش، تۇۋلىسا نېمىشقىدۇر ئاۋازى چىقمىغۇدەك، ئۇ تىت-تىت بولۇپ تىپىرلىغۇدەك، لېكىن ھەرنېمە قىلسىمۇ ئايىغىنى ھېلىقى بىرخىل يىپپىشقاق ۋە قويۇق ئوت-چۆپنىڭ چىرمىشىدىن، قوللىرىنى باغلاقتىن بوشىتالمىغۇدەك. ئۇ كۆڭلىدە ھېلىقى ئاق بوز ئاتلىق ئادەم كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ دېگۈدەكمىش، لېكىن ھېلىقى ئاق بوز ئاتلىق ئادەم نېمىشقىدۇر بىرلا بۇرۇلۇپ يىراققا، ئاشۇ يۇرەك تاغ تەرەپكە ئات سېلىپ كېتىپ قاپتۇمىش، ئۇ ئادەم مېنى كۆرمەي قالدى دېگۈدەكمىش. ئۇ ھېلىقى ئادەمنى تۇۋلاپ توختىتىۋالماقچى بولۇپ يۇلقۇنغۇدەك، تىپىرلىغۇدەك، ۋارقىرىغۇدەك، ئۇنى بەگقۇلبەگ ئاتا ئىكەن، دېگۈدەكمىش، لېكىن ھېچ نەتىجىسى بولمىغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقىدا يىغلىۋېتىپتۇمىش. ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق ۋە ئۇزۇنغىچە يىغلاپتۇكى...

بىركەمدە قارىسا ئۇ ئۆزىنى يۇرەك تاغدا كۆرۈپتۇ. ئۇ يەردە دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرغۇدەك. ئېرىق-ئېقىندا كۆپكۆك سۇ شىرقىراپ ئېقىپ تۇرغۇدەك. قارىغۇدەك بولسا، كىچىككىنە بىر چوققىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ مومىسى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرارمىش، مومىسىنىڭ بېشىدا ئاق لىچەك، ئۇچىسىدا ئاق كۆڭلەك بارمىش، ئۇنىڭ قولىدا تېخى يېڭىلا يېقىلغان سەھرانىڭ داپتەك يوغان ۋە يۈزىگە پىياز، سىياھ دان سۈرگەن ئاق نېنى بار دېگۈدەكمىش، مومىسىنىڭ چىرايى نېمىشقىدۇر قايغۇلۇق-ۋە پەرىشان كۆرۈنەرمىش. ئېلدوس ئايىغىنىڭ ئاستىدىلا ئېقىپ تۇرغان مۇزدەك كۆك سۇدىن ئىچمەك بولۇپ سۇغا ئېڭىشكۈدەك، لېكىن سۇغا زادىلا تۇمشۇقىنى يەتكۈزەلمىگۈدەك، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى قولى باغلاقلىقمىش، ئۇ مومىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ مومىسىنىڭ قولىدىكى نانىنى پۈتۈن پېتى يەۋەتكۈسى كەپتۇ-دە، مومىسى تۇرغان چوققىغا ئىنتىلىپتۇ. لېكىن، ئۇ پۇتلىرىنى زادىلا مىدىرلىتالمىغۇدەك. چۈنكى، يەنىلا ھېلىقى ئۆلگۈر يىپپىشقاق چۆپلەر ئۇنىڭ پۇتلىرىنى مەھكەم چىرمىۋالغانىكەن. مومىسىغا قاراپ تەلمۈرۈپ-تەلپۈنۈپتۇ. ئۇ

مومىسىنىڭ پەسكە چۈشۈپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتۈپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ مومىسى ئېمىشقىدۇر چوققىدىن چۈشمىگۈدەك. ئۇ مومىسىنى قىچقىرىپتۇ. لېكىن، ئاۋازى چىقمىغۇدەك. قارىسا ئۇنىڭ ئاق لىچەكلىك مومىسى بىردىنلا قوڭۇر ۋە بۇدىرە چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرغان، ئۇچىسىغا ھال رەڭ شايى كۆڭلەك كىيگەن ياش ۋە چىرايلىق بىر ئايالغا ئۆزگىرىپ قاپتۇمىش، ئېلدوس بىر تۇرۇپ ئاپىسى دېگۈدەكمىش، بىر تۇرۇپ كۆركلە ئىنە دېگۈدەكمىش... ئۇ ئايالنىڭ چىرايىمۇ خۇددى مومىسىنىڭ چىرايىغا ئوخشاشلا غەمكىن، قايغۇلۇق ۋە پەرىشان كۆرۈنەرمىش، ئۇ ئايال كىمدىندۇر خاپا ئىمىش. ئېلدوسقا خاپا بولغان ئوخشايدۇ. ئېلدوسنى نېمىشقا بەگباشلىق قىلىپ موماڭنى تاشلاپ يۈرەك تاغقا باردىڭ دەۋاتامدىكىن ياكى يۈرەك تاغقا نېمىشقا بالدۇرراق كېلىپ مېنىڭ قەبرەمنى يوقلىمىدىڭ دەۋاتامدىكىن؟ ئاپا، خاپا بولما! كۆركلە ئىنە خاپا بولما! مەن ئەمدى مومامنى ھەرگىز تاشلىمايمەن، ئاپا، سېنى ھەرگىز تاشلىمايمەن. كۆركلە ئىنە، سېنىمۇ ھەرگىز تاشلىمايمەن ۋە ئۇنتۇمايمەن! ئەمدى ھەركۈنى كېلىپ سېنى يوقلايمەن. راستىنلا... ئېلدوس چوققىدىكى ئاپىسىنى (يا بولمىسا كۆركلە ئىنەنى) قۇچاقلىماق، ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتماق بولۇپ چوققىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوللىرى مەھكەم باغلاقلىق، پۇتلىرىغا ھېلىقى ئۆلگۈر يېپىشقاق چۆپلەر چىرمىشقلىق بولغاچقا ئورنىدىن قوزغىلالمىغۇدەك، يەنە كېلىپ ئاللىقانداق ئېغىر، يۇمشاق بىرنەرسە ئۇنى قىمىرلىغۇسىز قىلىپ مەھكەم بېسىۋاپتۇمىش. ئۇ تىپىرلىغۇدەك، يۇلقۇنغۇدەك، يىغلىغۇدەك. ئاپا، موما، كۆركلە ئىنە، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار...

لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ پەريادىغا قۇلاق سالماپتۇ. يەر ۋە ئاسمانمۇ ئۇنىڭغا پەسەنت قىلمىغۇدەك. چۈنكى، ئۇنىڭ تىپىرلىشى، ۋارقىرىشى بەكمۇ ھالسىز، بەكمۇ ئاجىز، بەكمۇ بىچارە ۋە بەكمۇ ئۈمىدسىز ئىكەن... ئۇ ئاپىسىغا، مومىسىغا، كۆركلە ئىنەگە، بەگقۇلبەگكە، زېمىنغا، كۆككە، يۈرەك تاغقا ئاڭلانغۇدەك، تەسىر قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ قوللىرى باغلانغان، ئاياغلىرىنى ھېلىقى ئۆلگۈر يېپىشقاق چۆپلەر مەھكەم چىرمىۋالغان، ئۈستىدىن ئېغىر، يۇمشاق بىر كېلەڭسىز مەخلۇق مەھكەم بېسىپ ئالغانىكەن. ئۇ يىغلاپتۇ، تۆكۈلۈپ-تۆكۈلۈپ يىغلاپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ يىغىسى ئۈنسىز، ئاجىز، ھالسىز ۋە تەسىرسىز ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ھېچكىم قۇتقۇزماپتۇ. ئاھ، خۇدا، ئاھ، موما، ئاھ، كۆركلە ئىنە. ئاھ، بەگقۇلبەگ ئاتا، دادا، ئاپا مېنى قۇتقۇزۇڭلار!

## 5-باب

ئۇلارنى ئەتىسى شامالنىڭ قاتتىق ھۇشقۇتىشى ئويقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. ئېلدوس ھەممىسىدىن ئىلگىرى ئويغانغانىدى. چۈنكى، كېچىچە ئۇنى قارا بېسىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىغانىدى. ئۇ كۆزىنى تەسلىكتە ئېچىپ ئۆزىنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى دەررۇ ئېسىگە ئالالمىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقىنىنى، ئۈستىدە تۇرۇلۇپ-ساڭگىلاپ تۇرغان ئېغىر ۋە كېلەڭسىز بۇلۇتلۇق ئاسماننى كۆردى. ئۇ تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com



ئەتراپىغا ھاك - تاكلىق ۋە ئىسەنكىرەش ئىچىدە نەزەر تاشلىدى ــ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز - ئېگىز قۇم بارخانلىرى قورشاپ تۇراتتى. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن چەكسىز كەتكەن قۇملۇقنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى زومچەك ياتاتتى ــ بۇلار قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان مىراۋۇش بىلەن تۇرەك پىتلار ئىدى. ئېلدوس پەقەت شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ تۆنۈگۈن يۈرەكتاغقا بارىمىز دەپ قۇملۇققا كىرگەنلىكىنى ۋە بىر كۈن كەچكىچە يول يۈرۈپ يۈرەكتاغقا يېتەلمەي قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە يېتىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كۈچەپ قوپۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ باش - كۆزىدىن شىرقىراپ قۇم تۆكۈلدى. ئۇنىڭ گەدىنىگە، ئۆسكىلەڭ بۇجغۇر چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا، بۇرۇن - قۇلاقلىرىغا، كۆز چاناقلىرىغا قۇم توشقاندەك ئىدى. ئۇ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ سىلكىدى، قۇلاقلىرىنى، بۇرنىنى كوچىلاپ قۇمنى تازىلىدى. شۇ ئارىدا مىراۋۇش بىلەن تۇرەك پىتمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئويغىنىشتى. ئۇلارمۇ باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، گاڭگىراپ قالغاندەك ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراشتى.

بۈگۈن ھاۋانىڭ تەرى باشقىچىلا يامان ئىدى. تۆنۈگۈن تىپتىنچ تۇرغان قۇملۇقتا بۈگۈن كۈچلۈك شامال ھۇشقۇتاتتى. قاپقارا ۋە ئېغىر بۇلۇتلار ھېلىلا بېسىۋالىدىغاندەك باش ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. قۇملۇق قارا، كۈل رەڭ سىياقتا بوزىرىپ ئېلدوسنىڭ كۆزىگە يات ۋە يوچۇنلا كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن ئىنجىقلاپ قوپۇشتى ۋە كىيىملىرىدىكى قۇمنى قېقىشتى، ئاياغلىرىنى يېشىپ، ئۇنىڭغا لىق توشقان قۇمنى تۆكۈشتى.

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنچىقمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەيۇس، بىچارە كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئاياغلىرىنى كىيىپ بوقۇشلىرىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى قانداق قىلىمىز دېگەندەك بىر - بىرىگە كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ ئۈنسىز قاراشتى. ئۇلار بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا جۇدەپ - تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ توپا باسقان، تاتارغان چىرايلىرىدىن، قۇرۇپ گەز باغلاپ، قوۋزاقلىشىپ كەتكەن قۇرغاق لەۋلىرىدىن، ھېرىش، ئاچلىق، تەشنالىق ۋە قورقۇشتىن كىرتىيىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىرخىل ئىشەنچسىزلىك ۋە تېگى يوق ئۈمىدسىزلىك ئەلەڭگىپ تۇراتتى.

ئاخىر تۇرەك پىت ئېغىز ئاچتى:

ــ ئۇسساپ ئۆلگۈدەك بولدۇم، ــ ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى كۈچ بىلەن يالىدى.

ــ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، ــ دېدى مىراۋۇش بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ــ مېنىڭمۇ... ــ دېدى ئېلدوس بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك ئۈمىدسىز پىچىرلاپ.

ئۇلار تۆنۈگۈن ئەتىگەندە ئىچىشكەن چاي بىلەن ئىدى. بىركېچە - كۈندۈزدىن بۇيان بىر تامچە سۇ، بىر بۇردا نان كۆرمىگەنىدى. ئۇلار بىر ھازاغىچە بىر - بىرىگە ئۈنسىز تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

شۇ ئەسنادا شامال بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى، چۆل ئاسمىنى مانانلاشقىلى تۇردى.

يىراق-يىراقتىن بىرقەۋەت قېلىن، قويۇق توزان ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلۈپ ئاستا-ئاستا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. قېلىن بۇلۇت قاتلىمى ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان كۈننىڭ يۈزى بارغانسېرى تۇتۇلغىلى تۇردى. باللار سوغۇقتىن دىرىلداپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ يۈز، بىلەكلىرىدىكى سېرىق تۈكلەر تىكلىشىپ، ئەت-يېنىغا توخۇئەت بۈرتۈپ چىقتى.

— قانداق قىلىمىز؟

بىر ھازادىن كېيىن تۆرەك پىت ئۆزىگە مەدەت بەرمەكچى بولغاندەك گېلىنى كۈچ بىلەن قىرىپ سورىدى:

باللار ئۇنىڭغا ئۈنچىقماي سوئال نەزەرىدە تىكىلىشلىرى بىلەن جاۋاب بەردى.

— قانداق قىلىمىز دەۋاتىمەن! — تۆرەك پىت ئۇلارنىڭ ئەپتىگە قاراپ رەللە بولغاندەك زەردە بىلەن تەكرارلىدى.

ئىلدوس بىلەن مىراۋۇش يەنىلا ئۈنچىقمىدى. تۆرەك پىت ئۇ ئىككىسىگە ھەيران بولغاندەك لەپپىدە قارىدى-دە، ئۇلاردىن رەنجىگەندەك ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ئۇدۇلىدىكى ئىگىز بارخان تەرەپكە ماڭدى.

— سىلەر ماڭمىساڭلار مەن ماڭىمەن، — ئۇ كېتىۋېتىپ غودۇڭشىدى.

تۆرەك پىتنىڭ ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئىلدوس بىلەن مىراۋۇشمۇ ئالدىراپ قالدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ تەڭلا سوراشتى:

— نەگە بارىسەن؟

تۆرەك ئورنىدا توختاپ ئارقىسىغا قاراپ دېدى:

— يۇرەك تاغقىچۇ؟! شۇ يەرگە بارىمىز دېيىشكەنغۇ؟

— ئۆيگە قايتىپ كېتەيلى. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — ئىلدوس يىغلامسىراپ دېدى. ئۇنى شۇ تاپتا قىيناۋاتقىنى ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن بەكرەك، قورقۇنچ ئىدى. ئۇنىڭغا خۇددى ھازىرلا قايسى بىر قۇم بارخاننىڭ ئارقىسىدىن قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇق لوڭگىدە چىقىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۆزى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بۇ غايەت زور ۋە چۈشىنىكسىز قۇملۇق ئۇنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاجايىپ گۈزەل خىياللارغا چۈلغاپ، قىزىقتۇرۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئىلدوس ئۆزىنى ئاشۇ قۇملۇقنىڭ باغرىدا كۆرگىنىدە تۇرۇپلا ئۇنىڭدا بىر خىل يېتىرقاش، ئەيمىنىش، خەۋپسىرەش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ تۇيغۇ ئۇنى بولۇپمۇ بۈگۈن بارغانچە ئىسكەنجىگە ئېلىپ قىسىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۇرەكتاغنى كۆرۈش، ئۇ يەردىكى بەگقۇلبەگ ئاتا ۋە كۆركەم ئانىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئىستىكى بىردەمدىلا كۆپۈككە ئايلىنىپ، بۇ قورقۇنچلۇق تىمتاس قۇملۇقتىن بالدۇرراق چىقىپ كېتىپ، مومىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىش تۇيغۇسى ئۇنى ئالدىراتماقتا ئىدى.

— شۇنداق قىلايلى، قايتىپ كېتەيلى، مېنىڭ قورسىقىممۇ بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى مىراۋۇش تۆرەككە يېلىنغاندەك ئاھاڭدا.

قىزىق، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەردائىم ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان، باللار ئۇنچە ياراتمايدىغان بۇ تۆرەك پىت بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا نېمىشقىدۇر ئىلدوسقا باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇۋاتقىنىنى ئىلدوسمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چۈشەنمەيتتى. تۆنۈگۈن كېچە ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش سوغۇقتىن تۇگۈلاپ تىترەپ ياتقىنىدا تۇرەك پىت خۇددى چوڭلاردەك ئۇلارغا باشپاناھ بولۇپ ئۇلارغا ئىسسىق تۆشەك تەييارلاپ بەرگىنى ئۈچۈنمىكىن-ھە؟ يەنە تېخى، چايان چېقىۋالمىسۇن دەپ ئۇرەكنىڭ چۆرىسىگە سىيدۈرگىنىچۇ! نەدىن ئاڭلىۋالغان ئىدىكىن-ھە؟ شەھەرنىڭ تۇرەك پىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللىرى ئۇنداق ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن... ئۇلار پەقەت پۇل خەجلەشنى، كىنو-تېلېۋىزور كۆرۈشنى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناشنىلا بىلىدۇ... ئاددىيسى، ئۇگۈلاپ بىرەر چۆچەكنىمۇ ئېيتالمايدۇ. تۇرەك پىت جىمى چۆچەكنى بىلىدىكەن. يەنە تېخى چوڭ ئادەملەردەك سۆزلەيدىكەن... ئېلدوس تۇرەك پىتنىڭ ئەقلىگە، ئۆزىنى تۇتۇشىغا ھەيران قالغانىدى. ئۇ قورقۇپ ياتقىنىدا تۇرەك پىتنىڭ «ئېيىق پالۋانىنىڭ چۆچىكىنى ئېيتىپ بېرەي قورقماي ياتىمىز!» دېگىنىچۇ! ئۇ ئېلدوسنىڭ قورقۇپ ياتقىنىنى قانداق بىلىۋالدىكىن؟ تۇرەك نوچى ئىكەن. ئۇ راستىنلا قورقمايدىكەن! قورقمىسا نېمىدېگەن ياخشى ھە! بەگقۇلبەگ قورقمايدۇ، چوڭ ئادەملەر قورقمايدۇ. ھە راست، ئاخشام ئۇنىڭ چۆچىكىنى ئاڭلىمايلا ئۇخلاپ قالدىممىكىن؟ ئېلدوس لېۋىنى چىشلىدى. تۇرەك پىت مىراۋۇش بىلەن ئېلدوسنى ياراتمىغاندەك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ كۆزلىرىنى قىستى.

— سىلەر... سىلەر كەتسەڭلار كېتىڭلار، مەن يۇرەك تاغقا بارماي قويمايمەن. ئوغۇل بالىمىش تېخى!

ئېلدوس تۇرۇپلا تۇرەك پىت بىلەن بىرگە مېڭىشنى خالاپ قالدى. ئۇنىڭغا تۇرەك پىت بىلەن ماڭسا نېمىشقىدۇر ياخشى بولىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. راست، تۇرەك پىت بار يەردە ئۇ ئۇنچىلىك قورقۇپ كەتمەيدىكەن. ئاخشام بۇنى چۈشەنمىدى. مىراۋۇشچۇ؟ مىراۋۇش ئەقىللىق بولغىنى بىلەن يەنە نېمىشقىدۇر تۇرەك پىتقا يېتەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ قورسىقى ئاسانلا ئېچىپ كېتىدىكەن، كەچكىچىلا قورسىقىم، قورسىقىم، دەۋېرىدىكەن. تۇرەك پىت ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقىنىغا چىدايدىكەن، راست، ئۇ نېمىشقىدۇر مىراۋۇشتەك قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، دەپ قاقشىمىدى. ئۇنىڭمۇ ئاچتى بولمىسا... ئۇ ھەممىدىن، ئاچلىقتىنمۇ قورقمايدىكەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**



يازغۇچى باغراش 1952-يىلى قاراشەھەردە تۇغۇلغان. 1987-يىلدىن بۇيان شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلە-ۋاتىدۇ.

مۇھەممەتجان راشىدىن

# جىمى جايدا جاراڭلار يېڭى يىللىق قەدەھ-جام

## بولدى كۆزۈم ئىشكتە

يېڭى يىللىق قەدەھكە يەتمەيدىكەن قەدەھلەر،
يېڭى يىللىق قەدەھنىڭ قەدىردانى مەن، گۈلۈم.
مەي ئىچكەندەك بولمايمەن نېمىشقىدۇ، بىراقتا
يېڭى يىللىق سورۇندا كۆرۈنمىسەڭ سەن، گۈلۈم.

ھارپا كۈنى دۇنيانىڭ تۆت چېتىگە بويلايمەن،
مېنىڭ يارىم گۈل تۇتۇپ قايسى ياقتىن كېلەر، دەپ.
ئۇلتۇرامدۇ پەيتۇندا، ياكى ئۇچۇپ كېلەمدۇ،
مىنىپ كەلسە مۇبادا قانداق تۇلپار مىنەر، دەپ.

كېلەر يىلى كېلۇر دەپ كەلدىم سېنى ھەر يىلى،
يارىڭ قاچان كېلۇر؟ دەپ كىم سورىسا شۇنىڭغا.
يەنە بىرى يىللارنىڭ كېلىپ قاپتۇ يېڭىدىن،
سەن كەلمىسەڭ بۈگۈنمۇ نېمە دەيمەن ئۇنىڭغا؟

بىر ھۇجرىغا جەم بولۇپ تالاي ئاشىق-مەشۇقلار،
يېڭى يىلدا مەركە-توي قىلغىنىنى كۆرگەنسەن؟!
كىم بىلىدۇ شۇ ئاخشام تەنھالىقتا كۆنەلمەي،
خەتلىرىمنى ئۆزۈڭمۇ يېنىپ-يېنىپ سۆيگەنسەن؟

جىمى جايدا جاراڭلار يېڭى يىللىق قەدەھ-جام،
يايرايدىكەن شۇندىمۇ جۈپتى بارلار باشقىچە.
ئۇڭ يېنىمنى سەن ئۈچۈن شۇڭا ئەتەي بوش قويۇپ،
بولدى كۆزۈم ئىشكتە تۈن يېرىمدىن ئاشقىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىر يېنىمدا ئولتۇرساڭ تەگرى ئۆزى قوشقاندەك
خوپ بولمامتى جاھانغا بىزدىن ۋىسال كۆرۈنسە؟!
چۆمۈلمەمتى شەرەپكە تارىخىمىز، بىزدىكى
ئالىيمىدىن سۆيگۈنىڭ يەنە بىر بەت ئۆرۈلسە؟

ئەمدى قۇشلار نە قىلسۇن دالالاردا قار باسقان،
ئاۋازىنى شۇلارنىڭ ئاۋازىڭ دەپ بىلەتتىم.
سېنتەبىردە تارتىشىپ شۇڭا باقتىم كەينىمگە،
جامالىڭنى مەن سېنىڭ، چۈنكى، يازدىن كۆرەتتىم.

جۇدالىقتا، سۇكۇتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن،
كەلمىسەڭمۇ شۇ تاڭنى ئاتقۇزىمەن ئەلەمدە.
ئىغىز ئېچىپ بولامدۇ بىراۋلارغا دەردىمدىن،
يەتكۈزەرمەن خەت يېزىپ بىر ئۆزۈڭگە قەلەمدە.

مەرىكىلەرنىڭ چوگى دەپ، يېگى يىلنى، دىلبىرىم
ئاتاپ قويدۇم سەن بىلەن بولۇنغۇسى دىدارغا.
قار ئاستىدا ياتسىمۇ ئۈيقۇدىكى دالالار،
سەن بار سورۇن، كەل گۈلۈم، ئايلىنىدۇ گۈلزارغا.

## جىمىپ كېتەي دەپباقتىم...

جىمىپ كېتەي دەپباقتىم، بولالمىدىم جىم لېكىن؛
سەنسىز چۈنكى مەن ئەسلا رايىشلىقتا كۆنمىدىم.
سېغىنىشتا يۈرىمەن سەۋدايىغا ئايلىنىپ،
تۈمەن شۇكرى، ھېلىمۇ كۆيۈپ يۈرۈپ ئۆلمىدىم.

ئۇنتۇپ كېتەي دەپ باقتىم، ئۇنتالمىدىم مەن سېنى،
ئاسىيلىقكەن ئويلىسام ئۇنتۇش دېگەن يارنى.
كەلدىمكىن دەپ سېنى قاراپتىمەن رۇجەكتىن،
شامال كېلىپ سۈپۈرسە ئىشىكىمنىڭ قارنى.

باشقىچە بىر ئىش ئىكەن، ئەمدى بىلدىم، ئاشىقلىق،
ئاشناچىلىق ئەمەس ئۇ يارى تۇرۇپ يار تۇتقان.
تاشلىۋەتكەن بولامدىم تەڭرى بەرگەن تەلەينى،
قايسى ئانا ئالەمدە ماڭا سەندەك يار تۇغقان؟!

ئۇخلىماستىن تاڭغىچە ناخشا ئېيتىپ چىققانلار،
چىنپۇتمىسەڭ تىڭشاپباق، قوشىقىدا ياردەيدۇ.
كىرەلمەستىن بېغىڭغا مەنمۇ شۇنداق زارلايمەن،
بىرلىرىدىن ئاڭلىسام، يار ئىشكى تار دەيدۇ.

جىمىپ كېتەي دەپپاقتىم، بولالمىدىم جىم لېكىن،
بولۇپ باقتىم تەسەللى جايىنامازدىن تاپماقمۇ.
تاپمايدىكەن تىنچلىق ئەمما سەنسىز بۇ كۆڭۈل،
ئازاب بولدى ھەركۈنى سەنسىز يالغۇز ياتماقمۇ.

كېچىپ كېتەي دەپپاقتىم، يىغلىۋەتتىم شۇ ھامان،
سەندىن كەچسەم شۇ ئىكەن تۆكۈلگىنى يۈزۈمنىڭ.
سۆزلەپ تۇرۇپ ۋاپانى، شۇ ۋىسالغا يەتكۈچە،
كەچسەم ئېقىپ كەتمەمدۇ قارچۇقلىرى كۆزۈمنىڭ؟!

يېتىپ قالساڭ يادىمغا ئايلىنىمەن يانغىنغا،
بۇ يانغىنغا ئاسماننىڭ يسۇ چاچقىنى كار قىلماس.
يىغلاپ-يىغلاپ ئاخىرى توختايدىغان جاھانكەن،
مېنى تەگرىم سەن ئۈچۈن مەڭگۈ مۇنداق زار قىلماس.

تەرك ئەتمەك تەس بولدى سېنى كۆرمەي دۇنيانى،
چۈشۈمدىمۇ سەن بولدۇڭ تاڭ ئاتقىچە كۆرگىنىم.
كېچەلمىدىم سېنىڭدىن، سەۋەبىنى بىلىپ قال:
يىگىتلىك، دەپ سانالدى بۇ ھىجرانغا كۆنگۈنۈم.

## رەستلەرگە چىقىپسەن...

سەن توغرۇلۇق تۆنۈگۈن پاراڭ بوپتۇ رەستىدە،
مەن توغرۇلۇق نېمىشقا ئۇلار ئېغىز ئاچمايدۇ؟
سەن بار يەردە مەن بارغۇ، بىلىپ تۇرۇپ بارىمنى،
ساڭا چاچقان چاچقۇنى ماڭا نىچۈن چاچمايدۇ؟

ماختىنىپتۇ بىرلىرى سېنىڭ بىلەن كېزىلىپ،
قاچان بولۇپ قالغانتىڭ سەن شۇلارنىڭ يېقىنى؟
باقماي يۈرسەم شۇلارغا مەن قىزغىنىپ سېنىڭدىن،
قويغانمىدىڭ كۆرسىتىپ سەن چىشىڭنىڭ ئېقىنى؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆڭۈل بەرمە شۇلارغا، ئۇلار ھەرگىز مېنىڭدەك
كۈن چۈشكەندە بېشىڭغا قوراي ئوروپ بەرمەيدۇ.
تاشلاپ كېتەر گەمگە، ساراي ئىزدەپ ئۆزلىرى،
ئېگىزلاردا سەن بىلەن ھەرگىز باشاق تەرمەيدۇ.

تەگرى بەرگەن ھاياتنى تەڭ كۆچۈرمەس سەن بىلەن،
سۆيگۈدىمۇ ئۇلارنىڭ ساداقىتى گۇمانلىق.
قۇيۇپ تۇرسام ھەرقاچان قۇلىقىڭغا جىمنى،
مەن يوق يەردە سەن يەنە سورىشىپسەن ئامانلىق.

يەپ چىقىپتۇ، ئاڭلىسام، ئالما، شاپتۇل بېغىڭدىن،
مەن تۇرغاندا شۇلارنى چىللىغىنىڭ راستىمدۇ؟
دۈشمەنىڭغۇ ئەزەلدىن تاپمايدىغان گېپى يوق،
مېنى شۇلار ئالدىدا تىللىغىنىڭ راستىمدۇ؟

شۇلار تۇتسا ئۇسسۇلغا يۈگرەپ قوپۇپ ئويناپسەن،
رەقىپلىرىم شاد ئىكەن كەلتۈردۇق دەپ ئىندەككە.
گاھ ئۆزۈمنى بەزلەيمەن سورۇن ھۆكمى شۇنداق دەپ،
ماڭارسەنمۇ يۈر، دېسە، شۇلار سوققان كۆزلەككە؟!

رەستىلەرگە چىقىپسەن قېنىق ئوسما قېشىڭدا،
يۈرگىنىڭنى كىپىكتەك جىمى ئىنسان كۆرۈپتۇ.
يەرگە چۈشكەن ئاي بولۇپ كۆرۈنگەندە رۇخسارىڭ،
بىرى بىھوش، بىرلىرى سېنى ئەگىپ يۈرۈپتۇ.

ئىچ-ئىچىمگە ئوت كەتتى ئاڭلىغاندا شۇلارنى،
قىيىن ئىكەن، راستمۇ، دەپ يېڭىباشتىن سورىماق.
ئىچ-ئىچىمدىن تۈگەشكەن بۇ سۆيگۈدە مەن پەقەت،
قازىنىدا ھەسرەتنىڭ بوپسەن مېنى قورىماق.

پەرەنجىگە ئۆچ ئىدىم، ئەمما بۈگۈن نىچۈندۇ،
ئارتماپتۇ، دەپ پەرەنجە سېنى قاتتىق كايىدىم.
كۈندەشلىكىم تۇتقاندا ئۆلۈپ ئالاي دېگەنتىم،
ئايسامۇ ئۆزۈمنى پەقەت سەنچۈن ئايىدىم.

تارقىتىدۇ يالغان گەپ شۇلار سېنى يارىم دەپ،
كۆرۈشمەككە قول سۇنسا، تۇتقۇزمىغىن قولۇڭنى.
يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كەت مەن توغرۇلۇق گەپ ئاچسا،
ماڭغۇەرگىن توختىماي خىزىر بەرگەن يولۇڭنى.

كىتاب-دەستۇر ئەمەسمەن ساڭا ئەقىل بېرەرگە،
نادانىدۇرمەن ئالدىڭدا، دانالىقنى بىلمەيمەن.
بۇيرۇپ يۈرمە ئەيىبكە بىچارەڭنى شۇندىمۇ،
مەن كۈنلىسەم، ئەلۋەتتە، ئۆز يارىمنى كۈنلەيمەن.

كۈلۈپ يۈرمە كۈلگەنگە، كۈلۈۋەرسۇن ئۆزلىرى،
ناخشا ئېيتساڭ يالغۇز ئېيت، ئاشۇلارغا قېتىلما.
ئەمىن تاپسۇن بۇ كۆڭلۈم، ئىرادەڭدىن ئۈچۈر بەر،
پەقەت مېنىڭ گۈلۈمسەن، ئۆزگىلەرگە ئېچىلما.

كۆرۈنمىسەڭ ياخشىتى كوچىلاردا شۇلارغا،
مەنلا بولاي كۆڭلۈڭدە، باشقىلارغا باقمىغىن.
مەيلى دەيمەن كۈل بولسام، مەنلا كۆيەي ئوتۇڭدا،
چوغ كۆتۈرۈپ شۇ ئوتنى ئۆزگىلەرگە ياقمىغىن.

## سەن يازغان خەتلەر

سەن يازغان خەتلەردە خەتەر نەقىلسۇن،
ۋاپاسىز دېگەن گەپ — دۈشمەنىنىڭ گېپى!
بىزدىكى سۆيگۈنى ئۇلار نە بىلسۇن،
يوق بىزدە ئەزەلدىن ۋاپانىڭ چېكى.

كۈتمەن سېنىڭدىن ھەر كۈنى بىر خەت،
بىلمەسمەن، ئاز ماڭا ئايدا يازغىنىڭ.
ئاز يازساڭ يازدىڭكى، تۈمەنمىڭ شۈكرى،
ھېلىمۇ يوق سېنىڭ يولدىن ئازغىنىڭ.

مەن ئۈچۈن ئۇستازدۇر سەن يازغان خەتلەر،
مەن سېنى سۆيۈشنى ئۆگەندىم سەندىن.
ۋىسالسىز ھىجرانغا غەمخانە ئىدىم،
سەن يازغان خەت بىلەن قۇتۇلدۇم غەمدىن.

يېزىپسەن، ئايلىناي، شۇ خەتلىرىڭدە
ئېيتمىغان گەپلەرنى كۆرۈشكەندىمۇ.
قۇرلارغا تۆكۈلۈپ كەتتى شۇ پىتى
تۆكمىگەن سىرلىرىڭ سۆيۈشكەندىمۇ.

سېغىنىدىم! دېگەننى ئاغزىڭدىن ئەمەس،
ئاڭلىدىم تۇنجى رەت خېتىڭدىن پەقەت.
پىچىرلاپ تۇرغانىدەك قىلسەن سۆي دەپ،
ئوقۇسام سەندىمۇ تۇگەپتۇ تاقەت.

سەن يازغان خەتلەرگە باغلىنىپ قالدىم،
خېتىڭنىڭ ھەر قۇرى زەنجىرۇ ئارقان.
سەن يازغان خەتلەردىن ئالدىم قولۇمغا
ئىنئاۋاغا قىلىچ-تىغ، ئۆسەككە قالقان.

سەن يازغان خەتلەردىن بېشىم ئاسماندا،
ياخشىنىڭ يارى، دەپ قۇتلاشماقتا ئەل.
يوقالدى نەگىدۇر گادايلىقلىرىم،
سەن يازغان خەتلەردىن بولدى مۈلكۈم تەل.

يېزىپتۇر ئامرىقىم، شۇنداق خەتلەرنى،
تون بىلەن تاج ماڭا سەن يازغان خەتلەر.
سەن يازغان خەتلەردىن يېقىنلاپ ۋىسال،
يىراقلار مېنىڭدىن ھىجرانۇ دەردلەر.

## كەل

كېلەر بولساڭ ئەمدى، يار، كەتمەيدىغان بولۇپ كەل،
ئەگەر بولمىسا بىر ئاخشام كەچلەيدىغان بولۇپ كەل.
تۆرەلگەنمىز ۋاپادىن، شۈبھىلەرگە نە ھاجەت،
جاندىن كەچسەڭ مېنىڭدىن كەچمەيدىغان بولۇپ كەل.
ياغلىق بولسۇن قولۇڭدا كۆز يېشىمنى سۈرتكىلى،
مېنى ئالداپ يالغان ئاش ئەتمەيدىغان بولۇپ كەل.
كۆز ياشلارغا كىم خۇشتار، بىزدە كۆلكە كۆپ بولسۇن،
ئالتە كۈلۈپ، بىر يىغلاپ پەسلەيدىغان بولۇپ كەل.
بىللە چاپقان ئۆستەڭنىڭ ھېكايىسى ئۇنتۇلماس،
بۇ كۆڭلەرنى تا مەڭگۈ ئەسلەيدىغان بولۇپ كەل.
بىللە چېچىپ ئۇرۇقنى ئېتىزىغا جۇپلۇكنىڭ،
يەنە بىللە خامانلار چەشلەيدىغان بولۇپ كەل.
ئىنسان دېگەن دۇنياغا دەرد تارتقىلى كەلمىگەن،
جۇدالىقتا دەرد-ئەلەم چەكمەيدىغان بولۇپ كەل.
قاچانغىچە يۈرىمىز كاككۇك بىلەن زەينەپتەك،
دۈشمەن ئاتقان تاش-داڭگال يەتمەيدىغان بولۇپ كەل.

1994-يىل 20-نويابىر

ئابدۇسالام توختى

# هاياتلىق يولى

## هاياتلىق يولى

(يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىلارغا بېغىشلايمەن)

ئۆچۈرۈپ ئۆينىڭ چىراغلىرىنى،
كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتكىلى نەۋاق.
ۋە لېكىن بىر ئۆيدە يېرىم تۈنگىچە

تۇرىدۇ نۇرلىنىپ ئۆچمەستىن چىراغ.
ئەل شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان كېچىدە،
كىمدۇر ئۇ ئۈستەلدە يېزىپ ئولتۇرغان؟

كىتابلار دۇنياسى ئىچىگە چۆكۈپ،
بىلىم جەۋھىرىنى قېزىپ ئولتۇرغان؟
ئۇ ئىدى ھۆرمەتلىك ئۇستاز-مۇئەللىم
خەلقنىڭ پەرزەنتى ياش قىز گۈلستان.
ئۆزىنىڭ باھاردەك ئىللىق قەلبىنى
مائارىپ ۋە ئىلىم-پەنگە ئاتىغان.
قارساڭ ئۇنىڭغا زوقۇڭ كېلىدۇ،
شۇنچىلىك يېقىملىق،
شۇنچە خۇش چىراي.
خىسلەتلەر يابىدا ئۇ بىر پەرىزات،
ھۆسنىدىن خىجىلدۇر كۆكتە تولۇنئاي.
كېچىلەر ئۇخلىماي، تىرىشىپ بۇ قىز
كىتابلار ئىچىدىن جەۋھەر ئىزدەيدۇ.
بىلىم ئوكيانىدا ئۈزۈپ غەۋۋاستەك،
ئەڭ ئېسىل، قىممەتلىك گەۋھەر ئىزدەيدۇ.
ئاجايىپ جاسارەت، ئىرادە، غايە
ئۇنىڭ ياش قەلبىگە، ۋۇجۇدىغا يار.
سۆيگىنى ئىلىم-پەن،
كۆيگىنىمۇ ھەم،
ئۇ ئىلىم يولىدىكى باتۇر پىداكار.

* *

ئۆتتى كۆپ قىممەتلىك كۈن، ئاي ۋە يىللار،
ھاياتلىق يولى زەپ مۇشكۈل ۋە ئۇزاق.
تۈن كېچە.
گۈلبوستان ئۆيدە يەنە
تۇرىدۇ ئۆچمەستىن نۇرلىنىپ چىراغ.

1994-يىل 11-ئاي، ئۈرۈمچى

## قارلىغىچىم

كۈز كەلدى،
قارلىغىچىم، ئوماق قارلىغىچىم،
كېتىمەن،
كېتىمەن، دەيدۇ ۋىچىرلاپ.
مەن دەيمەن:
ئەي مېنىڭ دوستۇم، سىردىشىم،
بارسەن قاياققا بىزلەرنى تاشلاپ؟
چىرايلىق ئەتىياز،
نۇرلۇق گۈزەل ياز،
ئىشكىم ئالدىدا يېقىملىق سايراپ؛
ھەر سەھەر ئويغىتار ئىدىڭ كۈيلەپ ساز،
قەلبىمگە بىر ئالەم شادلىق بېغىشلاپ.
كۈيلىرىڭ بىلەن شاد ئىدى ھەر كۈنۈم،
كۈيلىرىڭ بىلەن زەپ يايرايتتى كۆڭلۈم.
قارلىغىچىم تۇرۇپ قال،
بۇندا تۇت ماكان.
كەتمىگىن ئامرىقىم.
كەتمىگىن گۈلۈم.
قارلىغاچ سايرىدى ۋىچىرلاپ شۇئان:
كەتسەممۇ كېلىمەن،
بىر كۈنى يوقلاپ.
سەبرى قىل، قەھرىتان قىشلارمۇ ئۆتەر،
گۈلباھار قۇياشى كۈلىدۇ چاقناپ.
مەن ئۇچسەكەن يۇرتلاردا دوستلار يار ماڭا،
باغلانغان ئۈزۈلمەس چىن رىشتىم ئاڭا.
كېلىمەن پاشلار تىلىنى چوقۇپ،
كېلىمەن ئەجەل ئېيپ يىلان-چايانغا.
كېلىمەن،
كېلىدۇ نورۇز، گۈلباھار،
رەڭمۇ رەڭ گۈللەرگە پۈركىنەر باغلار.
نۇرلىنار كەڭ زېمىن،
بىپايان ئاسمان،
ياپيېشىل مەخمەلگە چۈمكىنەر تاغلار.
شۇ چاغدا تېخىمۇ جاراڭلىق سايراپ،
ۋاپادار قارلىغىچىڭ سېنى قۇچاقلار.

1975-يىل 24-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر قىزى

هۆر-پەرىزاتتەك گۈزەل، قەلبى باھار ئۇيغۇر قىزى،
بۇ ئەزىز تۇپراقتا ئۆسكەن بەختىيار ئۇيغۇر قىزى.
ھۆسنى ئالدىدا تولۇنئاي، ھەتتاكى نۇرلۇق كۈن خىجىل،
ھەممىنى مەپتۇن قىلار بىئىختىيار، ئۇيغۇر قىزى.
خۇددى سۇمبۇل چاچلىرى، قىيغاچ ھىلال ئاي قاشلىرى،
زەپ نازاكەتلىك، زىبا، مەگزى ئانار ئۇيغۇر قىزى.
خۇددى تاڭ چولپانىدەك چاقنايدۇ شەھلا كۆزلىرى،
ئاشۇ تال-تال كىرپىكىدىن نۇر تامار، ئۇيغۇر قىزى.
لەۋلىرى خۇددى گىلاس، خۇددى قىزىلگۈل غۇنچىسى،
چىشلىرى ئاپئاق سەدەپتەك گۈلنىگار ئۇيغۇر قىزى.
سۆيگۈسى ئاسمانچە يۈكسەك، سۆيگۈسى ئاتەش ئۇنىڭ،
ھەر يۈرەككە مەڭگۈ ئۆچمەس ئوت سالار ئۇيغۇر قىزى.
زەپ ئېسىل، شەرمى ھايالىق، قەلبى پاك ساھىبجامال،
سۆيگۈسى دەريا-دېڭىزدەك جۇش ئۇرار ئۇيغۇر قىزى.
شاھ سەنەم، ئامانىسا، زۆھرە ۋە غۇنچەم، رابىيە،
چىن ۋاپادارلىق ئەبەد قەلبىگە يار ئۇيغۇر قىزى.
ياگرىتىپ ئېيتقان مۇقامى قىلدى جاھانىنى مەھلىيا،
شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر قىزى.
خۇددى بۇلبۇلدەك گۈلىستان ئىچرە ئەيلەپ خۇش ناۋا،
كۈي-مۇقامى بىرلە جانغا جان قوشار ئۇيغۇر قىزى.
ئۇينىسا گەر زەپ نەپىس ئۇسسۇلىنى جەۋلان قىلىپ،
قوزغىتار زوقۇڭنى چەكسىز، جىلۋىدار ئۇيغۇر قىزى.
ئەلنى ئويلار، ئەل سۆيەر، ئەلگە كۆيەر پەرۋانىدەك،
ئەلگە سۆيگۈ-مېھرىدىن گۈللەر تۇتار ئۇيغۇر قىزى.
چىن ئىناقلىق بايرىقى ئاستىدا مەھكەم جەم بولۇپ،
بۇ ئۇلۇغ كارۋان يولىدا ماگدى قاتار ئۇيغۇر قىزى.
ماگلىيدىن ئۈنچە-مارجان تەر تۆكۈپ ئەل بەختىچۈن،
ھەر قەدەمدە ئۈندۈرەر گۈل تۆھپىكار ئۇيغۇر قىزى.
يۈزلىنىپ ئالەمگە ھەردەم، كۆزلەپ گۈزەل بىر پەللىنى،
مەرىپەت ئاسمانىدا پەرۋاز قىلار ئۇيغۇر قىزى.
تەلىيى-بەختى كۈلۈپ، نۇرلاندى ئىستىقبال يولى،
بۇ ئېسىل دەۋراندا ھېچ چەكمەس ئازار ئۇيغۇر قىزى.
ئەي زامانەمنىڭ قىزى، ئاسماندا چولپان يۇلتۇزى،
بولغاي ھەربىر قەدىمىڭ گۈل-لالىزار ئۇيغۇر قىزى.
كۈل قاقاقلاپ ھەرزامان بولغىن يامان كۆزدىن يىراق،
ئېسىل بوينۇڭدىن ئالماي تىل تۇمار ئۇيغۇر قىزى.

1993-يىل 3-دېكابىر، ئۈرۈمچى

رەخىم قاسىم

# رۇبائىيلار

1

ئىككى نەرسە بەكمۇ ئاشنا كېلىدۇ،
شادلىققىغا قايغۇ تەشنا كېلىدۇ.
كەلسە ئامەت، كەتمە بەكمۇ خۇش بولۇپ،
شۇ ئامەتكە دەرد تەقەززا كېلىدۇ.

2

غەمگە بولدۇم مۇپتىلا دەپ غەم يېمە،
جاننى قەستلەر غەم دېگەن يامان نېمە.
ھەركىشىنىڭ ئۆزىگە خاس غېمى بار،
مەنلا غەمكىن، باشقىلار غەمسىز، دېمە.

3

يۈرىكىم، بولساڭ ئىدىڭ گۆش ئورنىغا بىرپارچە تاش،
بىلمىسەڭ ھېسسىيات دېگەننى، كۆرمىسە كۆزۈممۇ ياش.
قايغۇدا مۈكچەيمىسەڭ، شادلىقتا ئەقلىڭ ئازمىسا،
بەك ئاسان بولماسمىدى، مۇنداق ئېغىر، مۈشكۈل ياشاش.

4

چالامولla ئۆلتۈرەر ئادەمنىمۇ،
ئاستىن-ئۈستۈن كەلتۈرەر ئالەمنىمۇ.
بى ئەقىل دۆتلەر سالار ئەل بېشىغا
تاغ كەبى ئېغىر ئازاب-ئەلەمنىمۇ.

5

بەزىلەر خۇش چىمچىقچە نام، مەنسەپ ئالسا،
نەپسى ئۇچۇن ئۆزگىلەرگە كۈلپەت سالسا.
بىل، ئادەمگە بۇندىن ئارتۇق ھاقارەت يوق:
سەن ئۆلگەندە ئەل كەينىڭدىن قارغاپ قالسا.

6

ھورۇن ئۇچۇن كۈن، سائەتنىڭ پەرقى يوق،
بەلكى ئاي، يىلدەك مۇددەتنىڭ پەرقى يوق.
يا ھاياتتىن، يا ئۆلۈمدىن غەم يېمەس،
بۇ ئالەم ۋە ئاخىرەتنىڭ پەرقى يوق.

7

تولدى يايلاقتا چىرايلىق گۈل-چېچەك،
بولدى مەپتۇن گۈل-چېچەككە ھەر يۈرەك.
كەلدى بىر توپ كالىلار يالماپ يېدى،
كالىلارغا گۈلمۇ ئوخشاش يەم-خەشەك.

8

ساداقەتلىك ئىگە ئەلدە ھۆرمەتكە،
ئالتۇندىنمۇ بىباھا زور قىممەتكە.
خەلقى ئۈچۈن جاندىن كەچكەن ئوغلانلار
كۈلۈمسىرەر كىرگەندىمۇ لەھەتكە.

## قېرىلىق ھەققىدە پارچىلار

1

بىرچاغدا ياش ئۇستاز ھازىر قېرىپ كەتتىڭ،
ئۆمۈر يولى بەك مۈشكۈل يول ھېرىپ كەتتىڭ.
بىراق باسقان ئىزلىرىڭغا پاك ئەجرىڭدىن
مەڭگۈ سولماس بەخت گۈلى تېرىپ كەتتىڭ.

2

ياشلار كۈلسە كۈلسۇن ھاسا تايىقىڭدىن،
رەنجىمىگىن ئۆز يېشىڭغا لايىقىڭدىن.
تىلىكىم شۇ: ھاساڭ بولسۇن مەڭگۈلۈك دوست،
ئۆتۈپ تۇرسۇن شامال ئىككى ئايىغىڭدىن.

3

كۆرگىن بىر پەس بولسىمۇ كۈن سېرىقىنى،
نەسىپ قىلسۇن يەنىمۇ كۆپ قېرىغىلى.
قېرىلىقنى سۆكمە، ئۆمۈر بوغداي ئەمەس،
كۈزدە ئۇرۇپ، ئەتىيازدا تېرىغىلى.

4

قېرىلىقتىن كەلگەندىمۇ تاغدەك ئەلەم،
بىزار بولماي بۇ ھاياتنى سۆيەر ئادەم.
زەررە نۇردىن قەترە سۇ، گۈل-گىياھقىچە
بىل، بەك گۈزەل يارالغان بۇ يورۇق ئالەم.

5

ئەي ياش يىگىت، قېرىلارنى قىلغىن ھۆرمەت،
ھىممىتىڭگە قېرىغاندا ياغار ئىززەت.
ياشلىقىڭدىن كۆرەڭلىمە، بىر ماقال بار؛
كېلەر ئاخىر بىرىيەرگە، بىر ئەرگە نۆۋەت.

ئابلىز ئوسمان

# يىلتىز ناخشىسى

يىراق-يىراقلاردىن،
يۈرىكىمگە يېقىن بىر جايدىن،
ئاڭلىنىدۇ ئاددىي بىر ناخشا
گويا بۆشۈك غىچىرلىشىدەك
كېلىپ ماڭا ئاستا ۋە ئاستا.
ئۇرۇلغاندا كۆكسۈمگە
قېنى ئەي سەن يۈرىكىم؟
بىھوش بولغان بېلىقتەك
لەيلىدىم مۇڭ قاينىمى ئارا.

خىيالىمغا چىرماشقان شۇ يول
يىپلىرىدا نۇر ۋە سۇباتىنىڭ
ئىلدى مېنى قارمىقى بىلەن.
چېكىپ روھىم دېرىزىسىنى،
يىلىنجاتتى جان يالقۇنىنى
بالىلىقنىڭ بارمىقى بىلەن.

ئويغىنىشتى چۈشنىڭ قۇشلىرى
قانات سىلكىپ ئىسسىق ئۇۋىسى —
ۋۇجۇدۇمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن.
جەننەت ئارا يامراپ تەبەسسۇم،
سۇبھىدىكى ھالرەڭ نۇر سىمان
ئېقىپ ئۆتتى تومۇرلىرىمدىن.

ئاشۇ يول،
يىراقلارغا سوزۇلغان،
جۇپ يۇلتۇزنىڭ ئىزلىرى قالغان،
سەرسان بولۇپ كەلگەندۇ نەدىن؟
چۈشكەندىمۇ يەرگە ئاسماندىن؟
مۇقامنىڭ مۇڭ دولقۇنلىرىدىن؟
ئامانىسا، ئابدۇرېشىتخاندىن؟

يەتتە كەتمەن مۇقەددەس توپا،
جەبرائىلنىڭ تىنىقى ئارا،
يالتىرايدۇ سوئال ھىلال ئاي
قايرىپ بۇلۇت چۈمپەردىسىنى
كۆز ئالدىمدا پارلىنىپ دۇنيا:

سۇ، ئوت، تۇپراق، ھاۋا قوشۇلغان،
سۈت تەپچىگەن قوشماق ئەمچەكتەك،
قەبرىسىدە بىر جۈپ يۇلتۇزنىڭ
گىرەلەشكەن ئىككى يۈرەكتىن
ئۇرغۇپ چىققان ئاشۇ تامچە قان
يىلتىزىمنىڭ بوشلۇقلىرىدا
يېلىنجىتار لالىرەڭ گۈلخان.

يىراق-يىراقلاردىن،
ئارىسىدىن بۆشۈك-تاۋۇتنىڭ
ئۇچۇپ ئۆتكەن مۇڭلۇق بوز تورغاي
تۆكتى يەنە ئاشۇ ناخشىنى.
نورۇزدىكى يېشىل ئۇچقۇندەك،
ئاينى غەرق قىلغان ئۇپقۇندەك،
ئاشۇ يولنىڭ گىرۋەكلىرىدىن
سۆيدى يەنە باللىق مېنى.

بىر يېنى تاغ، بىر يېنى كەڭ ساي،
قوڭغۇراقلار جاراڭلاپ تۇرغان
ئېرىقتىكى يامرىغان كۆلكە،
ياۋا چېچەك شوخ بەرق ئۇرغان
ھەسەن-ھۈسەن جىلۋىسى ئارا،
غايىب بولغان شۇ يالغۇز ھويلا
چۈشۈمدىكى جەننەتكەن ئەسلى.

قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى
ئىرغاتقاندا قېرى ئۈجمىنى،
تورۇك-تورۇك چۈشسە يۇلتۇزلار
بىلمەيتىمەن ئەجەب قەدرىنى.
بىلمەيتىمەن ئىست-ۋاي ئىست،
مېنى چىندىن سۆيۈپ چوڭ قىلغان
ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىنى.

تۆكىلىڭلار، ئاق بۇلۇتلىرىم،
مىراس قالغان شۇ تونۇش ھاسا
دەرەخ بولۇپ تۇرغان كۆكىرىپ.
مەن چۆمۈلگەن مېھىر چەشمىسى
قۇياش پارلاپ تۇرغان كۆرۈنۈپ
ياشلىرىمغا كەتسۇن يۈركىنىپ.

ئەنۋەر كەلپىن نەزەرى

## ئاۋاز

سەن يېنىمدا تۇرسەن بەلكىم،
ئىسەدىگەچ ئەي تۆۋەن ئاۋاز.
ھېسداش ساڭا مېنىڭ بۇ قەلبىم،
نەگە كەتتى سىنىڭدىكى ناز؟!

ۋاقىت قۇشى ئۇچقانچە تېخى
بولۇپ كەتتى كەيپىم ئەجەب ساز.
نېمىشقىكىن جىمجىت بۇ كېچە؟
قەيەردىسەن ئەي تۆۋەن ئاۋاز؟!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەنۋەر مۇھەممەت

# لاي سۇ ئىچكەن جانلار

(پوۋېست)

## مۇقەددىمە

ئۇلارنىڭ روھى ئەسلىدە تەبىئەتتەك پاك ئىدى. ئۇلار ئاستىدىكى تۇپراق، يېنىدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ئۈستىدىكى قۇياشقا ئەڭ يېقىن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار زېمىن ئۈستىدە ماگىسايەر مۇلايىملىشاتتى، قولىنى شىلتىسا كائىنات بويسۇنۇپ، ئۆز مېۋىسىنى تەقدىم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قىمىرلىشى بىلەن مىليونلىغان ھاياتلىق كۆچكە تولاتتى. ئۇلار كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن قەبرىستانلىققىچە يالىڭاچ ماگىدىغان جانلار ئىدى، قۇياش كۆيدۈرەتتى، شامال سۆيدۈرەتتى. مۇشەققەت ۋە راھەت ئۇلارغا مەنسۇپ ئىدى. بىراق...

### 1

قۇياش نۇرىنى زېمىن يۈزىگە تىك سانجىغان، ئاپتاپ دەستىدىن دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ سالپىيىپ قالغان بىر چاغدا مەھەللىنىڭ قاتار تاملىرىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان چەترەك بىر كونا ئۆيدىن ئەت-ئۈزايىدىن ناھايىتى ئاۋارە، بىچارىلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئايال چىقىپ، قاسماق باغلاپ كەتكەن چېلەكنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ كۆلچەك تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلىدى. تامنىڭ يېنىدىكى ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەن كۆكتاتلىقتىن ئاپئاق ھورلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى. ئايال چىت ئىلىپ يىرتىۋەتكەن پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيمىگەن پەقەت پۇتى قالغاندەك شۇ قەدەر-يېرىك ۋە قارامتۇل، مايلىشاڭغۇ تېرىلىرى مۇنچاقتەك تەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ كۈن نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەكتەپ يېشىدىكى

كىچىككىنە قىزى قولىدىكى يېرىم چىشلىنىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ قالغان ئالمىنى يېگىنىچە
يىلتىڭلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئەكسىچە ئۆڭگى ئاق، ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز
ئىدى.
ئايال كۆلچەكنىڭ بويىغا كېلىپ نوگىيىنى سۇغا سالدى. نوگايىنى بەك چوڭقۇر
سېلىۋەتكەچكە تىنىپ قالغان لايلار سۇزۇلگەن سۇنى يەنە دۇغلاشتۇرىۋەتتى. لېيىپ
كېتىۋاتقان سۇ پۈتۈن كۆلچەككە تارالدى. خەپ، بېشىڭنى يەيدىغان دەلتى، نەچچە
دېدىم چوڭقۇرراق كولاپ قوي دەپ، ئەتىگەندىن تاماقچە چاپساڭ چىپىپ بولماسمىدىڭ؟
ئۇ ئېرىنى مىڭنى قاغاپ سۇ سۇزۇلگىچە زوڭزىيىپ ئولتۇردى، قىزى ئارقىسىدىن كېلىپ
بويىنىغا ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭ قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان، دانىخورەك باسقان يۈزىگە
يۇمران يۈزىنى سۈركەپ، ئالمىنى كۆزىگە تەڭلىدى:
— ئاپوي، تۇتىڭە ئالما بېرەي.
— ۋۇي ئېسىلما دەيمەن، بېشىڭنى يەيدىغان، توختا، ئالماڭنى كىم بەردى؟
— روزاخۇن.
— روزاخۇن؟ تاشلا ئالماڭنى، ۋۇ پاسكىنا، كۆرسەملا شۇ ماڭقا بىلەن ئوينىغان...
قىزى ئالمىنى چىشلەپ يەنە ئويناقلاپ يۈگرەپ كەتتى.
ئايال تىنىۋاتقان سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ بېشى قوچۇلۇپ كەتتى: ئەمدى بىز بىلەن
قالمىغان مۇشۇ غورتەك ماڭقىسى قاپتۇ بۇ خەقنىڭ. ئاشۇ ئالتۇنخاننى كۆرسەم
ئىگە كىمبا، قاچانلا كۆرسە ئىتتەك ھۈرپىيىپ تۇرغان ئېلىشى باردەك. ئامىنخان
قوناقلىقنىڭ تىرگىنىدە موزايىنى بىر دەم ئوتلىتىپ قويسا بىچارە قىزىمنى يىغلىتىپ موزايىنى
قوتىنىغا سولىۋالدۇ، يالۋۇرۇپ بارمىغۇچە بەرمىگەن. روزىچۇ؟ روزى، ئاۋۇ سەت كۆك
پوتلىسى تېخى تۆنۈگۈن بىزنىڭ ئېگىزدا قوي باقتى. قىردىكى بىر مۇنچە ماشىنى
يېگۈزىۋەتتى. ئۇنىڭغا گەپ قىلمىسام ئاخشام يەنە «سىلىنىڭ راخمىناخۇن بىزنىڭ
موكىمىناخۇنغا كەتمەن كۆتىرەپ كەپتۇ» دەپ دادلاپ كەلدى، خۇددى مەن
ئۇرۇشقاندەك. بۇ دەلتىمۇ يا شۇك تۇرمىغان، ھەدېسلا تولۇمدىن توقماق چىقاندەك ئارا،
كەتمەن كۆتىرەپ يۈرگەن، بەزىدە تاس قالدۇ مېنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى، قورقمەن ئۇ
ساراڭدىن، ئاپىسى ئاندىن بىر ساراڭ، ساراڭلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ مەنمۇ ساراڭ بولاي
دېدىم. ئۇھ، ئاللا ئىگەم ئۆزۈڭ بار، چىرايىم نېمىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ يەردە يا
ئەينەك چاغلىق نەرسە يوق، سۇمۇ خېلى سۇزۇلۇپ قالغان چېغى ئەمدى ئۇسسام بولغىدەك...
ئۇ سۇنى ئاۋايلاپ ئۇسۇشقا باشلىۋېدى، ياندىكى قوناقلىقتىن تۇيۇقسىز پاراس،
پۇرۇس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئەمما
ئېگىز ئۆسكەن قوناق شاخلىرىنىڭ كەڭ ۋە قارا قولاقلىرى ئۇنىڭ ئاپتاپتىن قىسىلغان
كۆزىنىڭ ئاجىز نۇرىنى توساپ قويدى. ئۇ كۆلچەكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قوناقلىقنىڭ رەت
بېشى كۆرىنىدىغان تەرەپتىن نەزەر سالدى. يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى: قوناق
يەيدىغان ئاچكۆز ئىتلار كېچىسى كېلىدىغانىدى، كۈندۈزىمۇ كېلىدىكەندە! خۇدايىم
بەرگەن كىچىككىنە قونىقىمىزنىمۇ قويما ئەمدى جوھۇتلار. كېلىشە، توكۇر قىلىۋەتمەيدىغان
بولسام، ئىلاھىم...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ ھويلىسىدىن ئۇچكە چىقىپ يەيدىغان تاشلارنى ئېلىپ، دوڭغاقلاپ يۈگرەپ قوناقلىققا كەلدى ۋە قوناقلارنى شالدىرلىتىپ، ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان چىرايى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ ھەيرانلىقتا قېتىپ قالدى. ۋۇجۇدى شۈررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولۇپ، يالىڭاچ پۈتى نەم، قاتتىق توپىغا پېتىپ كەتتى. ئاۋازى ئەسكى لاتىنى يىرتقاندەك سەت ھەم بوغۇق چىقتى:

— تۇراق! ھۇئىپلاس، مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم، ھۇ ئاتىسىنى دورىغان زەپپانە، توختاپدەيمەن، كۆرۈڭگە خەقنىڭ قىزىنى بوزەك قىلىپ...

چىرايىدىن سەبىيلىكى كەتمىگەن ئېگىز بوي بىرى ئىشتىنىنى قولتۇقلاپ بۆرىنىڭ ئالدىغا چۈشكەن توكۇر توشقاندەك بار كۈچى بىلەن يۈگرەپ قوناقلىقتىن قېچىپ كەتتى. چۆنەك ئارىلىقىغا يېيىتىپ سېلىنغان يۆگمەچىنىڭ ئۈستىدە يۈزى قورقۇنچتىن تاتىرىپ كەتكەن بىر قىز كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي لاغىلداپ ئولتۇراتتى.

— قوپۇڭ، مىرۋانىخان، سەت تۇرىدۇ، قىز بالا تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلسا قاملىشامدۇ؟! — دېدى خەلچىخان.

قىز ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ غۇدۇڭشىدى:

— قوناقلىقتىن ئوت ئالاي دەپ كەلسەم سەت ئۇزۇنبەل بېسىۋالدى، قارىسىلا. چۈش دېسەم ئۇنىمايدۇ، ھېلىمۇ ياخشى سىلى كەپقالدىلا.

— ماقۇل، مەنمۇ كۆرمىگەن بولاي، لېكىن مۇشۇ خۇدا ئالدىدا يالغان سۆزلەپ...

قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى:

— ھە مەن نېمە قىپتىمەن خەلچىخان، تولا ئاغزىمنى ئاچمىسىلا جۇمۇ. سىلە خەققە بۇنى دېسىلىمۇ سىلىدەك ساراڭ خوتۇننىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ شالتاقلىرىنى ئادالاپ ئاندىن ماڭا گەپ قىلسىلا جۇما، كۆرۈڭگە دېگەن گېپىنى...

خەلچىخان سەكرەپ كەتتى:

— ھوي، سەت داپشاق، كۆپكۆندۈزدە قىلغىلىقنى قىلىپ بولۇپ، ماڭا تىل تەگكۈزۈۋاتىسەنمۇ تېخى... ھەي خۇدا، ھەي خالايىق، كۆرۈڭلار ماۋۇ يۈزسىز جالاپنى، يوقال بۇزۇق، يوقال بۇ يەردىن، يەيدىغان قوناق، ئىچىدىغان سۈيىمىزنىمۇ ھارام قىلدىڭ، ۋوي يۈزى قېلىن، پاسكىنا، ئايىغىنى بىلمەيدىغان جالاپ...

خەلچىخان ۋارقىراپ-جارقىراپ قولىغا چىققاننى ئېتىپ ئۇنى قوغلاپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كۆلچەكنىڭ بېشىغا كەلدى ۋە سوزۇلۇپ قالغان سۇغا قاراپ ھۆ قىلغۇسى كەلدى:

ئاپتاپ ئۇنىڭ تېنىنى يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەشلىكى ئاستا-ئاستا تاراپ، يىراق-يىراقلارغا چېچىلىپ كېتىۋاتقان ئوي-خىيالى نامەلۇم بىر كۈچ تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ قالغاندەك مەستخۇش ھالەتتە تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئىسسىقداپ كېتىۋاتقان سېمىز بەدىنى قانداقتۇر بىر نەرسىدىن راھەتلىنىۋاتقاندەك، ھېسسىياتى يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەۋاتقان ھالەتتە جىممىدە قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. كۆن نۇرى شۇ تاپتا

ئۇنىڭ يالىڭاچ يەرلىرىنى قىزدۇرۇپ، غىدىقلاپ، ئۇ قاچانلاردۇر بىر ۋاقىتتا ھېس قىلغان نازۇك ھەم راھەتلىك تۇيغۇنى قايتا پەيدا قىلىۋاتاتتى.

ئۇ بىر ھازا خام خىيال دەرياسىغا چۆمۈپ، دولقۇنلىرىدا لەيلەپ، ئاخىرى يەنە قىرغاققا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. چېلەكنى تولىمۇ تەستە تۇشقۇزۇپ ئۆيىگە راۋان بولدى. بۇ قېتىم چېلەك ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر قۇم قاچىلانغاندەك ئېغىر ۋە ئازابلىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ قازانغا سۇ قۇيۇپ، چامغۇر توغراپ ئۇماچ چېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئوتنى نەچچە پۈۋدەپ ياندۇرالماي كۆزىگە ياش تولدى. دۈمچىيىپ تۇرغان گەۋدىسى تىلىپ تۇرسىمۇ، كۆنۈپ كەتكەن جاھىللىقى بىلەن پاخالغا تۇتۇشاي دەپ قالغان چوغنى پۈۋدەۋەردى. ئوت تۇيۇقسىز گۈپ قىلىپ ياندى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۈچۈرىۋەتتى، ماڭلىيىغا چۈشۈپ قالغان سېرىق چاچلىرىدىن بىر نەچچە تېلى كۆيۈپ كەتتى.

— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان، قوپ تەمەچ تېرىپ كەل.

قىزى قوپماي تۇرىۋالدى.

— قوپ دەيمەن پاسكىنا، قورقما جىن يېمەيدۇ سېنى...

خەلچىخان قىزىنى ئۇنتالماي تېمىنىڭ چۆرىسىدىكى تېرەكلىككە كىرىپ كەتتى ۋە بىر قۇچاق چاۋا-چاتقاللارنى تېرىپ قىزىغا ئوت قالاشنى بۇيرىدى. شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ بىردىنبىر ئەتىۋارلىق مۈلكى—چار موزاي سوزۇپ مۆرەپ كەتتى.

— ئاپاڭ يوق بۇ يەردە، جوھۇتنىڭ موزىيى...

ئۇ غۇدۇراپ قويۇپ تام تۈشۈكىگە ئېلىپ قويغان ئورغاقنى ئېلىپ تامنى قورشاپ تۇرغان قويۇق چىتلىق تۈۋىدە ئۆسۈپ كەتكەن يۆگمەچ ۋە سۈتلۈك ئوتلارنى شارتىلدىتىپ ئورۇشقا باشلىدى. نامازشام بولۇپ قالغاچقا، تېرەكلىك ۋە چىتنىڭ ئارىسى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى.

ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر قۇچاق ئوت ئورىدى، موزاي ئۈچۈن بۇ تېخى ئازلىق قىلاتتى. ئۇ يېڭىنى تېخىمۇ تۈرۈپ ئورغاقنى ئوت-چۆپلەرنىڭ غولىغا زەرب بىلەن سىلىۋەردى. ئورغاق ئۇشتۇمتۇت كىچىك بىر تاشقا تېگىپ ۋاللىدە ئوت چىقىرىۋەتتى. ۋاي خۇدايىم، بۇ يەردە راستتىنلا جىن بار ئوخشامدۇ. ئۇنىڭ كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ ئۆز-ئۆزىگە ۋەھىمىلىك شىۋىرلىدى. ئورغاقنى تاشلاپ پايپاسلاپ قېچىشقا پاشلىدى. پۇتىغا كىرگەن خوخا، تىكەنلەرنىڭ ئاغرىقىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

ئۇ ئاقىۋەت يەنە موزىيىغا چىدىيالماي، ئايەتەلكۇرسى ئايىتىنى توختىماي ئوقۇپ ئوتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئورغىقىنى تىنتەپ تۇرۇپ ئېلىپ، بىرى ھازىرلا كېلىپ ئورغاق بىلەن شارت قىلىپ بېشىنى ئۈزىۋېتىدىغاندەك ياكى ئاتنىڭ قىلى بىلەن گېلىنى بوغىدىغاندەك ۋەھىمىلىك ئوي-خىيالدا قەدەملىرىنى تېز-تېز يۆتكەپ، تامنىڭ بۇرجىكىگە بېرىپلا بىرى ئارقىسىدىن قوغلىغاندەك يۈگرەپ كەتتى.

ئۇماچ تولىمۇ تەستە قاينىدى. قىزى ئالدىغا قويۇلغان ئاشنىڭ ھورىغا يۈزىنى بىردەم تۇتۇپ ئۇشتۇمتۇت: ئاپوي، ئاتام قېنى؟ دەپ يىغلاشقا تەمشەلدى. خەلچىخاننىڭ

www.uyghurkitap.com

خىيالىغا بىردىنلا راخمان كەلدى. ئۇكۈپ كەتكەن چېپەرقۇت شىمىنى دائىم تىزىغىچە تۈرىۋېلىپ، ئالدىغا دۈمچىيىپ تۆگىدەك لۆك-لۆك ماڭىدىغان پاكار بىر ئادەم ئالقىنىغا تۈكۈرمەن دەپ تىكەندەك ئۇچلۇق قىزغۇچ ساقىلىغا تۈكۈرۈپ گۈرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپماقتا، لاي سۇ ئىچىقتىن شارقىراپ چۈشمەكتە، ئۇ ئىقىنىغا ئەگىشىپ چىپىپ يۈرمەكتە...

يۇقىرىقىدەك خىيال بىلەن جىنلار ۋەھىمىسى پەسلەپ ئۇ قىزنىڭ ئۈمچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ياسىدى:

— ئاتاڭ شاللىقتا، سۇ قويۇپ بولۇپلا كېلىدۇ.

ئۇ قىزنىڭ ئاشنى ئىچمەي يەنە بايىقىدەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جەھلى قاتتى:

— ئاتاڭنى ئىمەمتىڭ پاسكىنا، ھازىر كېلىدۇ دەۋاتمەمىغۇ.

قىزى ئاپىسىنىڭ كۆزلىرى ئۆزگە مىقتەك قادالغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇقتا قول ئۇزاتتى ۋە ئىشىغا چۈشۈپ قالغان قارا بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. خەلچىخان قاچىنى ئوت يورۇقىغا يېقىن ئەكىلىپ ئۇنىڭ چۈۋىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، چۈۋىنىنى ئاشقا ئۈچ قېتىم چۆكتۈرىۋېتىپ ئاندىن چىنىنى قىزىغا بەردى. قىزى چىنىنى قولىغا ئېلىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. قورسىقىنىڭ كوركىراۋاتقان ئاۋازىنى بىردەم تىڭشاپ تۇردى-دە، ئاشنى يۇۋدىمەيلا ئىچىپ كەتتى. قىزىق ئاش ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ، بۇلاقتەك كۆزىدىن ياش تاراملاپ ئېقىپ چۈشتى.

خەلچىخانىنىڭ ئىچى ۋىژژىدە ئېچىشىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى:

— شالاپىلاتماي ئاستىراق ئىچسەڭ بولمامدۇ، ئىشكىنى ئىت ئىچىۋالمىغاندىكىن بىر.

قىزى ئاشنى شۇ يوسۇندا ئىچىپ تۈگەتتى ۋە قولىنى يالاپ تۇرۇپ يەنە ئىچمەن دەپ غەلۋە قىلدى.

— ئاتاڭ كەلسۇن، بىللە ئىچىمىز، — دېدى خەلچىخان، — ئاش قالمىسا ھېلى كالتەكنى سەن يېمەيسەن.

قىزى يېرىم ئاچ ئۇخلاپ قالدى. خەلچىخان يوتقاننى تارتىپ يېپىپ قويۇپ كۆزىنى يۇمدى. ئەمما ھېچ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. دەرەخلەر غىرىس-غىرىس، شار-شۇر قىلىپ ئۆيىنى ھازىرلا بېسىپ چۈشىدىغاندەك سۈرەن سالاتتى. تېرەك ياپراقلىرىنىڭ ۋەھىملىك ئۇرۇلۇشى، قوناق شاخلىرىنىڭ شالدىرلىشى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، مۈشۈكلەرنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ سەت ئاۋازدا مىياڭلىشى ئۆي ئىچىدە ئەسكى يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالغان خەلچىخانغا گويا بىر توپ جىن ئاسماندا، يەردە تەڭلا پەيدا بولۇپ ئۆيىنى قورشىۋالغاندەك، جۇلقى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئىشكنى ھازىرلا تېپىپ ئېچىپ كىرىپ ئۇنى تالاغا سۆرەپ چىقىپ بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغاندەك بىلىنىپ، ئۇنى قورقۇنچتىن نەپەسىنمۇ چوڭراق ئالالمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. راخمان بولغان بولسىمۇ، بۇنچە بولمايتتى، ئۇ قورقمايتتى. خەلچىخاننى ئىللىق قۇچىقىغا سولاپ، ۋىجىك، ئەمما كۈچلۈك گەۋدىسى بىلەن پادىچى قوزىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىيالايتتى.

شۇ مىنۇتتا خەلچىخان كۆكسىنىڭ تويۇقسىز تىترەپ-تىترەپ، كۆپۈپ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئارقىدىنلا پۈتۈن بەدىنىنىڭ قىزىپ ھەۋەس ئوتىدا چاراسلاپ يېنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇ ئەسلىدە باي دېھقاننىڭ كەنجى قىزى ئىدى. بىراق سەت چوڭ بولۇپ قالدى. تۇنجى ئېرى قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا بىراۋدىن پىچاق يەپ ئۆلدى. ۋەزىيەت ئۆڭلانغاندىن كېيىن ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي ئۇ قازان بېشىدىن ئېتىزلىققا چىقىپ قالدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ قارا كۈچىدىن پايدىلانغان بىلەن ئۇنىڭ بارغانچە ھورۇنلىشىپ، كالاڭپايلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئائىلە يۈزىنى باشقىلار ئارىسىدا ئانچە قويماۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى خۇدانىڭ بىر مۆمىن بەندىسىگە يانلىق قىلىپ پەرزىنى ئادا قىلماۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا قوشنا كەنتتىن نامراتلىق تۈپەيلىدىن خوتۇن ئالالمىغان، ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگۈچە ئۆيلىنەلمەي قالغان راخمىناخۇن باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خەلچىخاننى قېيىن ئاتىسىغا بىر ئايغا يېقىن ئىشەكتەك ئىشلەپ بېرىش ۋە ئازغىنە بىساتى بەدىلىگە ئەل قاتارى توي قىلىپ نىكاھىغا ئالدى.

توي ئاخشىمى ئۇ ھازىرقىدەكلا ھاياجانلانغان، راخمان بولسا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنىڭ يېنىدا ھودۇقۇپ-تەمتىرەپ ئاخىرى قوپاللىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇلارنى ئەسلەپ، ئاشۇ سەزگۈنى خىيالەن پەيدا قىلىپ، شېرىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق كاللىسىدىكى قورقۇنچىنى يوقاتماقچى بولدى. يوتقاننى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپنىڭ ئۈستىدە يۇملاشقا باشلىدى. تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە دىققەت قىلىپ قالدى. قىزى يا ئۆزىگە، يا راخمانغا ئوخشىمايتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇنى «بۇ قىزنى خەلچىخان ئەمەس، پەرى سۈرەتلىك جىن تۇغقان» دېيىشەتتى. خەلچىخان بۇ گەپلەردىن ئۆلگۈدەك تېرىكەتتى. لېكىن ئۆزىمۇ بەزىدە شۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرەمدىغاندۇ دەپ گۇمان قىلاتتى. ئەمما قىزىنى تۇغقان چاغدىكى سەزگۈ ئەسلىمىلىرى ئۇنى بۇنىڭغا ئەسلا ئىشەندۈرمەيتتى. ئۇ تولغاق تۇتۇپ «راخمىناخۇن» دەپ پەرياد كۆتۈرۈپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغىچە بوۋاق ئالدىراچان راخماننىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغان، خەلچىخان تېنى ساغلام بولغاچقا، بىر ئايغا يەتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. قىزى بۇ ئۆيىنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك ئۆسۈش شارائىتى يارىتىپ بېرەلمىگەنلىكىگە قارىماي، ناھايىتى گۈزەل ھەم ساغلام چوڭ بولدى. بۇنىڭدىن راخمان ئاجايىپ خۇشال بولدى. باشقىلارنىڭ ھەر نېمە دېيىشىگە قارىماي «خۇدا بەردى، خۇدانىڭ بىزگە كۆزى چۈشۈپتۇ» دەپ كۆرگەنلا كىشىگە قىزىنى[1] ماختاپ بەردى ھەم قولى قىسقىلىقىغا قارىماي مەھەللىدىكىلەرگە ئات چېپىپ بېرىپ قىزىنىڭ ئىسمىنى «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىگە ئوخشاش بولسۇن» دەپ ئامىنە قويدى.

خەلچىخان قىزىنىڭ شۇنچە كونا كىيىم ئىچىدىمۇ سەھەردىكى شەبنەمدەك چاقناپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىلگىرىلا دىققەت قىلغانىدى. قىزىدىن تويۇپ سۆيۈنەتتى، تۇرۇپ چوڭ بولسا، بېشىمىزغا ئامەت ئورنىغا بالا تېرىپ بېرەمدىكىن دەپ غەممۇ قىلاتتى. قىزىنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىرەر ئالامەتلەرنى تاپالماي، ئۇنىڭغا پات-پات ئۆچ بولۇپمۇ قالاتتى، يات كۆز بىلەن قارايتتى. ئەمما قىزىغا ئىچ-ئىچىدىن بىر خىل ئانىلىق مېھرى تېشىپ تۇراتتى، كۆڭلىدىكى بىھۇدە، شۇم خىياللارنى يوقىتاتتى. كېيىنچە ئۇ ھەممىگە كۆنۈپ كەتتى. قىزىنىڭ ئاپتاپتەك پارلاپ تۇرىدىغان چىرايىمۇ ئۇنچە ئالاھىدە تۇيۇلۇپ كەتمەيدىغان بولدى. لېكىن مەھەللىدىكىلەر تاسادىپىي ئۆز ئۆيىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەپكە كېلىپ قالغۇدەك ياكى ئۆزى قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئىزتىزلىغاچا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، باشقىلارنىڭ ئۆز قىزى ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىدىن كونا خىياللىرى يەنە قوزغىلىپ قالاتتى.

ئۇ قىزنىغا بىردەم سىنچىلاپ قاراپ ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. قىزنى قۇچاقلاپ ئۇنىڭ نۇرانە پىشانىسىگە يۈزىنى ياققىنچە بىردەم خىيال سۈرۈپ، بورانىنىڭ شىددەتلىك ئاۋازىدىن، ئىزىنىڭ ئىزتىزلىقتا نىمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن بىر پەس ئەندىشىگە چۈشتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. تاڭغا يېقىن چۈش كۆردى. چۈشىدە راخمان چۆرگىلەپ كېتىۋاتقان قايىنامغا تاش ئاتقۇدەك، قازاندەك-قازاندەك تاشلارنى توختىماي ئاتقۇدەك، سۇلار نالە قىلىپ شاۋقۇن كۆتۈرگەندەك...

## 2

قوياش زېمىن، ئۈسۈملۈكلەر بىلەن دىدارلاشقاندا مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن يوتقىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. سالا ئىزتىزلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان توپىلىق يولدا ئاۋۋال كەتمەننى دولىسىغا سالغان قاتاڭغۇر دېھقانلار، ئاندىن ياغلىقنى چېكىسىگىچە تېڭىۋالغان جاپاكەش خوتۇنلىرى پىيادە ياكى ھارۋىلىق مېڭىشىدۇ. بالىلىرى ئارقىسىدىن قوزا-قوي، موزاي-توپاقلىرىنى ھەيدەپ كېلىشىدۇ. ئۇلاغلار زىرائەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار قوغلاپ تۇرىدۇ، ئەمما زىرائەت ئىگىلىرىنىڭ تىل-ئاھانىتى ئۇلار شۇ يەردىن يوقالغىچە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

راخمان ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىنى چىمچىقلىتىپ ھويلىسىدا پەيدا بولدى ۋە كەتمەننى تاشلاپ ئۆيىگە كىرىپ، قىزىنىڭ كىيىمنى كىيدۈرۈپ ئولتۇرغان خەلچىخاننى كۆرۈپ، تۇرۇپلا سەپرايى ئۆرلىدى ۋە گەپ-سۆزسىز بىرىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى:

— نېرى تۇرۇڭلار، ئۆزۈم كىيدۈرىمەن. مېڭىڭلار، بىرىپ ئاش ئۇسۇڭلار، قورساق ئېچىپ جان ئاز قالدى.

راخمان سۆزلىسە گېپى بىر-بىرىگە تەستە قولىشاتتى، ئاۋازىمۇ چىرايىغا ماس يېقىمسىز ۋە چىڭقىلىپ پۈۋدىسە چىقىدىغان سۇنايىدەك ئالا تاغىل ئىدى.

خەلچىخانىنىڭ ئەتىگەندە ھېچ سەۋەبسىزلا بۇنداق قوپاللىققا ئۇچرىغانلىقىغا لام-جىم دەپ تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ھەم ياڭراق، ھەم ئىزىلەڭگۈ زۇۋانى راخماننىڭ قۇلىقىغا مۇشت بولۇپ تېگىشكە باشلىدى:

— ئىت يوق يېمەستە نىمە يوغانچىلىق قىلىسەن، نىمە لەللەڭگىنى چايناپسەن، ئاخشام كاللاڭغا جىن تەپتىمۇ يا، مېڭىسىنى ئۈتنە بەرگەن ساراڭ. تېخى كۆيۈنۈپ ئاش ئېلىپ قويۇۋىمەن، ئاخشام قورققىنىم ئازمۇ مىنىڭ، ئۆلەي دەۋاتسا تېپەي دەۋاتقىنىنى...

— نېمە؟ ما ئاناڭنى پىتلىق، ياتە مەيەردە! — راخمان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ يىغلىپ بولمىغان ئورۇننىڭ ئۈستىگە باستى ۋە قورسىقىغا

چىقىۋېلىپ بېگىز قولىنى ئۇنىڭ قورقۇپ چەكچىيىپ قالغان كۆزىگە تەڭلەپ يېغلىپ قالغان ئاچچىقىنى بىراقلا ئالماقچى بولغاندەك. توكۇرۇكنى چاچرىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قورقساڭ ئاشنا تاپ! ئەركەك جىن تاپ! تاپتىڭمۇ يا؟ باشقا خەقنىڭ خوتۇنى ئېرىگە ئېتىزدىمۇ ھەمراھ بولىۋاتسا، ئاش ئېتىپ ئاپىرىۋاتسا، سەن جوھۇت ئۆيدە ياتقىن! بالىنى ئەكەلگەچ بىردەم سۇ قويۇشۇپ بېرەمدىكىن دېسەم كۆرۈڭگا، يا ئۆزى يوق، يا بالا، يا بىر ئىسسىق ئاش. ئا مولىمىن دېگەن ئىنسابسىز سەن بارمىغاندىكىن مەن باشتىن باشلاپ ئەكەلگەن سۇنى شاللىقىغا باشلىۋاپتۇ. كۆردۈڭمۇ ئا ئالتۇنخان ئەتىگەندىلا بىزنىڭ ئېگىزلىقتا ئۇلاغ باغلىۋاپتۇ. ما موزاي تېخىچە ئاچ تۇرسا، خەق نېمە كويدا.، سەن نېمە كويدا. كۆرۈڭگا تېخى يەنە ۋالاقلايدا، ئاغزىڭغا كەتمەن دەستىسىنى تىقىۋېتىمەن ھېلى! چاپىقىڭنى ئادالاپ يۇر، ھۇ ئۆلمەيدىغان لومودى!

خەلچىخان تولغىنىپ ئىڭراپ كەتتى:

— ۋاي بولدى، قويسام قوپاي خۇش بولىدىغان ئىشىڭ بولسا، سەت ساراڭ!

راخمان ئورنىدىن تۇردى. ئايالىنىڭ بەدىنىدىن ئۆتكەن ئىسسىق تۇرۇپلا ئۇنى باشقىچە قىلىپ قويدى. خەلچىخاننى بېرىپ يەنە بېسىۋالماقچى بولۇپ بۇ نىيىتىنىڭ ئەپسىزلىكىنى تۇيۇپ تۆشنى قاشلاپ:

— ئاش قېنى، ئاش، قورساق ئېچىپ كەتتى، — دېدى.

خەلچىخان ئۇنىڭ بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولدى ۋە تازا تىللاپ تويغۇزۇپ قويغۇسى كەلدى. بىراق ئۇنىڭ يەنە تەلۋىلىكى تۇتۇپ ئۆزىنى ئۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تىلىنى يىغىۋالدى. ئېسىگە تۇرۇپلا بىر ئىش كېلىپ:

— بابا نېمە دېدىڭلار، مولىمناخۇن مەن ئېچىپ كەلگەن سۇنى قويىۋاپتۇ شۇ دېدىڭلىما؟ — دېدى.

— قويىۋاپتۇ شۇ، — دېدى ئۇ، — ئارقىدىن مەن يەنە بېرىپ ئاچتىم، غىڭ قىلالمىدى. ئۇ يەردىن سەللا نېرى بولسام يەنە ئېچىۋالىدۇ، كېلىپ يەنە ئېتىمەن. نېمە قىپتۇ دەڭلا، مېنىڭ يەنە كېلىپ ئېچىقنى ئېتىۋېلىشىمنى بىلگەچكە توپىنىڭ ئارىسىغا يوغان بىر تاشنى كۆمۈپ قويۇپتۇ، كەتمەننى بىر چېپىپتىكەنمەن، خۇدا چىڭ ساقلىدى. ھېلىمۇ ئۆزۈمنى ئەپقېچىۋالدىم، بولمىسا كەتمەن قولۇمدىن چىقىپ ھوشۇقۇم ساق قالماسكەن.

— كەتمەنچۇ، كەتمەن نېمە بولدى؟

— بىسى ئۆلدى شۇ، مەھەممەت تۆمۈرچىگە يېرىم كۈن كورەك بېسىشىپ بەرسەم ئوڭلاپ بېرىدۇ.

— ئۆزىگە تاشلاپ بەرسەڭلە بولمامدۇ؟ قەستەن قىلغاندىكىن، ئۆزىگە دېدىڭلىمۇ؟

— ئۇ بويىنىغا ئالامدا؟ ئالمايدۇ، بەكرەك دېسەم ئۇرۇشۇپ قالىمەن. ئۇزاقى كۈن ئېچىق بېشىدا سۇ تالىشىپ جېدەللىشىپ قالغىلى تاس قالدىم.

— ھە ئاڭلىدىم، ئالتۇنخان دادلاپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مۇنداق ئىش بولدى. سۇ نۆۋىتى ماڭا كەلدى دېدى، مەن ماڭا كەلدى دېسەم يەنە ئۇنىمايدۇ. تەك قويىلى دېسەم شىلىم قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ دەيدۇ. ماقۇل دەپ قويسام ئەمدى سۇ نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە ئېچىق بېشىغا تاش قويۇپ كەتمەننى كاردىن چىقاردى.

خەلچىخان قازاندىكى مۇزدەك ئاشنى ئۇسۇپ، چىنىنى راخماننىڭ ئالدىدىكى ئەمبەلگە دوققىدە قويدى ۋە قولىنى سەگەز كۆڭلىكىگە ئېرتىپ ھويلىدا تۇرغان كەتمەننى كۆرۈپ قايناپ كەتتى:

— كىچىكمۇ ئەمەس، خېلى چوڭلا يېرى ناكا بوپتۇ. قاراڭلا راخمىناخۇن، سىلە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان بىلەن مەن ماۋۇ سىلىنىڭ خوتۇنلىرى بولغان ئادەم چىداپ تۇرالمايمەن. ئۆتكەندە ماۋۇ بىچارە قىزىمىز قانداق بولۇپ ئۇلارنىڭ كېۋەزلىكىگە موزاي ئاپىرىپ قالغان، بالىسى روزى كېۋەزلىكتىن ئۇزۇپ يېگەن قوغۇن-تاۋۇزنىڭ شاپىقىنى موزايغا بەرگىلى تۇرۇپتىكەن. شۇنىزە قىزنىڭ كېۋەزلىكىمىزدىن تاۋۇز ئوغرىلاپتۇ، ئۇنى ئاز دەپ كېۋەزنى يېگۈزۈپتۇ، سەن نېمىلەر كېۋەز تېرىغاندا يالتىراق ئېلىشىپ بەرگەنمىدىڭ، ئۇرۇق سېلىشىپ بەرگەنمىدىڭ، ئېرىڭ راخمان بولتۇر بالام تۇراقنى كالاڭغا مېشىمىزنى يېگۈزۈۋەتتىڭ، كالا باققۇچە مېدە باق دەپ تىللاپ ئۇرغانىدى، ئەمدى بوگۈنگە كېلىپ ھەر قايسىڭنىڭمۇ تۇتۇلىدىغان كۈنلىرىڭ بار ئىكەن دەپ كونا خامانىنى سورۇپ يەتمىش پۇشتىمىزغىچە قوشۇپ تىللاپ كەتتى. ئۇ چاغدا سىلە قوناقىقا سۇ قويىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە يوق، بولغان ئەھۋالنى بىلمەيسىلە، بار ئىزا-ئاھانەتنى مەن ئىشىتتىم. ئالتۇنخان دېگەن ئاشۇ گۆرىدىن توڭگۇز قوپىدىغان سېرىق چىش جادۇگەرگە بولۇشۇپ ئاۋۇ مولىمىن دېگەن دارازىمۇ مېنى، سىلىنى قوشۇپ تىللىدى، ھەتتا قىل قالدى بىزنى ئۇرغىلى. جىم تۇرۇپ بەرسە ئادەمنى چۈنىن، پاشىلارمۇ بوزەك قىلىدۇ راخمىناخۇن. مانا سىلە بارمىساڭلا ئۆزۈم بارىمەن، كەتمەننى كۆزىگە كۆرسىتىمەن، مۇشۇ كەتمەندە چانىلىپ كەتسەممۇ مەيلى، مېنى توسماڭلا، توسماڭلا دەيمەن...

راخمان ئۇنىڭ قولىدىن كەتمەننى تارتىۋېلىپ، مۆرىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ غەزەپتىن قايناپ-تېشىپ كېتەي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز رەھمى كەلدى-دە:

— ماڭە ئىشىڭنى قىل، تولا كاسىلدىماي، — دېدى.

خەلچىخان يىغلاشنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايتتى. بۇ يەردىكى تۇرمۇش ئۇنىڭدىن كۆز يېشىنى ئىچىگە سىڭدۈرىۋېتىشنى ھەرۋاق تەلەپ قىلاتتى. مۇشەققەتلىك مۇھىت، قوپال گەپ-سۆزلەر ئۇنىڭغا تۇغۇلۇشىدىنلا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. گويا ئۇنىڭ بويۇن-بەدەنلىرىگە قونغان توپا-چاڭ، كىر-قاسماقلاردەك ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدى. ئۇمۇ بۇلارغا قوتاندىكى قوي-كالا جۇدۇن-چاپقۇنلارغا ۋە ئاستىدىكى قىغ، چىلەلەرگە كۆنۈپ كەتكەندەك كۆنۈپ كەتتى. مۇھىمى ئۇ راخماننىڭ ئالدىدا يىغلاشنى دېگەندەك ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، ئۇنداق قىلىشنى ئارتۇقچە ھېسابلايتتى. بۇ ئۇنىڭ راخمان ئالدىدا ياش تۆكۈش ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس ياكى يىغلاشنى زادىلا

بىلمەيدىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ كۆز يېشى تالاي ھەسرەتلەردىن ئىلگىرىلا قۇرۇپ تۈگىگەندۇ ياكى بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا ئانىسى ئۇنىڭغا « يىغلىما، يىغلىما » دەپ ئۆگىتىپ كەتكەندۇ...

راخمان ئېشىنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، قالغىنىنى قىزىغا قويۇپ بەردى ۋە دۇئا قىلىۋەتكەندىن كېيىن كەتمەننى چوت بىلەن تۈزلىگەچ ئۇنىڭغا ئاستا سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئىت چىشلىۋالسا يېرىپ چىشلىگىلى بولمايدۇ. پوققا چالما ئاتسا ئۆزىگە چاچرايدۇ. مەن جېنىمدا خۇدادىن قورقۇپ جېدەلدىن نېرى قاچىمەن-يۇ، خوتۇن كىشى تۇرۇپ سىلىگە كىم قويۇپتۇ ئۇرۇشۇڭ دەپ.

— قورقىمەن، قورقىمەن دەپ سىلىگە ئوخشاش كۆچۈكتەك تۈگۈلۈپ يېتىۋالسا بولامدىكەن. ئۇنداق بىشەملەردىن قورقۇپ قالمايدۇ كىشى، — غودۇڭشىدى خەلچىخان.

راخمان مۇلايىملاشتى:

— مېڭىڭلار، ئەمسە بېرىپ ئۇرۇشۇڭلار، ئالتۇنخان ئاشۇ بەستى بىلەن سىلىدەك خوتۇننى بوقىدەك بىر ئۇسۇپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئېرىققا ئاپىرىپ تىقىۋەتمىسە مانا مەن. نەچچە كۈن ۋاي بېلىم دەپ ياتىسىلە شۇ، ئۇنىڭغا دوختۇر نەدە، پۇل نەدە.

— مېنىڭ جېنىم پاشىمىكەن، چىۋىنمىكەن، — خەلچىخان سەل تېرىكتى. شۇنداقتىمۇ قاتتىق گەپ قىلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تارتتى، — تولا چىشىمغا تەگمەڭلا جۇمۇ، ساراڭ...

راخمان قىزغۇچ چىش مىلىكىنى چىقىرىپ خەلچىخاننىڭ تېرىككىنىدىن خۇشال بولۇپ ھىجايدى. قىزىنى سۆيۈپ ئەركىلەتتى ۋە كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ ئۇنىڭغا:

— شاللىق توشاي دېدى، مەن ھازىر كېلىمەن، ھېلىقى پۇلنى بىر يەرگە تىقماي تۇرۇڭلار، دادۇيگە ئاق ئوغۇت كېلىپتىمىش، بىزمۇ ئەل قاتارى چىداپ، پۇل كەتسىمۇ ئاشۇ ئوغۇتتىن بىر خالتا ئەكىلىلى. خەق قويىدىكەن، بىزمۇ قويۇپ باقايلى، قانداقراق بولىدۇ، — دېدى.

— كۆكتاتلارغىچۇ؟ — خەلچىخان مەڭدەپ قالغاندەك سورىدى.

— ھە، ئۇنىڭغا كېيىنچە، شالغا قويۇپ ئېشىپ قالسا...

— كۆكتاتمۇ قىشچە قورساققا لازىم بولار؟

— ئاۋۋال ئاش يېمەي نېمە يەيسىلەر، ئوغۇتنى ئىسراپ قىلمايلى دەۋاتىمەن.

راخمان يالىڭاياغ ھالدا گۇس-گۇس دەسسەپ توقايلىق تەرەپكە ماڭدى. قىزى ئارقىسىدىن ئەگەشتى. خەلچىخان ۋارقىرىدى:

—ئامىن، ھەي ئامىنەم نەگە بارىسەن؟

قىزى ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئاتىسىغا ئەگىشىپ يۈگرەپ كەتتى.

## 3

كەنت قورۇسىغا بارىدىغان چوڭ يولغا تۇتاش ئۇزۇن بىر قاتار تام، تامنىڭ ئالدى-كەينىدە باراخسانىلاپ كەتكەن تېرەك، سۆگەتلەر، مېۋىلىك كۆچەتلەر ۋە ئۈزۈم

تالىلىرى بىلەن قاپلانغان كىچىك باغلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يول بىلەن باغنى بىر كەڭ ئۆستەڭ ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆستەڭ ئاپە تلىك يىللاردىن ئىلگىرى چېپىلغان بولۇپ، مەھەللىنىڭ جان تومۇرى. توپىدا ئېغىناپ، ئېتىزدا مال بېقىپ يۈرگەن توپا تەرەت سەبىيلەرنىڭ كۆڭۈللۈك جەننىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆستەڭگە يانداش باغ ھەم سوقما تاملىق ئۆيلەرنىڭ قارشىسىدا خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدىكى غېرىبانە ئۆيلەر كۆزگە تاشلىنىدۇ. يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان بۇ قاتار تاملارنى ئۇچە يىدەك تار، ئەگرى-بۈگرى بىر يول ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يول ئەسلىدە تۈز ۋە كەڭ بولسىمۇ، كىشىلەر ئىشىكىنىڭ ئالدىغا قىغ ۋە ياغاچ-تاشلىرىنى بەسلىشىپ دۆۋىلەپ يولنى ئاشۇنداق تارلاشتۇرۇپ قويغانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆي سېلىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھاشارلىرى ئۈچۈن زاپاس توپلانغان ياغاچ، تاشلار چاپسانلا تۈگەپ قالاتتى. دۆۋە-دۆۋە قىغلار شۇ پېتى چوقچىيىپ، تۈگىسە يېڭىلىنىپ، ئۈستى-ئۈستىلەپ بېسىلىپ تۇرىۋېرەتتى. مەھەللىدىكىلەردىن كىمنىڭ توپلىغان قىغى ئەڭ كۆپ بولسا، شۇنىڭ ئات-ئۇلىقى ئەڭ كۆپ ھەم باي ھېسابلىناتتى. ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق يېڭى نەرسىلەر كىرگەندىن كېيىن ئۇنۇمنى كۆرگەن دېھقانلار ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈمىدىنى بىرلا يەرلىك ئوغۇتقا باغلىۋالمايدىغان بولدى.

راخماننىڭ بىر قاپ ئاق ئوغۇتنى يۈدۈپ خەلچىخاننى ۋە قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چۈشلۈك غىزاسىنى يەپ، ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى ئۈجمە سايىسىدا تېرەككە يۆلىنىپ، موخۇركا تارتىپ خوتۇنلارنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەننىڭ دىققىتى بۆلۈندى. كىر باسقان شەپكىسىنى بېشىغا دائىم سىڭايان قوندۇرۇپ يۈرۈدىغان پاكار، چاقچاقچى بىرەيلەن ئۈچەي دەپ قالغان موخۇركىسىنى چىمدىپ كۆچەپ شوراپ يەرگە چىرتىندە تۈكۈرۈۋەتتى ۋە راخمانغا قاراپ قىزىقسىنىپ كۆلدى:

— كۈن قاياقتىن چىقىۋاتىدۇ راخمانجان، باي بولۇپ قول خېلى ئۇزىراپ قاپتۇ جۇمۇ.

يەنە بىرەيلەنمۇ گەپ قىستۇردى:

— گەپ خەلچىخاندا، مۇشۇ خەلچىخان ئۇنى باي قىلدى. قارىماسىلە، تاپقان پۇلنى بۇزۇپ-چاچمىسۇن دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈدۇ.

راخمان ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. خەلچىخان بىر چەتتىن گەپ قايتۇردى:

— ھەي، ئوسمىناخۇن، سىلىنىڭ خوتۇنلىرىمۇ سىلىنى شۇنداق باي قىلالىدىمۇ. دەپ باقسىلا، ئەر خەق خوتۇن خەققە پۇل تۇتقۇزغاننى سىلە نەدە كۆرگەن، تاياق يېسە يەيدىكىن ئىلاھىم، كۆرۈڭ تېخى ما گەپنىڭ قىزىقلىقىنى!

— بىزنىڭ خوتۇننى تولا ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا خەلچىخان، ھەققىلىرى يوق.

— خوتۇندىن قورقىدىغان سايىماخۇنكەنلىدە، بوپتۇ گەپ قىلماي.

— خوتۇندىن قورقىدىغان ماۋۇ راخمىناخۇن بىز ئەمەس جۇمۇ خەلچىخان، قانداق دېدىم راخمانجان.

راخمان كۆلۈپ، خەلچىخانغا ئەرلىك غۇرۇرى بىلەن بۇيرۇق سوقۇپ، تولا گەپ قىلماي ماڭ دەپ ئىشارەت قىلدى.

— قىزىڭىز بەك چىرايلىق جۇمۇ خەلچىخان، — دەپ گەپ باشلىدى يەنە بىرەيلەن، — ئۆزىڭىز تۇغقانمۇ يا؟

خەلچىخان سەل تۇتۇلدى، ئاۋازىغا جان كىردى:

— ئۆزۈم تۇغماي ئەمسە، تولا جىنىمغا تەگمىسلە جۇمۇ.

— ئەمسە نېمىشقا بىرەرسىڭلىكە ئوخشىمايدۇ؟

— ۋاي تاڭ، خۇدايىم مۇشۇنداق يارىتىپ قويۇپتۇ. ماڭا ئوخشىمىغان بىلەن ئاپامغا ئوخشايدۇ، ئاپام ئاتامنىڭ ۋاقتىدا چىرايلىق خوتۇنلاردىن ئىكەندۇق.

قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان راخمان خەلچىخاننىڭ يەنە ئۆز جايىدىن مىت قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ زەردىسى قايىندى. بايىقى گەپنى ئۇشتۇمتۇت ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خوتۇندىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، قاپ كۆتۈرگەن پېتى تۆگىدەك مىكىپ ئۆزى بىلەن كارى يوق كاسىلداپ سۆزلەۋاتقان



خەلچىخاننىڭ قېشىغا كەلدى. خەلچىخاننىڭ قىيسىق كۆزى ياندىكى ئالامەتكە خېلى سەزگۈر ئىدى. راخماننىڭ تۇيۇقسىز دېۋەيلەپ كېلىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئىمانىنى قاچۇردى، يانغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. ساغرىسىغا تەگكەن تېپىك ئۇنىڭ جۇدۇننى تېخىمۇ ئۆرلەتتى. خەقنىڭ ئالدىدا چىرايلىق گەپ قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراش، قاراپ تۇرۇپ يەنە بوزەك بولۇش، ئۇيىدىغۇ مەيلى، كوچىدا مۇشۇنداق سەتلىشىش ئۇنىڭغا هار كەلدى. ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك هەم ئۇرمانلىقتىكى يۇلۇچى يىرتقۇچ هايۋانلارغا توساتتىن ئۇچراپ قورقۇپ ئارقىدىن غەزەبلىنىپ ۋارقىراپ كەتكەندەك پەريادلىق چىقتى:

— ۋاي ساراڭ، ۋاي دەلتى، ئۇرە، ئۇرۇپ يىقىتىۋەت مېنى، خەق نېمە دەپ قالا دېمەيدىغان، مېڭىسىنى سا چوقىلاپ كەتكەن ساراڭ، يەنە ئۇرە قېنى...

خەلچىخان ۋارقىراپ كەلگىنىچە ئىككى قولىنى سوزۇپ قاپ يۇدۇپ ئېڭىشىپ تۇرغان راخمانىنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتەردى. راخمان يەنە تېپىۋېدى، خەلچىخان دوگىغىيىۋالغاچقا پۇتى تەگمىدى. ئۇ ئاچچىقتىن بۇغۇلۇپ باشقىلار «ھەي-ھەي راخمان» دەپ ھاي بېرىپ بولغىچە قاپنى يەرگە ئىرغىتىپ تاشلاپ ئالدىغا يۈگەردى. يەرگە قاتتىق چۈشكەن ئۇغۇت قېپىنىڭ تىكىچى بۆسۈلۈپ، ئاپئاق دانىچە ئۇغۇتلار يەرگە شارىلداپ تۆكۈلۈپ چۈشتى. راخمان قاپنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى سىېرىلىپ كەتتى ۋە غەزىپىگە پايلىماي يول چېتىدىكى ئېرىق بويىدا قىغ دۆۋىلەنگەچكە ئۆسەلمەي قۇرۇپ قالغان جىرىمنى سۇندۇرۇپ خەلچىخانىنى قوغلاشقا تەمشەلدى. باشقىلار ئۇنى توساپ قولىدىكى تاياقنى تارتىۋالدى.

خەلچىخان راخمانىنىڭ يەنە قاتتىق ئۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۇغۇتنى توپا بىلەن قوشۇپ ئوچۇملاپ، چىمداپ دېگۈدەك خالتىغا ئاران تەستە قويۇپ بولدى ۋە ئۆيىگە چېپىپ بېرىپ يىپ ئېلىپ كەلدى، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا قادىۋالغان يىڭنىسى بىلەن يىرتىلغان يەرنى تۈجۈپىلەپ تىكتى. راخمانىنىڭ تاپىلىشى بىلەن ئۇستىلەپ يەنە تىكتى. مۈشۈنىڭ ئۇچۇنمۇ ئىككىسى بىر ھازا تالىشىپ، چاچلىشىپ كەتكىلى تاس قالدى.

راخمان قاپنى يۇدۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئۇسمىناخۇن دەرھال بايىقى تاياقنى ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— بۇنى تارتىۋالمىغان بولسام خوتۇنىڭلىغا يەنە بىر مۇنچە دوختۇر پۇلى تۆلەيتتىڭلا ئاداش. بۇنى مەن جىرىمنىڭ بىر تېلى بەش مو ۋاقتىدا ئالغان. ھاي دەپ بولغىچە ئاچچىقتا پايلىماي سۇندۇرىۋەتتىڭلا. ئەي بولۇپ ئەمدى بوي تارتىۋاتقان نەرسە ئىدى، ئىرى-بىرىسىنى دېيىشمەيلى، ئىزىغا پۇل بېرىپلا كېتىڭلا، ماۋۇ كۆرگەنلەر گۇۋاھ بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

راخمان چەكچىيىپ قاراپ قالدى. يۈزى بىردىنلا ئېسىلىپ، تېرىسى بوششىپ، بېشى بېگىز تىقىقاندەك زىڭىلداپ كەتتى، ئاۋازى بۇغۇلۇپ، تىترەپ چىقىپ كەتتى:

— ئۇنداق بەك ئاشۇرىۋەتمەڭلار ئۇسمىناخۇن، ئۆزۈڭلا كۆردۈڭلا ئەينا ما قانجۇقنى ساۋايمەن دەپ... ئاچچىق دېگەننى بىلىسىلە، قۇرۇپ قالغان نېمە ئوخشايدۇ دەپ... پۇل دەيسىلە، ئۆزۈمنى سىلىگە تەخەي قىلىپ ساتايمۇ يا، تاپقاننى ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قورساققا تىقىپلا كۈن كۆرۈۋاتىمىز، ھەممىنى ئۇقۇپ تۇرۇپ ئادەمنى بۇنداق تەتۈر قىيىناڭلا، قىلىشىپ بەرگۈدەك باشقا ئىش بولسا دەڭلا قىلىشىپ بېرىلى.

خەلچىخانىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى:

— نېمە دەۋاتىلا ئۇسمىناخۇن، ئۇلاغ غاجاپ قۇرۇپ قالغان كۆسەينىمۇ پۇلغا ساتىدىغان گەپما؟ ئۇنداق ئىش نەدە بار، ئادەمنى بوزەك چاغلىماڭ جۇمۇ ئۇنداق.

— ئەللىك كويلۇق ئۇغۇتقا چىقىنغان ئادەم بەش موچەنگە چىقىنالامدۇ راخمىناخۇن، كوپىراتسىيە زامانى كەتتى. ئەمدى خېلى بىيېمۇ قالدىڭلار، بىر تەڭگىنى دەپ ئادەمگە

كۆچۈكتەك بۇنداق غىڭشىپ بەرمەڭلار، سەت تۇرىدۇ.

راخمان باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بېسىپ قالدى دېيىشىدىن كۆپ خورسەن بولاتتى ھەم باشقىلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى. بىراق ئىچ كۆڭلىكىدىن يۇيسىمۇ، ئۆلتۈرسىمۇ يوقالمايدىغان پىت-سىركىلەردەك مەھكەم يېپىشىپ ئالغان نامراتلىقتىن قانچە قىلسىمۇ تېخىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزى خىرە ھېس قىلاتتىيۇ، ئەمما ئۆزىگە كېلىۋاتقان تاشقى تەھدىتكە قايسى نىشانغا ئوق ئېتىشنى بىلمەي قالغان ئەسكەردەك جان ساقلاش ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس قالغان قوش، سۆرەم ۋە ئاددىيغىنە تېرىقچىلىق ئادىتىگە تايىنىپلا تىرىكچىلىك قىلىشقا ئادەتلەنگەچكە، تېخىمۇ كەڭ ۋە يۈكسەك نەرسىلەرنى ھېس قىلىشقا چامى يەتمەيتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ جىم تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— كىم بېسىپ كېتىپتۇ ئوسماناخۇن، تولا مازاقلىماڭ جۇمۇ ئادەمنى، بېيىساڭلا سىلە بېيىغانسىلە. ئوغۇت ئېلىپ كەلسىلا پۇلى جىق بولامدىكەن؟ بۇ ئوغۇتنى بانكىدىن ئالغان پۇلغا سېتىۋالدۇق. گەدەندە مىڭ پاتمان قەرز ھازىر. راخماناخۇن ساڭغا قاچان ئاش ساتسا شۇ چاغدا تۆلەيدۇ، ئۆسۈملىرىچۇ تېخى، ۋاي-ۋۇي، ئۇنى ھەرقايسىلىرى تۆلەپ بېرىشمەيلا غوجام، گەپنى ئازراق قىلىشسىلا ما يولنى بوشىتىپ...

ئوسماناخۇن ئۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي راخماننىڭ پۈكۈلۈپ تۇرغان قەددىگە باشتىن بويى سەپسالدى ۋە ئۇنىڭ يالىڭاچ پۇتىغا قاراپ:

— ئەمسە راخماناخۇن ئىشلىشىپ بېرەمسىلە، بىغىمغا ئەتە سۇ قوما چۆرىمەكچى ئىدىم. بېرىم كۈن بولسىمۇ، لاي دەسسەپ بېرىڭلا، — دېدى.

راخمان ئۈستىدىكى قاپنى سىلكىپ قويۇپ يېنىك تىندى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ھاجەتمەنلەرگە بېرىدىغان جاۋابى ھامان بىر خىل: بىر كۆزى سەل-پەل قىسىلىدۇ، ئاۋازى مۇلايىم ئاھاڭدا سوزۇلۇپ چىقىدۇ:

— ماقۇل.

ئۇنىڭ ياق، دەپ بويۇن تولغاپ باققانلىقىنى مەھەللىدىكىلەردىن بىرەرى كۆرگەن ئەمەس. ئەمما خەلچىخان بۇنداق ئەھۋالنى ئۆز ئۆيىدە دائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۈگۈندىن ئۇ ئۇزۇنغىچە تىرىكىپ، بوغۇلۇپ ئاخىرى تاياق يەپ يەنە بەربىر كۆنۈپ كەتتى.

— ئادەمنى بەك پەس كۆرىدىكەن بۇ خەق، — دېدى خەلچىخان قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلگەچ راخمانغا سوغدىشىپ، — كۈنىمۇ كەچ بولاي دەپتۇ، مۇشۇ خەق ئادەمگە كاشىلا قىلمىغان بولسا ئوغۇتنى بۇ كەمگە شالىغا بېرىپ بولاتتۇق. سىلىنىڭ لامزەللىلىكىڭلار خۇدايىم شۇ، بىكاردىن تاياق كۆتىرەپ ئادەمگە...

خەلچىخان راخماننىڭ بېشىنى سىلىپ گەپ قىلماي كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھېلى بىكار مەن جۇمۇ دەپ قاپنى تاشلاپ يەنە كېلىپ ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىنى ئىچىگە يۇتتى ۋە قىزىغا دوق قىلدى:

— ماڭە چاققان-چاققان.

www.uyghurkitap.com



## 4

كەڭ شاللىق تىرگەندىكى ماشلار بىلەن بىر تۇتاش قوشۇلۇپ كەتكەن. غايەت زور دائىرىدىكى يېشىل بوستانلىق قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئېتىزلىق بويىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە باراقسانلاپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ مايلىق يوپۇرمىقى تەڭگىدەك پارقىرايتتى. ساناقسىز نۇر ھالقىلىرى شۇ يەردىن ئۆتۈشۈپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

خەلچىخان شالغا ئوغۇت بېرىشتىن ئاۋۋال راخماننىڭ دېگىنى بويىچە شال ئوتاشقا چۈشتى. بىردەمدىن كېيىن خالتىدىن بۆلۈپ كەلگەن بىر چېلەك ئوغۇتنى كۆتۈرۈپ راخمان كەلدى. ئۇلار ياندىشىپ بىر سولغا چۈشتى.

خەلچىخان بېلىنى رۇسلاپ ئۇستۇن بولدى ۋە قىزنىڭ شاللىقنىڭ سۈزۈك ھەم ئىسسىق سۈيىگە پۇتىنى چىلاپ، قىرغا جەينىكىنى تىرەپ ئاسمانغا قاراپ ئاللىنىپمەلەرنى غىڭشىپ ئولتۇرغانلىقنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئامراقلىقى تۇتتى. قىزنىڭ قورچاقتەك كىچىك، نازۇك قامىتى، ئوماق رۇخسارى ئېتىزلىقنىڭ ئۆزىگە خاس خىلۋەت، گۈزەل مەنزىرىسىگە خويمۇ ياراشقانىدى.

خەلچىخان يەنە قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر سالدى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش شال ئوتاۋاتقان قىز-چوكانلارنىڭ رەت-رەت بىلەن سولغا كىرىپ، گاھ بىر-بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، گاھ سۇ چېچىشىپ قىزغىن ھالدا ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېغىر تىندى. پەسكە ئېگىشتى. لېۋەن چاغلىرىدىكى شوخلۇقلىرى، گەرچە تۈزۈك چىرايى بولمىسىمۇ، ئەمما مۇڭلۇق ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن تۈۋلاپ قويىدىغان غەزەللىرى بىلەن بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا سورۇننى خېلى قىزىتىپ، يالغۇز قالغانلىرىدا ئۆزىدىن قانائەت تاپىدىغان ئۇنتۇلماس مىنۇتلىرى يادىغا كەلدى. مۇڭلۇق، تەسىرلىك، ئېزگۈ ئاھاڭلار ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. دەسلەپ راخمانغا قاراپ ئېيتقۇسى كەلمىدى، ئەمما تاشقىن بولۇپ يامراۋاتقان گۈزەل ھېسسىياتلار كەلمەي-كەلمەي ئەمدى بىر كەلگىنىدە ئۇنى توختىتىۋېلىشقا مۇمكىن بولماي قالدى. ئاۋازى باشتا قىسىلىپ چىقتى، كېيىن كارناي تۇسمىسى بىردىنلا ئېچىلىپ، كاللىسىنى بېسىپ، ئۈنىنى بوغۇپ تۇرغان خىياللار، ئارتۇقچە. چۈشەكلەر، غەللە-غەشلەر بارا-بارا يوقاپ، توسۇلۇپ، ئۆرلەپ، كۆپۈپ تۇرغان ئەڭ چوڭقۇر، تەسىرلىك ھېسسىياتلار بىراقلا پارتلاپ چىقتى:

يارىم تۇماق كىيىپتۇ
ماڭلىيىغا چۈكۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرۈمىز
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرمەي.

راخمان مۇشەققەت دەستىدىن ھېسسىياتى قېتىپ كەتكەن ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇنداق مۇڭلۇق غەزەللەرنى ئاڭلىسا ئىچ-ئىچىدىن يۇمشاپ ئېرىپ كېتەتتى. بازارغا

بېرىپ قالسا راۋاپ چېلىپ غەزەلخانلىق قىلىپ پۇل تاپىدىغان مەجرۇھلارنىڭ ئالدىدىن كەتمەيتتى. گاھىدا تەسىرلىنىپ كەتسە، ئىنتايىن سېخىيلىشىپ قىزىل قەغەزلەرنى يانچۇقىدىن ئىككىلەنمەيلا سۇغۇرۇپ ئالاتتى.

ئۇ خەلچىخاننىڭ كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان بۇ ھالىتىگە ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ يالت قىلىپ قاراپ قويدى. كاللىسىنى قاپلىۋالغان ئۇغۇت، شال، مول ھوسۇل، پۇل توغرىسىدىكى خىيالى بىردىنلا يوقالدى. راخمان توي قىلغاندا بىر كىشى ئۇنىڭغا: «خەلچىخان غەزەلچى خوتۇن، زېرىكمەيسىلە» دېگەنىدى. خەلچىخاننى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن ئۇ خەلچىخاننى ناخشا ئېيتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، ئۇنىتالماي كۆپ تىركەشتى. خەلچىخان ئۇنىڭدىن تىل-تاياق يېگەنسېرى ئۆزىنىڭ نەڭ قىممەتلىك، گۈزەل نەرسىسىنى گويا نومۇسچان قىز ئۆز مەخپىيىتىنى باشقىلاردىن يوشۇرغاندەك يوشۇرۇپ راخمان ئۆيدە يوق چاغدا قىزىغا ئوقۇپ بېرەتتى. قىزى خۇددى ئاپىسىنى تۇنجى كۆرىۋاتقاندەك تىنىق، غۇبارسىز كۆزىدىن ھەيرانلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى. بىر قېتىم راخمان ئۇنىڭدىن: «ئاپىڭىزغا كۆيەمسىز، ماڭمۇ» دەپ سورىغاندا قىزى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن: «سىز سۆيۈپ قويسىڭىز سىزگە، ئاپام غەزەل ئوقۇپ بەرسە ئاپامغا» دېگەنىدى.

راخمان ئۆز خوتۇنىنىڭ مۇنچە كارامىتى بارلىقىدىن كۆڭلى خۇرسەنلىككە تولدى، ئۇنىڭدىن بۇگۈن قاتتىق رازى بولدى. دائىم شۇنداق قىلسا، مەنمۇ خۇش بولسام، ئۇمۇ بېقىنىغا مۇش يېمەيتتى، دەپ ئويلىدى.

خەلچىخان ناخشىسىنى توختىتىپ تۇرىۋىدى قىزى يۈگرەپ كەلدى. جاراڭلىق ئاۋازدا:

— ئاپوي، ئاپوي، يەنە ئوقۇپ بېرىڭە، — دېدى.

— ئوقۇغىلا خوتۇن، — دېدى راخمانمۇ گەردىنىنى قاشلاپ، خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — ھېلىقى بىر چاغلاردا توۋلاپ يۈرىدىغان «يارنىڭ ئۆيى خاماندا» دەيدىغان غەزەل يادىڭىلدا بارمۇ، شۇنى ئوقۇغىلا، مەنمۇ تەڭ ئوقۇشۇپ بېرەي.

خەلچىخان ئۇنىڭ شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ يۈزى ھەم كۆزى كۈلكىدىن قورۇلۇپ باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. راخمان شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تولىمۇ سۆيۈملۈك، چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىراق ئۇ بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ يەنە بىردەملىك ئىكەنلىكىنى، نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كۆڭۈلنىڭ يەنە ھاۋادەك تۇتۇلۇپ، ئارقىدىن قارلار ئۇچقۇنداپ، مۆلدۈرلەر يېغىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ ئىچى ئۆرتەندى. راخماننىڭ خەق ئالدىدا پۈكلىنىپ، ئۆزىگىلا كۈچى يېتىدىغان تەلۋە، مۆڭ ھالىتىگە بولغان ئۇزاقتىن بۇيانقى قارشىلىق ھېسسىياتى قايتىدىن پەيدا بولدى.

—سەن ساراڭمۇ ناخشا ئوقۇپ بېرەمدۇ كىشى، ئىشەكنىڭ قۇلىقىغا غىجەك چالغاندەك، ئىست ئاغزىم، ئىست زۇۋانىم، — دېدى.

راخمان كۈلۈپ مەيدىسىنى قاشلىدى:

— ئۇنداق دېمەڭلا خوتۇن، بىزدىمۇ خۇدا بەرگەن كۆڭۈل، قوش مۇشتەك يۈرەك بار.

— ئۆل ساراڭ، — خەلچىخان شۇنداق دەۋېتىپ ئىختىيارسىز شادلاندى ۋە يىراقتىن

ئۆزىگە قارىشىپ تۇرغان ئاياللارغا قاراپ ناخشا ئوقۇغۇسى كېلىپ كەتتى، — ئەمسە تەڭ ئېيتىلى.

خەلچىخان گېلىنى قىرىپ، ئاۋازىنى ئەركىن-ئازادە قويۇپ بېرىپ ناخشا باشلىدى. ئاھاڭ بايىقىدىنمۇ ياڭراق ۋە تەبىرلىك چىقتى:

يارنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالايدۇ ساماندا.

راخمان ئېگىشىپ تۇرۇپ پىزەكنى يۇلمەن دەپ ئېسىدە يوق شالنى يۇلۇۋەتتى، پۇتى لايغا چىڭ پېتىپ كەتتى. ئۇ شۇ مىنۇتتا گويا گۈزەل باللىقنى ئىزدەپ ماڭغاندەك، نۆۋەر چاغلىرىنى يېڭىباشتىن تاپقاندەك ھاياجانغا چۆمۈپ، ئىچىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، كاللىسىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە قاتۇرۇپ قويغان تەسىرلىك ھېسسىياتنى ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىغا ئايلاندۇرىۋەتتى:

ئەركىن-ئازاد ياشايمىز
بۇ بەختىيار زاماندا.

يولدىن ئۆتسە ھېچكىممۇ تۈزۈك ئېتىبار قىلمايدىغان خۇدانىڭ بۇ مۆمىن بەندىلىرى تېپىلغۇسىز خۇرسەنلىك ۋە مۇڭلىنىش ئىچىدە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى تاڭ قالدۇرۇپ، بەخت ئىچىدە بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەندى. ئىسسىق شامال ئەركىلەپ، كەچكى قۇياش خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ ئۇلارنى ئالقىشلايتتى.

ناخشا بىلەن ئىشمۇ ئاۋۇدى. راخمان ئوغۇتنى چېچىپ بولۇپ شاللىققا كىرىۋاتقان سۇ لىق بولغاندا توختىتىۋەتتى. مۇشۇ ئوغۇتنىڭ كۈچى بىلەن ئوغۇتنىڭ پۇلىنى نەچچە قاتلايدىغان خىيال ۋە كەلگۈسىدىكى مول ھوسۇل تەسەۋۋۇرلىرى بىرلىشىپ ئۇنى بارغانسېرى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ بۈگۈنكىدەك تەسىرلەنگەن، شادلانغان كۈنلىرىنى تۈزۈك بىلمەيدۇ. بەلكىم خەلچىخان شۇنداقتۇ، ئۇ ئەمدى ئالدىراپ تاياق يېمەيدىغان بولدى، يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پەرىشتەدەك نۇرانە قىزىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قىزى چوڭ بولسا چوقۇم بەختلىك بولىدۇ، خۇدا ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، بېشىنى سىلايدۇ. پۈتۈن ئائىلە شاد-خۇراملىققا تولىدۇ...

راخمان راھەتلىنىپ كېرىلدى. سۈپسۈزۈك سۇلار چايقىلىپ تۇرغان ئېتىزلىققا ھۇزۇرلىنىپ بىر قارىۋەتتى ۋە ئوتنى تاغارغا تىقىپ مۇزاي ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقان خەلچىخان ھەم قىزىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

## 5

ئىشنىڭ ئېپىنى ئۇقمايدىغان، شاخنىا ئىنەكنىڭ پوقىدەك سۈيۈق، شۇنچە كەتمەن چېپىپمۇ پۇل تېپىپ پولۇ يېيەلمىگەن قوشالتاقنىڭ قىلغان ئىشنى كۆرمەمدىغان. بەرىكەتتى يوق شورتاڭ يەرگە ئاۋۋال قىغ تۆكمەي ئوغۇت چېچىپ، يەرنى تاشتەك قاتۇرۇپ غېمىدە يوق كېتىۋاتىدۇ يا ما تۆكباش. ئىست، مۇنداق پوقىا پايدىسى يوق ئىشنى قىلغۇچە كەپسىگە بېرىپ، بارىغا شۈكرى قىلىپ، خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ياتماي. راھەت دېگەن

شۇ ئەمەسمۇ. بۇ دەلتىگە خۇدا شۇڭا بەرمىگەن-دە! شىلىم سۇ ئىچۈپرىپ ئوغۇت يېمەي ئۆسسە، تۈزۈك كۆكلىمەي كېيىن دان تۈتۈپ دانلىق گۈرۈچ بولماي ساپلا سۆك، كىرمەك چىقىپ قالسا، كۆرمەمدىغان ما ئىشنى. قىشچە پۇلۇ يېيەلمەي ئاسمانغا قاراپ يۈرەرمىزمۇ. گۈرۈچ دېگەن بازاردىمۇ تولا، ئۇنىڭغا يەنىلا پۇل كېرەك، پۇل. پۇل تېپىپ گۈرۈچ ئالغاندىن يەنىلا ئۆزى ئىشلەپ تاپقان ياخشى، بەرىكىتى بولىدۇ. ئالتۇنخان نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈنلەرگە كۆپ بارىدۇ، تۇراقمۇ پۇلۇغا ئامراق، روزى دېگەن سويمىكىم گاڭپەن دەپلا غەلۋە قىلىدۇ، مەنمۇ گۈرۈچ تامىقىغا قەۋەتلا ئامراق. پۇلسىز كەلگەن ئوغۇتنىڭ كۈچى! مايسام تېز ئۆسىدۇ، شال ئوبدان ئوخشايدۇ، گۈرۈچ دېگەن مۆلدۈردەك تۆكۈلىدۇ. كۆردۈڭلىمۇ ئالتۇنخان ما ئىشنى. پۇرسەت، ئامەت دېگەن شۇنداقمۇ كېلەمدىغاندۇ دەپ قالسىلە. راخمان بۈگۈن هالىغا بېقىپ هال تارتماي شېلىغا ئوغۇت بەردى، خوتۇنى بىلەن تېخى هازىرلا كەتتى. ئوغۇتنى بىردەمدىلا ئېرىتىۋەتكەن سۇ قىردىن تېشىپ بېزىنىڭ شاللىقىغا چۈشەي دەپ قاپتۇ. كەتمەن بىلەن ئۇشۇق ئەمەس بىرلا چېپىۋەتسەم، بولدى، ئامەت دېگەن بىزنىڭ ئېتىزغا شارقىراپ ئېقىپ كېلىدۇ. بۇ ئامەتنى مانا هازىر كەلتۈرىمەن! خوتۇن، بالام تۇراق، روزى قارى، هەممىڭلار قاراپ تۇرۇڭلار، ئۆيدە بولساڭلارمۇ قاراپ تۇرۇڭلار، خۇدادىن مەدەت تىلەڭلار، نېمە؟ ياۋاش ئادەمنى كۆن ئالغىلى قويۇڭلا دېدىڭلىما. ياق خوتۇن، مەن ئۇنىڭغا، ئاشۇ ئاق ئوغۇت سىڭگەن سۈزۈك سۇنىڭ راخماننىڭ ئۆلەي دېگەن شاللىقىدا لىقمۇلىق تولۇپ تۇرۇشىغا هەرگىز قاراپ تۇرالمايمەن، ئېچىۋېتىمەن. قاراڭلار. مانا هازىرلا، زاۋال چۈشتى، نامازشاممۇ بولاي دېدى، ئەتراپتا هېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. هەي ئۇلۇغ خۇدا، سەنمۇ ئېيتقان يارىلىش ئۆزۈڭدىن دەپ، جېنىم ئالتۇنخان، بېشىمنى قايمۇقتۇرىۋەتمەڭلار، راخماننى بوزەك قىلمىساق قىيامەتتە سورىقى بار. ياق، ئەي ئاللا، بەندەڭنى ئەپۇ قىلىدىغىنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، بۇنىڭ هەممىسى تىرىكچىلىك، شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ قاراڭلار ئالتۇنخان، كاللاڭلار مېنىڭدەكمۇ ئىشلىمەيدۇ سىلىنىڭ، ئەقلىڭلار بولسا بىلىسلەر، ئوغۇت ئالىدىغان پۇلغا كۆكتات ئۇرۇقى، ئىككى مېتىر خەسە ئېلىۋالسام دەۋاتاتتىڭلار، ئەمدى ئۇ غەمدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇڭلار. كاللام ئىشلەمدىكەن، يەنىم بارمىكەن، هەر ئىشقا يەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم كېرەك دېگەننى ئەجەپ دەپتىكىنا. قولۇمدا كەتمەن، قورساقتا پىلان بولسىلا مانا مەن تاپالايمەن، هەممە نەرسىنى تاپالايمەن، ئۆيىمىزگە ئەكىلەلەيمەن...

كەڭ ئېتىزنى ئوراپ تۇرغان دەرەخلىك يولدا مەهەللىگە قارايدىغان تېرەكنىڭ شاخلىرىنى چاتاپ ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا تېڭىپ كېلىۋاتقان مولىمناخۇن راخماننىڭ قارىسى يېتىشى بىلەنلا شاللىق بويىغا كېلىپ راخماننىڭ شاللىقىدىكى چايقىلىپ تۇرغان «خاسىيەتلىك سۇ» لارغا قاراپ هەممىنى ئېچىۋالغۇسى كەلدى ۋە يوقىرىقىدەك خىياللاردىن ئۆزىنى تۇتالماي ئەتراپقا بىر چۆرۈلۈپ قارىۋېتىپ هېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن يېنىدىن دائىم ئايرىمايدىغان ئەپچىل، ئىتتىك كەتمىنىنى ئېلىپ تىرگەندىكى ماش قويۇق ئۆسكەن هەم كۆزگە پات چېلىقمايدىغان يەردىن ئېچىق ئاچتى. دەسلەپ كىچىك ئاچتى، كېيىن ئۇنىڭدىن رازى بولماي تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋەتتى. سۇلار شىرقىراپ،

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. مولىمناخۇننىڭ ئېتىزلىقى پەسرەك بولغاچقا سۇ ناھايىتى تېز ماڭدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئىشقا خۇمار يۈرەكلىرىمۇ تەشنالىقى قانغاندەك يايراپ، تېپچەكلەپ كەتتى.

ئۇ قىزىل سۇلىياۋ لېنتا بىلەن پۇختا قىلىپ يۆگەلگەن ۋېلسىپىتىنى ئالدىرىماي تېپىپ، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ كېلىۋاتاتتى. تېمىنىڭ كەينىگە كېلىپ توپىنى لەڭپۇڭ ئېتىپ ئويناۋاتقان كىچىك ئوغلى روزى بىلەن راخماننىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئۆزىچە تېخىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارغا گەپ قىلغۇسى كەلدى. روزى ئاتىسىدىكى بىر ئالامەتلەرنى بايقاپ قېلىپ بويىنىنى سىلكىپ، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ غەلۋە قىلدى:

— ئاتوي، نەگە باردىڭىز، ماڭا پۇل بېرىڭا.

ئۇ ۋېلسىپىتىنى تېمىنىڭ ئارقىسىغا يۆلەپ قويۇپ بالىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزايدى.

— ئاسلاندەك تولا مياڭلىما، — دېدى ئۇ بالىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ، — پۇل بەرسەم نېمە قىلىسەن؟

— ئامنەم ئىككىمىز كەمپۈت ئېلىپ يەيتتۇق.

ئۇ بالىسىنىڭ سۆزىگە مەستلىكى كېلىپ ئۇنىڭ ئوماق تەلەتىگە، تارتىنىشتىن قىسىلغان كۆزىگە بىر قاراپ قويدى، ئاندىن راخماننىڭ قىزىغا خەقنىڭ بېغىدا پىشاي دېگەن كۆك غورىلارغا كۆز سالغاندەك كۆز سالدى.

مولىمناخۇننىڭ ئىچى يەنە قىزىشقا باشلىدى: بۇرۇن ئەجەپ قارىماپتىكەنمىنا، راستىنلا پاكىز چوڭ بوپتۇ بۇ ئالۋاستىنىڭ قىزى. خۇدانىڭمۇ راخمانغا رەھمى كەلگەن بولسا كېرەك، شەيتاندەكلا ئۆسۈپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، روزى بىلەن پاتراق چوڭ بولساڭ سېنى تېخى ئۆزۈمگە گۆلدەك كېلىن قىلىۋالامدىم، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. گاداي خەقنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئۆز يولىدا، تويلۇقىڭمۇ ئەرزان، ئەمما بۇ چىرايىڭ نېمىگە ئەسقاتىدۇ، روزىنى باي قىلالامدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سەن ئىشچان خوتۇن بولغىن، مانا شۇ ئەۋزەل...

— راستىمۇ ئامنىخان، — دېدى ئۇ، — بالام كەمپىت ئەپ بەرسە يەمسىز؟

— يەيمەن، — قىز شۇنداق دەپلا بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ توپىغا كۆمۈپ قويغان پۇتىنى تارتىۋالدى.

مولىمناخۇن كۈلۈپ يەنە سورىدى:

— ئاتىڭىز ئۆيدە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ئوتۇن يېرىۋاتىدۇ.

— ئاپىڭىزچۇ؟

— چامغۇر ئادالاۋاتىدۇ.

— بېرىپ ئاتىڭىزغا دەڭ، بىز يېقىن قوشنا بولغاندىكىن بىرەر ۋاق تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدە يېسە تۇزىمىز كاملاپ قالمايدۇ. كۆندە سۈيۈق-سەلەڭ، كولدۇر-كوپپاڭ ئاش ئىچۈۋېرەمسىلەر دەيدۇ دەپ قويۇڭ.

قىز يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا گۆدەكلەرگە خاس غەرەزسىز تەرزدە تىكىلىپ، ئەمدى ئېچىلغان كېۋەز غوزىسىدەك ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى، كىرپىكلىرى جۇپۇلشىپ،

نەملكتىن كىرىشىپ كەتتى، روزىغا بىر قاراپ قويۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىككى يانغا توپا چاچرىتىپ يۈگرەپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ئالتۇنخاننىڭ:

— روزى، ھەي روزاخۇن، — دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ماڭە ئاپاڭ چاقىرىدۇ، — دېدى مولىمناخۇن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئاش پىشقان ئوخشايدۇ.

## 6

مولىمناخۇننىڭ بەستىمۇ، سوقما قىلىنغان تېمىمۇ، تېرەكلىرىمۇ ئېگىز ئىدى. ئۇ يول ماڭسا ھەممە نەرسىگە چاشقاننىڭ كۆزىدەك غىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن نەزەر سېلىپ ماڭاتتى. مەھەللىدىكى بىرەرىنىڭ ئوخشىغان زىرائىتى، چوڭايغان تېرەكلىرى، كۆپەيگەن ئۇلاقلىرى، ھەتتا كىيگەن كىيىم، يېگەن تاماق، ئۇتقان ئېيىدىكى سەرەمجانلارنى بىلمەي قالسا، ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق غەش بولاتتى. ئۆزىنى قارىغۇ ئادەم تام-توساق كۆپ يەردە كېتىۋاتقاندەك بىئەپ ھېس قىلاتتى. ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بازارغا كەچ بولسىمۇ، بارماي قويمايتتى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇنىڭ قەددى ئالدىغا سەل-پەل ئېگىلىپ تۇرغاندەك، يولغا كەينىچە قىلىپ سېلىنغان سوقما تاملىق ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىمۇ، بېغىنىڭ شورىسىمۇ ئۇستىگە يۈقىرىلىغانسېرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ھەتتا تېرەكلىرىمۇ ئىچىگە قاراپ مايماق ئۆسكەنىدى. ھويلا ھەم باغلىرىدا سەرخىل دەرەخلەر، پۇختا قوتانلار، ئۆگزىسىدە كەپتەرخانا ۋە توخۇ كاتەكلىرى بىر-بىرىگە زىچ كىرىشىپ كەتكەن؛ رەڭدار مېۋىلەر، سېمىز ماللار، بۇقۇلداپ، قەقەسلەپ كېتىدىغان كەپتەر، توخۇلار ھەممە ياقتا تولۇپ تۇراتتى.

راخمان قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خەلچىخاننى بېرىشقا ئۇنىتالماي مولىمناخۇننىڭ ئۆيىگە ئاخىرى ئۆزى كەلدى. دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە كېلىشى بىلەنلا شادىغا باغلانغان سېرىق ئىت چىشىنى ھىڭگايتىپ قاۋاپ كەتتى. راخمان بۇ ئۆيگە مۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى بىر كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا مولىمناخۇننىڭ بۇنداق كەڭ دەرۋازىسى يوق ئىدى. مولىمناخۇن چوڭ يولغا يىراق ئورناتقان بۇ يېڭى دەرۋازا خېلى ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئۇستىدىن تېرەككىچە خادا مىقلاپ ئۇستىگە باغ قىلىنغان قوناق پاسىرى ۋە شال پاخلىنى قېلىن ئارتىۋەتكەچكە ھويلىدىكى باراخسان ئۈزۈم بارىڭى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن ھويلىنى كېچىدەك قاراڭغۇ قىلىۋەتكەنىدى. كەچ كىرىشى بىلەن بۇ قاراڭغۇلۇق زۇلمەتكە ئايلىناتتى. ئاسماندىن ھەتتا ئاي نۇرىمۇ شۇڭغۇپ ئۆتەلمەيتتى.

راخمان گۆرستانلىق ئىچىدىن تەۋرەپ چىقىۋاتقان ئەرۋاھتەك ئاستا قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتقان مولىمناخۇننى كۆرۈپ ئالدىغا ئىككى چامداپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. يىرىك، قاتتىق قوللار بىر-بىرىگە تېگىشتى. مولىمناخۇن راخماننىڭ دۈمبىسىدىن قەدىناسلارچە يېنىك ئىتتىرىپ:

— بۇ ئۆيگە پات كەلمەيتتىڭلار راخمناخۇن، دېمىسەم يەنە كەلمەستىڭلا، قېنى

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە، — دېدى.

راخمان خۇشاللىق ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە ئۆي-دۆك بولسىمۇ ناھايىتى كەڭ ھويلىغا قەدەم باستى ۋە سۇپىدا ئولتۇرۇپ تامدىكى زەدىۋالغا يۆلەندى. كۆزىگە چۈشۈپ قالغان شەپكىسىنى ئېلىپ مايماق چېكىلىكىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇنى تىزىغا كەيدۇرۇپ قويدى ۋە بېشىنى قاشلاپ قاراڭغۇلۇقتا تېخىمۇ زور، ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان باغ-ۋارانلارغا ھەۋەس بىلەن سەپسالدى. مولمىناخۇنىنىڭ سەھەردىن كەچكىچە، قىش-ياز خوتۇنى ھەم ئىككى بالىسى بىلەن قىمىرلاپ يۈرۈپ زىرائەتنى ئەڭ باشتا تېرىپ، سۇنى ئەڭ باشتا قويۇپ، خامانىنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ، پاخال، سامان، ئوت-چۆپ، پاسارلارنى، ھەتتا تېرەكتىن چۈشكەن غازاڭلارنىمۇ قويماي ئۆيگە توشۇپ، ئۇلاغلىرىنى سەمرىتىپ، شۇنچىلىك مۇشەققەت تارتىپ بەرپا قىلغان تەئەللۇقاتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەمما ئۇ ئۆزىگە كەلگەندە بۇرۇنقىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنىلا كۆرۈپ ئارتۇقچە تەرەپلەرنى ئويلىمايتتى. ئويلاشقا ھەم قۇربى يەتمەيتتى.

قازناق ئۆيدە مولمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ تالىشىۋاتاتتى.

— ما خوتۇننى كۆرمەمدىغان، سۆيقاشتىن بىر چىنىمۇ يوقما؟ ئۇنى ئاتايىن چاقىرىپ قۇرۇق چاي بىلەن يولغا سالىمىزما؟

— تۇراقجان كەلسە نېمە ئىچىدۇ، روزىتمۇ ئاران تېخى بىر چىنە ئىچتى.

— ئەمسە راخمان نېمە يەيدۇ. ئۆرۈك بىلەن نان يەمدۇ؟ قېتىق باردۇ؟ قوغۇن-تاۋۇز بولسىمۇ بولاتتى.

— ئوھوش قويۇڭلا، ئىشكاپتا پولۇ بار، ئەتكىلى ناھايىتى ئىككى كۈن بولدى. گۇرۇچنى سەل جىق سېلىپ قويۇپتىكەنمەن، تويدىن ئېشىپ ئازراق پۇراپ قاپتىكەن، باللار يېگىلى ئۇنىمىدى، بەرسەڭ شۇنى بېرىلى، باشقا نەرسە يوق، راخمان پولۇنى كۆرسە دۇم چۈشىدۇ.

— قولۇڭلا بىر نەرسىگە خېلى چەن ئىدىغۇ، نەچچە دېدىم ئاشنى ئىسراپ قىلماڭلا دەپ، ئەمدى ئۇ پۇراپ قالغان نەرسىنى خەققە بەرسەڭ، ئاشقازىنى بىر نېمە بولسا، ئۇ كالۋانى ئۇششۇقلۇق قىلمايدۇ دەمسىلە؟ قويۇڭلا سىلىنى.

— تويدىن ئېشىپ قالدى دەۋاتىمەنغۇ، نېمانداق گەپ ئۇقمايسىلە. تويدا ئۇنى ئازدەپ داستىخىنىمغا يەنە بىر لېگەن تولۇق پولۇ ئوراپ بېرىشتى، ئىشكاپتا بارى شۇ، ئاۋۋال بېرىپ باقىلى، خۇش بولمىسا مانا مەن، ئۆزىمىغۇ ئېغىزىغا بىر كاپام سالسىلا گالدىن چاپسانلا ئۆتۈپ كەتكۈدەك ياغلىق ئاش بوپتىكەن. تۆكۈۋېتەي دېسەم خۇدانىڭ نېمىتىنى خارلىغانلىق بولۇپ قالار، ئۇلاغقا بېرىۋېتەي دېسەم زىيان قىلارمىكىن دېدىم. ئىنتا تېخى بەرگىلى بولمايدۇ، توخۇلارغىمۇ زايە كېتىدۇ، دېگەن بىلەن ئۇنچىمۇ پۇراپ قالمىغان. راخماننى چاقىرىپ كەلگىنىڭلار بىساتتا ئوبدان ئىش بولدى، ئاشۇ بولسىمۇ يەۋالسۇن، كېيىنچە ئەسقېتىپمۇ قالار.

— ئەمسە ئۈستىگە ئازراق قېتىق قۇيۇپ ئىلەشتۈرۈپ چانمغۇدەك قىلىپ بېرىۋېتىڭلا.

— ما ئەقلىڭلا جايىدا، مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇراتتىم.

ئالتۇنخان ئىشكاپتىكى پولۇنىڭ ھەممىسىنى بىر لېگەنگە ئېلىپ ئۈستىگە بىر چىنە قالغان قېتىقنىڭ يېرىمىنى كۆنەلگىگە ئېلىپ قويۇپ يېرىمىنى تۆكتى ۋە ئاشقا ئىلەشتۈرۈپ راخماننىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا ئېلىپ چىقىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن قويدى. ياغدەك سىلىق گەپ بىلەن راخماننى تاماققا زورلىدى، چاي قويۇپ ھارمىدى.

راخمان ئايلاپ كۆرمەيدىغان بۇنداق ئاشقا ئېغىز تەگكىنىدىن تەسىرلىنىپ ئىلگىرى بۇلارغا بەزىدە كەتمەن كۆتۈرۈپ قويغىنىغا ھەم خەلچىخانىغا قوشۇلۇپ تىللاپ كەتكىنىگە ئۆكۈندى. پېژىلداپ كەتكەن قورساق پەقەت گۈرۈچ ۋە قېتىق بىلەن تويۇنغانلىقىدىن يايراپ، تەم، پۇراق سەزگۈسىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرىۋەتتى.

ئۇ لېگەندىكى لىق ئاشنىڭ يېرىمىنى يەپ قورساق راۋۇرۇس تويغاندا ئاندىن ئاشنىڭ سەل پۇراپ قالغانلىقىنى سەزدى. بىراق ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان بۇ ئەزىز نېمەتكە كۆڭلىدە شەك كەلتۈرگۈسى كەلمىدى. ئۆيدە قالغان جاھىل خوتۇنىنى، ئوماق قىزىنى ئويلاپ قالغان ئاشنى ئۇلارغا ئاپىرىپ بەرگۈسى، پولۇنىڭ يېغى بىلەن خوتۇنىنىڭ گېلىنى مايلاپ، قىزىنىڭ لېۋىنى پارقىرىتىپ قويغۇسى كەلدى. ئالتۇنخان گويا ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولغاندەك لېگەندىكى قالغان ئاشنى ياغلىشىپ، ئىسسىلىشىپ كەتكەن ئاش كورىسىغا تۆكۈپ ئۇنىڭغا كۆتەرتىپ قويدى. خەلچىخانىغا دەيدىغان بىر مۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ دەرۋازىنىڭ تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. مولىمناخۇن يەنە بىر مۇنچە ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە يولغا سالدى.

كۆپ ئۆتمەي تۇراق دەرۋازىنى ئېچىپ كىردى. مولىمناخۇن بىلەن ئالتۇنخان تەڭلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— قانداق قىلدىڭ، شاللىق توشۇپتۇمۇ؟ — مولىمناخۇن تاقەتسىزلىنىپ سورىدى.

— شۇنداق يوغان ئېچىۋەتسەڭ توشماي قالامدۇ، — دېدى تۇراق كەتمەننى تاشلاپ، — ئېچقىنى ئېتىپ بولالماي نەچچە يىقىلىپ قوپتۇم، سۇغا پىشىلدىم، قارا ما ئىشتاننى. ئۆزۈڭ ئېچىپ ئۆزۈڭ ئەتمەي ئەمدى مېنى يەنە راخماننىڭ تايىقى ئاستىغا قويغىلى تاس قالدىڭ، قولۇمدىكى كەتمەن تىترەپلا تۇرىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بېرىپ قالمىدى.

— تىرگەننى چانمىغۇدەك قىلىپ تۇزلىۋەتكەنسەن؟

— تۇزلىۋەتتىم، سەن ئېچىق ئاچقاندا كېسىلىپ كەتكەن ماشلارنى تېخى ئورنىغا كەلتۈرۈپ تىكىپ قويدۇم، لاي بىلەن يىقىلماس قىلىپ قاتۇرىۋەتتىم، ئۈستىگە ئازراق توپا تاشلاپ قويدۇم، ئاڭغىچە پاشا چېقىپ جېنىمنى ئاران قويدى.

— بولدى، ئېشكىزنى ئېچىڭ بالام، قورساقمۇ ئاچقاندۇ، — ئالتۇنخان ئاش ئېلىپ چىقتى، — شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ شال توشتى، ئوغۇتلاندى دەڭ. راخماننىڭ شاللىقىدا ئازراقمۇ سۇ قالمىدىما؟

— قالمىدى، مانا شۇ يېرى چاتاق! راخمان شال تېرىغاندا ئېتىزلىقىنى سۇ سىڭمەس قىلىپ لېپىتىۋەتكەن، ئەمدى ئەتە قوپۇپ سۇ يوقلۇقىنى كۆرسە بىزنى تۇتامدىكىن دەپ غېمىم شۇنىڭدا.

مولمناخۇن سۇپىدا ئولتۇرۇۋېتىپ ئۇزۇن بىر ئەسنەك تارتتى ۋە:

— راخمان زىيان تارتقان گۇرۇچنى بىز بەردۇق بالام. ئېخى مايلىرى بىلەن قوشۇپ بەردۇق. ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇ ئادەم بولغاندىكىن ئانچە-مۇنچە يۈزى قىزىرا، تەپ تارتا، ئىنساب قىلا، كۆزى كۆردىمۇ، نەق جايىدا تۇتىۋالالدىمۇ، شۇنداق قىلالىسا ھېساب. بولدى، بولدى، بۇ گەپنى ئاز قىلىپ ئېشىڭنى ئىچ، يۈرەكلىك بول! — دېدى.

— سىلىمۇ مۇشۇ بالىنى خەقنى بوزەك قىلىشقا ئۆگىتىۋاتسىلە، — دېدى ئالتۇنخان، — ئاشۇ بىچارە خەقنى كۈن ئالغىلى قويساق بولاتتى. راخمان سىلىدىن تەپ. تارتقان بىلەن بۇ بالىنى ئېتىزلىقتەك بىر يەردە، كىشى كۆرمەستە ساراڭلىقى تۇتۇپ ئۇرۇپ كەتسە نېمە دېگىلى بولىدۇ، — ئالتۇنخان دائىم مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئېچىدىكى خۇشاللىقنى يوشۇرۇپ ئادەتلەنگەنىدى. مولمناخۇن گەپ-سۆز قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## 7

— ئادەمنى پەس كۆرۈپ بەرمىگەن ئەمدى مۇشۇ ئېشى قاپتۇمۇ، ئىتقا بەرسە ئىتمۇ يېمەيدۇ، ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىمەن، نېرى تۇرۇڭلا دەيمەن كۆزۈمگە كىرىۋالماي.

خەلچىخان كورىنى كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى.

راخمان خەلچىخاننىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەن ئىدى. خەق شۇنچە ئىززەت قىلىپ چاقىرىپ ئاش بەرسە، بۇ خوتۇن تەتۈرلۈك قىلىپ تۆكۈۋېتىمەن دېسە... ئۇنىڭ غەزىپى يەنە قوزغالدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىپ يالۋۇرغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇنداق قىلماڭلا ئوبدان خوتۇن، مەن قورسىقىمنى تويغۇزمىسامىمۇ ھەر قايسىڭلىنى دەپ ئاتايتەن پولۇ ئەكەلسەم يېمەيمەن دېسەڭلا قاملاشمايدۇ، قورسىقىڭلىمۇ ئاچقاندۇ؟

— قورساققا ئاش ئېتىپ ئىچىپ بولدۇق.

— ئەمسە ئامىنەم يېسۇن.

— نېمە دەيدىغاندۇ ئەمدى. كۆكىرىپ، پاختىلىشىپ قالاي دېگەن مۇشۇ ئاشىنىزە بالىغا بېرەمدۇق؟ ئامىنەم مىجەزى يوق بايا ئۇخلاپ قالدى. بىر ئاغرىقنى ئىككى قىلاي دەمسىلە نېمە.

— يالغان گەپ قىلماڭلا، — راخمان سەل تاتاردى، — بايا ئېخى چاپراقشىپ يۈرگەن بالا بىردەمدىلا ئاغرىپ قالمايدۇ.

— شۇنداقتىمۇ يېمىسۇن، ئۆزۈڭلىلا يەپ ئارىلىشىپ كېتىڭلا، قورساق تويمىغان بولسا. گالدىن قانداق ئۆتكەندۇ دەيمەن شۇ ئېچىپ قالغان ئاش. مەندەك ئادەم بولىدىغان بولسام بەرگەن ئېشىڭ شۇمۇ دەپ ئالتۇنخاننىڭ بېشىغا لېگەن بىلەنلا ئاتاتتىم.

— ئاش يېمەي پوق يەڭلا ئەمسە، — راخماننىڭ يۈزى ئاچچىقتىن چىڭقىلىپ، زاڭاقلىرى تىترەپ كەتتى، — كۆرۈڭا، خەق ئادەم كۆرۈپ ئاش بەرسە گېلىنى. مايلاشنى ئۇقماي ۋالاقلاپ خەقنى قارغاپ يۈرۈۋدا!؟

— ۋاي بولدى، يەي، كۆڭلۈمنى دەپ ئەكەپسلە، يېمسەم يەنە ئۈرىدىغان ئوخشايسلە، بالا ئويغىنىپ كەتمسۇن يەنە.

خەلچىخان قوشۇقنى ئاشقا سالاي دەپ راخماننىڭ ئۆزىگە يەنە چەكچىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ دەررۇ قولىنى يۇيدى-دە، ئاشتىن بىر كاپام ئېلىپ يېيىشكە تەمشەلدى، ئەمما يۇراقلاردىن كۆڭلى ئاينىپ يېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— يەمسلە-يېمەمسلە؟

راخمان غەلىتە بىر ئەلپازدا ھازىرلا ئۆرۈپ دەسسىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. خەلچىخان ئۇنىڭ يوشۇرۇن غورۇرىغا تېگىپ كېتىشتىن بەك قورقاتتى، ئۇ ھازىر دەل مۇشۇنداق ھالەتتە تۇراتتى. يەي دېسە تېخى، يېمەي دېسە ئۇ خەقنىڭ كۆڭلىنى بەك چوك بىلىپ كېتىپ ئۆزىنى پاس-پۇس ئۇرۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ. بۇ تەلۋىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. قورساق قاتتىق ئېچىپ كەتكەن بولسا مەيلىدى، ئاش ئېچىپ بولغاندا سىېنىق پولۇنى ئەمدى كىمنىڭمۇ يېگۈسى كېلىدۇ؟

— قورسىقىم بەك تويۇپ كېتىپتىكەن، ئەمدى ھېچنېمە يېگۈم يوق، — دېدى ئۇ ۋە يەنە راخماننىڭ بايىقىدەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ، — بولمىسا ئەتە يەي، — دېدى.

— ياق، — راخمان تەرسالىق قىلىپ، — سۇيقاش دېگەن قورساقتا تۇرمايدۇ، ماۋۇ دېگەن پولۇ، يەڭلا دېگەندىكىن يەڭلا، ئەتىگىچە يۇراپ تېخىمۇ يېگۈسىز بولىدۇ. سىلە يا كوپىراتسىيەنى كۆرمىگەن كىچىك بالا بولمىساڭلا. ئاشنى قەتئىي زايە قىلمايلى، بولمىسا ئۆز ۋاقتىدىكىدەك ئۇۋالىغا قالىمىز.

خەلچىخان تەڭلىكتە قالدى. ئاخىرى قىتىققا چاپلاشقان گۈرۈچلەرنى تاللاپ يېگىلى تۇردى. راخمان تېرىكىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— مېڭىڭلا، مېڭىڭلا، ئاتاڭلىنىڭ بەتتە پۇلۇسى ئەمەس بۇ چوقلاپ يەيدىغان. ئاتاڭلا دېگەن باي دېھقاننىڭ ئۆيى قالغان ئاۋۇ بەش ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدا. ما دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، كەمبەغەل دېگەن مۇشۇنىڭغا، خۇدا بەرگەن مۇشۇ رىسقىغا شۈكرى قىلماي نەگە بارىدۇ. خارلىقتا قالىدىغان ئاش يوق بۇ يەردە، سىلە يېمىگەن پولۇنى خۇدالىق ئۈچۈن چار موزايغا بېرىۋېتىمەن، ئاشنىڭ قەدرىنى ھايۋان جېنىدا بىلىدۇ، ئوبدان ئولتۇرۇپ بىر يەمدىكىن دېسەم، ئەمدى پوقنى يەڭلا.

خەلچىخان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ:

— ھەي، ھەي، ئاتامنى تولا چىشلەپ تارتقۇچى بولما سەن، مەنمۇ سېنى دەپلا ئولتۇرىۋاتىمەن بۇ جىنىڭنىڭ كەپىسىدە... — دېدى.

خەلچىخان راخماننىڭ تەلۋىلىكى يەنە تۇتمىسۇن دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى ۋە بىر نېمىنى ئېسىگە ئېلىپ:

—موزايغا ئوتنىڭ ھەممىنى سېپ بەرگەن، قورسىقى گۆمبەزدەك چىقىپ كېتىپتۇ، ئىچىمغان ئاش زىيان قىلامدىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ئېچىپ قالغان نېمە نەدىكەن، — دېدى راخمان، — سىلە يېمىگەن بىلەن موزاي يەيدۇ، قاراپ تۇرسام گۈرۈچنى خارلاپ يېگىلى ئۇنىمىدىڭلا، گۈرۈچ دېگەن نېمە، بىلەمسلە، ئۇ دېگەن پەيغەمبىرىمنىڭ چىشى، جەننەتنىڭ ئېشى. سىلە شۇنى

www.uyghurkitap.com



بىلمەيسىلە، بىلمىگەندىكىن ئاشۇنداق يېمەيسىلە. موزاي يېسۇن ھالال بولغاندىكىن دېسەم يەنە ۋالاقلايسىلە. مېڭگىلا بېشىمغا كېلىپ رامزان ئېيتماي ھەلەپتىن ئاشقان سامانىنى ئېلىۋېتىپ ئۇلاقنى ئادالاڭلا. موزاي يەپ بىر يايراپ سەمرىۋالسۇن. قاراپ ئىچىڭلا ئاداپ كېتەر ئىلاھىم.



خەلچىخان گاڭگىراش ئىچىدە راخماننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئاش ئۇلاققا تۆكۈلدى. موزاي بېشىدىكى ئۇقتىنىڭ ھالقىلىرىنى تاراقشىتىپ ئۇلاققا تۇمشۇقىنى تىقىپ، پۇشۇلداپ تۇرۇپ ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

خەلچىخان ئىچىدە بىر نەرسە ئۈملەۋاتقاندەك ئارامسىزلاندى. راخمان ئۇنىڭغا قاراپ گومۇشلارچە كۈلۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا مۇھىم بىر قائىدىنى سۆزلەشكە چۈشتى:

— خۇدانىڭ مەن، سىلە ۋە باشقا خەقلەرگە بەرگەن مۇشۇ رىسقى تەڭ ئەمەس. لېكىن ئات-ئۇلاغدىن تارتىپ قۇشقاچلارغىچە، ھەتتا چۈمۈللەرگىچە ئۇنىڭ خۇدا بەرگەن ئۆز نېسىۋىسى، يەيدىغان رىسقى بولىدۇ. خۇدا بۇغداينى، گۈرۈچنى — ئاشۇ دانلارنى قارا يەردىن تېپىپ چىقىشنى، ئۇچار قۇش ۋە مۇشۇ ھايۋانلارنى نېسىۋىلىك قىلىشنى بىزگە تاپشۇرغان. سىلە يېمىگەندىكىن موزاي يېدى، دېمەك، ئۇنىڭ بۇنىڭدا بىر ئۈلۈش نېسىۋىسى بارلىقىنى خۇدا دىلىمغا سالغان گەپ. قاراپ تۇرغىنىڭلار بىلەن ئۇنى يەۋالمايسىلەر، مېڭگىلا، ئۆيگە كىرىپ ئۇيقۇڭلىنى ئۇخلاڭلار، ئەتىگىنى قوپالمايدىكەنسىلە.

خەلچىخان ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. راخمان موزاينىڭ پولۇنى پاك-پاكىزە يەپ قويرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تۇرۇشىنى بىردەم كۆزىتىپ گويا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يايراپ كەتكەندەك ھۇزۇرلاندى. موزاينى ئادىتى بويىچە قوتاندىن چىقىرىپ ئۇنى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆينىڭ يېنىدىكى ئېغىلغا سولاپ ئىشىكنى ئەتتى.

## 8

خەلچىخان يېرىم كېچىدە بىر ئەنسىز چۈش كۆردى. چۈشىدە چار موزاينىڭ كۆزى گۆھەرگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقۇدەك، تۇمانلىق ئاسماندىن سەل تۇرۇپ چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر تۆكۈلۈپ ئۇنىڭدىن يىغىلغان سۇلار ئۆستەڭگە (مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆستەڭ دېگۈدەك) يامراپ ئېقىپ كەلگۈدەك. ئۆستەڭدىكى لاي سۇلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن كۆتۈرگىدەك. شۇ ئەسنادا چار موزاي ئۆستەڭدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، بۇ قاتتىق ئۇقاتقا پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولىۋاتقۇدەك. ئۇ خۇددى مۇشۇكتەك يەڭگىل ئۈزۈپ قىرغاققا يېتەي دېگەندە شار-شۇر قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇغا چۆكۈپ كەتكۈدەك. خەلچىخان موزاينىڭ بېشى كۆرۈنەر، گەۋدىسى كۆرۈنەر دەپ شۇنچە تەلمۈرسىمۇ، موزاي سۇ يۈزىگە ئىككىنچىلەپ چىقمىغۇدەك...

خەلچىخان ئىچى سىقىلىپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، بىر پەس گۆڭگۈرلاپ جۆيلىگەندىن كېيىن مېڭىسى تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن ئەت-ئەزايى يامغۇردا قالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پېشانە ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرنى يوتقان ئەستىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ راخماننىڭ قوينىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. موزاي سولانغان ئېغىلغا يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ ئاران يېتىپ باردى ۋە كۆزىنى ئۇۋىلىۋېتىپ ئوبدان بىر قاردى. قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ كۆزىدە سەل سۇسلاشتى، بىر نەرسىلەرنى پەرق ئەتكۈدەك بولغانىدى. چار موزاي بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز بېشىنى بۇراپ خەلچىخان تەرەپكە قارىغاندەك قىلدى. كۆزلىرى پارقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى. ھېچ ئىش بولماپتۇ، ۋاي يۈرىكىم، قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى... خەلچىخان قاراڭغۇلۇق قوينىدىن ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىغىنىچە پايپاسلاپ چىقتى ۋە ئىسسىق يوتقانغا كىرىپ راخماننىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا چاپلاشتى. بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكسى ئاخىرى پەسكويغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇ ھالەتتىكى نەپەس رېتىمىغا ماسلىشىپ كەتتى.

خەلچىخان تاڭغا يېقىن كىمدۇر بىرىنىڭ بىر نېمىلەرنى دەپ پەرياد چېكىۋاتقىنىنى، بوش ئاۋازدا يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ چۈشىمۇ، ئوڭىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن سۆڭگىچىگە تەگكەن قاتتىق تېپىكتىن مېڭىسى پارتلاپ كەتكەندەك بولۇپ، جېنى سىرقىراپ، سۇپىدا يۇمىلىنىپ كەتتى. قاتتىق ئىڭرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازدىن قىزىمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۆي ئىچى يىغا-زارە، ۋارقىراش-جارقىراش، ئاللىكىملەرنى قارغاش ئاۋازى بىلەن تولدى.

— ۋاي نېمە، نېمە بولدى؟ — خەلچىخان ئېسىنى يىغىپ جان ئاچچىقىدا تووۋلىدى.

— موزاي ئۆلۈپتۇ، ياتە چوشقا، سەنمۇ ئۆلۈكىڭنى سات...

راخماننىڭ كارنىيىنى بىرى بوغقاندەك تەستە چىقىۋاتقان گېپى خەلچىخانغا بايىقى تېپىكتىنمۇ تۇيۇقسىز ۋە قاتتىق تۇيۇلدى. بېشىغا بىرى سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



— ماڭە ساراڭ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مەن تېخى يېرىم كېچىدە قارىغان تۇرسام، موزاي ساپمۇساق تۇراتتى.

— ئاپاڭنىڭ قېشىدا ساق تۇرامدۇ، ئاتاڭنىڭ قېشىدا ساق تۇرامدۇ پىتلىق، ماڭە چىقىپ قاراپ باق، قورسىقىنى باداڭدەك قىلىپ ئۆلۈپ ياتسا.

خەلچىخان ئۇچقاندەك يۈگرەپ ئېغىلغا كىردى. چىلەگە بېشىنى قويۇپ يېنىچە سوزۇلۇپ ياتقان موزاينى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى: موزاينىڭ يۈزى ئۆزىنىڭ پوقى بىلەن مىلەنگەن بولۇپ، ئاسمان تەرەپتىكى كۆزى يۇمۇلمىغان، قورسىقى ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك پومپىيىپ چىققاندى. خەلچىخان چىداپ تۇرالماي ئۇنىڭ يېنىغا يۈكۈندى ۋە ئوچۇق كەتكەن كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ئۇشتۇمتۇت ئۆرۈلۈپلا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئېتىلىپ بارغىنىچە بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان راخماننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى:

— موزاينى سەن ئۆلتۈردۈڭ پوكاللا، زىيان قىلدۇ دېسەم ئۇنىماي پەيغەمبىرىمنىڭ، جەننىتىمنىڭ ئېشى دەپ ئۇنى موزايغا يېگۈزۈۋەتتىڭ. ئېچىغان ئاشنى بەرمە دەپ تۇرسام گېپىمگە كۆنمىدىڭ، يالغانمۇ، ھە پوقۋاش يالغانمۇ، شۇنچە باقتىم، كۆيۈندۈم، ئاخىرى كېلىپ ئالتۇنخاننىڭ بىتەرەت ئەتكەن مىننەت ئېشىنى، ئاشۇ ئېچىپ كەتكەن سېسىق ئېشىنى سەن ئۆزۈڭ يېگەننى ئاز دەپ موزايغا بېرىپ ئۆلتۈردۈڭ. خوپ بولدىمۇ ئەمدى. ۋۇ ئەقلى يوق ساراڭ، ئىت پوقى يېگەن گالۋاڭ، ئۇخلاۋاتسام تېخى مېنى ئۇرۇپ-تېپىسنا جوھۇت، ئۇرە ئەمدى ئۇرە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ يە...

راخمان يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. خەلچىخان ئۇنىڭ كونىراپ قالغان يەكتىكىنى ئىشتان بېغىغىچە تارتىپ يىرتىۋەتتى. مەيدە تۈكلىرىنى يۇلدى، بوينىنى تىرملاپ قان چىقىرىۋەتتى. راخمان شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى يوللۇقتەك ئاۋازسىز، ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇراتتى. كېيىن پۇتلىرى تىترەپ، قولى بوشاپ، ساڭگىلاپ، كۆزى موزاينىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە تىكىلگىنىچە چېكىتتەك قېتىپ قالدى. ئۇ خەلچىخاننى ئىتتىرىۋېتىپ موزاينىڭ يېنىغا ئاستا يۈكۈندى. ئۇنىڭ سالپىيىپ قالغان قۇلاقلىرىنى تۇتۇپ ئىسسىق تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئىچىدە چاقماق چېقىپ ئۆتكەندەك بىر ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇ موزاينىڭ بۇرنىغا قولىنى قويۇپ بىر پەس تۇردى، بارمىقىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ باقتى. بېشىنى سوزۇپ پۇراپ باقتى. موزايدا ھاياتلىقتىن ھېچقانداق نىشان كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىدا موزايغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق شېرىن خىياللار بىر-بىرلەپ گۇمران بولدى. ئۇ چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— خەلچەك، توختا پىتلىق، — دېدى ئۇ چىرقىراق ئاۋازدا، — موزايغا ئۆتنى سەن سېلىپ بەرگەنغۇ؟

ئىچكىركى ئۆيگە ھالسىز قەدەم بىلەن كىرىپ كېتىۋاتقان خەلچىخان تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ۋە راخماننىڭ ئۆزىگە جان كىرگەن تەرزدە باشقىچىلا ئۆكۈپ، ھۆرپىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈركى ئاغدى.

— ھە، مەن سېلىپ بەرگەن، ئوت سېلىپ بەرگەنگە موزاي ئۆلمەيدۇ.

— نېمە سېلىپ بەرگەن؟

راخماننىڭ گويا ساقچى قاتىلنىڭ مەخپىيىتىنى ئۇقۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ كېلىۋاتقاندەك ھالىتىنى كۆرۈپ خەلچىخان ئۇيگەدىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى، ئاۋازى چوكىيىپ، كەپىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىشىپ كەتتى:

— تولا دېۋەيلىمە ئادەمگە، ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، شاللىقنى ئوتىغاندا ئېتىزلىقتا نېمە بولسا شۇنى ئالدۇق، مەنمۇ شۇنى سېلىپ بەردىم. قىزاق، پىزەك دېگەن موزاينىڭ تامىقى، يۇراپ، ئىچىپ قالغان ئاشنى ئۆزۈڭ بېرىپ يەنە نېمە دەيسەن، يەنە ئۇراي دەمسەن ئادەمنى!

— ئۇتنى ئاتاڭنىڭ بېشىدەك سېلىپ بەرگىچە ئازراق سېلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ زادى، پىتىلىرىڭنى ئۇتقا قوشۇپ موزايغا يېگۈزۈۋەتتىڭمۇ يا، — راخمان يەنە يېقىنلاپ كەلدى.

— پىتىلىق دېگەن سەن، تولا ئېغىزىمنى ئاچما يوغانباش! ئاپاڭ بېقىڭلا دەپ بەرگەندە قوزىدەكلا بىشلەم نەرسە ئىدى. بېقىپ مۇشۇنچىلىك بولغىچە كۆيۈنۈپ ئۆتنى جىق سېلىپ بېرىۋاتسام ھېچنېمە بولماي كېلىپ، بىر كۈن كەچتىلا ئۇتنى ئانچىكىم جىق سېلىپ قويغانغا بىساتتا ئۆلۈپ قالمايدۇ. خۇدايىم، ھەي ئۇلۇغ خۇدايىم، پولۇنى ئېچىپ قاپتۇ دېسەم ئۇنىماي ئۆزى بېرىپ كېلىپ يەنە ھۆركىرەشكە يۈزى قانداق چىدايدىغاندۇ ماۋۇ سەت ساراڭنىڭ، ۋۇي يۈزىدە تۈكى بار سېرىق ئىت! كۆزۈمگە تولا كىرىۋالماي ماۋۇ ھارام نەرسەڭنى نېمە قىلساڭ قىل... ئۆلسە سېنىڭ ئۆلۈپتۇ ماڭا نېمىتى...

خەلچىخان ئېغىزىدىن شۇ گەپلەرنى تۈيمايلا چىقىرىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى. راخمان ئۇنىڭ چېچىدىن تولاپ سوپىغا ئەكىلىپ باستى، خەلچىخاننىڭ ئاللا تۈۋىسىغا ئۇنىڭ بۇقا مۆرىگەندەك غەلىتە، تەلۋە زوۋانى قوشۇلۇپ كەتتى:

— ھۇ ئۆلۈكنى سېتىپ يەيدىغان قانجۇق، ھۇ ئۆلمەيدىغان چوشقا، ما موزاي يالغۇز مېنىڭمۇ يا سېنىڭمۇ. ئوتنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى مەنلا كۆرسەم شۇنداق جىق تاشلاپ بېرىسەن، بىشلەم موزايغا جانغا چۇشلۇق ئوت تاشلىساڭ بولمامدۇ-ھە؟! يېرىم كېچىدە سىيىپ كىرگەننىڭ ئورنىدا بىر قاراپ قويساڭ يامان كېتەمدۇ-ھە؟! ئەمدى ھارام بولغاندا نېمە كۈن بۇ ماڭا!

خەلچىخان يۇلقۇنۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— قاردىم، سىلە ئۇخلاۋاتقان چاغدا قارىسام ساپساق تۇراتتى..

— يالغانچىلىقىڭنى ئاتاڭغا دەپ بەر، ئاپاڭغا دەپ بەر. سەندەك ئۇيقۇغا تويماس ھورۇن چوشقىنى ئېغىلغا سولىۋېتىمەن، سەنمۇ ئۆلسەڭ سېنىڭدىن بىراقلا قۇتۇلىمەن، ھۇ نانكور چوشقا. قىزىم ئامىنەم، مېڭىڭ، نېرى تۇرۇڭ، ئاپىڭىز دېگەن شوۋىچىغا يېقىن كەلمەڭ.

خەلچىخان راخماننىڭ قولىنى يۈزىگە تەگكۈزمەي، بېشىنىڭ ئۇستىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان قىزىغا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن بىر خىل يىغا تۇتتى. ئەمما كۆزىدىن ياش چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئىچىدىكى قورقۇنچ ۋە ئازابىنى غەزەپكە ئايلاندۇرىۋەتتى:

— شوۋىچى دېگەن سەن، ئىت پوقى يېگەن دەلتە، كالىلىسى يوق مەتۇ. خۇدايىم سەندەك ساراڭغا ھېلىمۇ بېرىپتىكەن، ئەر كىشى بولساڭ بۇنداق قىلمايسەن ھەي، كالىلىسىنىڭ سۈيى ئۆرلەپ كەتكەن قاسماق. توڭگۇزدەك پۇسۇلدىماي قوپ

ئورنۇڭدىن. قولۇمنى قويۇۋەت دەيمەن.

راخمان خەلچىخاننىڭ ئاغزىنى مۇتاپ ئۇنىڭ قارىداپ، چىڭقىلىپ كەتكەن زاڭقىغا تارىشىدەك قاتتىق قولى بىلەن تەستەكتىن بىرنى قويۇپ يەنە ئۇرماقچى بولىۋىدى، قىزى كىشىنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا يىغلاپ كەتتى. ئۇ تاقەت قىلغۇسىز بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنى بەزلەشكە چۈشتى. خەلچىخان ئورنىدىن قوپۇپ، راخماننى شۇ پۇرسەتتە يەنە تىللاپ ئىچىنى بوشىتىۋالدى ۋە غوتۇلداپ سۆزلىگەچ تالاغا ھاجەتكە ماڭدى.

راخمان قىزىنى يىغىدىن توختىتىپ موزاينىڭ يېنىغا كەلدى. ئەتىۋالاپ باققان موزاي مۇشۇنداق ئۆلۈپ، كۆزى ئوچۇقلا كەتسە-ھە! شۇنچە گۆش، ياغ بىكاردىنلا ھارام بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇ پەرىشان بولىۋېتىپ خۇدانى ئېسىگە ئېلىپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئىچىنى موزاينىڭ يەيدىغان رىسقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، دېگەن بىر خىيال يورۇتىۋەتتى، بىراق ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق رىسقى، نېسىۋە ئالالمىغىنىغا قورسىقى بىر ئاز كۆپتى.

ئۇ ئىچىدىكى غەشلىك تۇمانلىرىغا ئورۇلۇپ كۆڭلى تۇتۇق ھالدا موزاينىڭ ئەتراپىدا بىردەم چۆرگىلەپ تۇرغاندىن كېيىن ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ تېرىسىنى سويىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. قاسساپ ئىزدىگۈسى كەلمەي مەھەللە ئىچىدىن سوراپ يۈرۈپ بىر پىچاق تېپىپ كەلدى ۋە كەچكىچە موزاي سويۇش بىلەن ھەپىلەشتى، پىچاقنى قولىغا نەچچە سۈرىۋالدى، كۆپ قىينالدى، تېرىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان ئاپئاق ياغلار كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، قان تولۇپ تۇرغان گۆشلەر ئىچىنى ئېچىشتۇرىۋەتتى. ئۆزىگە مىڭ قېتىملاپ ئۆكۈندى. كېچىدىكى غاپىللىقنى ئادەمگە ئوخشىتىپ تىللىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى موزاينىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ، قالغانلىرىنى تېمىنىڭ ئارقىسىدىكى تېرەكلىكتىن ئۆرەك كولاپ كۆزى قىيمىغان ھالدا كۆمىۋەتتى.

## 9

سەھرانىڭ سەھىرى تولىمۇ گۈزەل. بۇ يەردە شاۋقۇن-سۈرەن، گۈدۈك ساداسى ياكى ئاللىنېمىلەرنىڭ تاراق-تۇرۇق ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن كۆك ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ يېشىللىق ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدۇ. دەرەخلەر قوپال، ئاددىي ئۆيلەرنى ھەممە ياقتىن چىرايلىق ئوراپ تۇرىدۇ. سەگەك قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىدۇ، جاندارلار كەڭ ئېتىزلاردا بەزمە قىلىشىدۇ. تاڭ پەردىسى مېۋىلىك باغلارنى جەننەت لىباسىغا ئورايدۇ، شەبنەملەر ياپراقلاردا تەۋرىنىپ، جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. خورازلار چىللىشى بىلەن مۈگدەۋاتقان مۇشۇكلەر كۆزىنى ئاستا ئېچىپ ھويلا-ئارام ۋە باغ-ۋارانلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ. توخۇلار قونداقتىن چۈشۈشكە، ئادەملەر ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھەرجان ئۆز مۇھتاجلىقى ئۈچۈن يېڭى بىر مۇھتىقا سىلجىيدۇ.

راخمان قىزىنى قۇچاقلاپ لايدەك ياتقان خەلچىخاننىڭ بېشىدىن تۈرتۈپ ئويغاتتى. خەلچىخان چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئۆز ئىچىدە راخماننى يەنە بىر قېتىم تىللاپ بولدى. كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتقاندەك جىمجىت خىيال سۈردى.

راخمان ئارقىدىنلا ھەر كۆڭۈلۈك ئادىتى بويىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى. قىزىنىڭ قاشتېشىدەك ئاق، سۈزۈك مەڭزىنى تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان سۈبھى شولىسى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئەگىم قېشى، ئۈستىگە قايرىلىپ، جۈپلىشىپ، كىرىشىپ قاراقلىرىغا ئەگىشىپ بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇرغان كىرپىكلىرى، گويا تاڭدا ئېچىلغان غۇنچىنىڭ بەرگى نەملىككە تويۇنۇپ ھىلپىرلەپ كەتكەندەك ھىمىرىلىپ تۇرغان نېپىز لېۋى ئاجايىپ تەڭداشسىز بىر گۈزەللىكنى نامايەن قىلاتتى. قىش كۈنلىرى تۇغ بېشىدا سۈنىڭ پەسكە تامچىلاۋاتقان ھالىتىدە توڭلاپ قالىدىغان مۇز چوكىسى سىياقىدىكى سۈزۈك ھەم پارقىراق بۇرنى ئۇنىڭ تۇخۇم شەكلىدىكى چىرايلىق يۈزىگە ئېۋەنسىز ماسلاشقان بولۇپ، چوڭ بولسا ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ساھىبجاماللىقىدىن ئۈنسىز بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. بۇرنىنىڭ پەررەكلىرى نەپەس رېتىمغا ئەگىشىپ بىر تارىيىپ، بىر كېڭىيەتتى. بۇدرۇققىنە قولىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە قويىۋالغانىدى.

راخمان ھەممىنى ئۇنتۇپ بىردەم قاراپ تۇردى ۋە خەلچىخاننىڭ بىلىكىدىن تۇرتۇپ:

— قاراڭلا ما بالىغا، تېخى تۆنۈگۈن تويپا تەرەت ئوينىۋاتاتتى، ئەمدى بۈگۈن ئەتىگەندە يۈزى يەنە بوۋاق بالىنىڭكىدەك پاكىزە بولۇپ قاپتۇ يا؟ ئاخشام سىلە يۈزىنى يۇيۇپ قويمىغانسىلە؟ — دېدى.

— تۆنۈگۈن كەچكىچە تاياق يەپ كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىسا، ئۇنىڭغا نەدىكى چولا، — دېدى خەلچىخان، — كىچىك بالىنىڭ يۈزىنى كېچىسى شەيتان يالاپ قويىمىش، بۇنىڭ يۈزى مەنلا كۆرسەم شۇنداق پاكىز، سىلە بىلەن بىزلا قاسماق بولۇپ قالدۇق، شۇ تۇرقىدا ھېچكىم بۇ بالىنى راخمىناخۇننىڭ يا خەلچىخاننىڭ بالىسى دېمەيدۇ.

— سىلىنى دېمىگەن بىلەن مېنى دەيدۇ. قىزىمغا مەن جامائەتنى چاقىرىپ، ئەل قاتارى ئات چېپى بېرىپ، ئەزان چىللاپ ئىسىم قويغان.

— ۋاي يوغان ئىش قىپتىكەنلا غوجام، ئەمسە بۇ تام تۆشۈكىدىن چۈشۈپ قالغان بالىكەندە! چوڭچىلىقنى ئاز قىلىڭلا، بۇ گەپنى دېمىگەن ئەمدى سىلە قالدىڭلا قوۋۇرغامنى ئېگىپ.

— قوۋۇرغاڭلىنى ئېگىپ باقايمۇ...

راخماننىڭ چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە تەپتى. زەپىرەڭ يۈزى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھاياجاندىن قىزىرىپ، مەڭزى لىپىلداپ كەتتى. خەلچىخان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھودۇقۇپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە راخماننىڭ كولاپ تاشلانغان ئۆرۈك كۆتىكىدەك تېنى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجاندىن راخماننىڭ ئېغىزى كېرىلىپ كەتتى. رەتسىز سېرىق چىشى قىزىل چىش مىلىكى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ قالدى. ئۇلار يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلىنەتتى، توختاۋسىز ماكىلدايتتى. راخمان گەپ قىلماقچى بولۇپ گېپىنى تاپالمىدى. بۇنداق چاغدا گەپ قىلىشمۇ ئۇنىڭغا خۇشياقمايتتى. ئۇ ئۇلغىيىۋاتقان ھېسسىياتىنى ھەقىقەتەن باسالماي قالدى. شۆلگەيلەر جاۋغىيىدىن بىئىختىيار ئېقىپ چۈشتى. خەلچىخان بەلدەم-بەلدەم كىر باغلاپ كەتكەن بويىنىغا چۈشۈۋاتقان ئىسسىق سۇيۇقلۇقتىن يىرگەنگۈسى كەلسىمۇ، ئەمما دائىم شۇنداق بولغاچقا ئامالسىز ئىدى. راخمان تۆنۈگۈن دەل مۇشۇنداق ھالەتتە ئۇنى تاياقتا باسۇرغان، بۈگۈنمۇ ئۇ خەلچىخاننىڭ مەيلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقمايلا ئىش باشلىماقچى بولىۋاتتىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزى بىلەنلا كارى بولۇپ، خەلچىخاننى نېمىلا قىلسا بولىدىغان ھايۋاندەك كۆرىۋاتتىدۇ. بۇنىڭغا ئۇ يەنە تاقەت قىلىپ جىم تۇرۇپ بەرسۇنمۇ؟ خەلچىخان ئىككى يانغا تولغىنىپ ئىڭراپ كەتتى:

— قويە، ھەي ساراڭ، بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئادەمنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ سەن. چۈش دەيمەن. تاڭ ئاتقاندا كىم مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدۇ، تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە چىقساڭ بولمامدۇ، ساۋاپ ئەمەسمۇ!

خەلچىخان سىرىلىپ كېتىۋاتقان كالتە ئىشتىنىنى يۇقىرىغا چىڭ تارتىپ راخماننى ئۈستىدىن ئاغدۇرىۋەتمەكچى بولۇپ، جان-جەھلى بىلەن تىركەشتى. راخمانمۇ ئۇنىڭ بايىقى سۆزىدىن سەل ئېسىگە كېلىپ بىر پەس شوك تۇرۇپ قالدى. ئۆرلەۋاتقان ھېسسىياتى قايناۋاتقان قازانغا بىر نوگاي سۇ قۇيىۋەتكەندەك پەسلەپ قالدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان خەلچىخان بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنى بىر تۈرتۈپ ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى.

راخمان تۆكۈرۈكىنى يۇتۇپ، ئىشتان بېغىنى چىگىتىپ، يىرتىق يەكتىكىنىڭ ئۈستىگە كونىراپ، ئۆڭۈپ كەتكەن شەمبزە چاپىنىنى ئارتىپ ئېتىزلىققا ماڭغىلى تەمشەلدى.

خەلچىخان ئالدىراپ سورىدى:

— نەگە ماڭدىڭلا؟

— ئاپئاق خوجامنىڭ ئۆمچى بار يەرگە.

— تولا دوق قىلماڭلا ئادەمگە، قورساقتا يېگۈدەك نەرسىنى تېپىپ قويدۇم. ئانام قوناق ناندىن ئىككىنى بەرگەنتى ئاخشام. بىر ناننى يېرىمدىن يەپ مېڭىپ تۇرۇڭلا ئەمدى، سىلە كەلگۈچە ئاشمۇ پىشىپ قالا.

— ئاپامنىڭ يېنىغا كۈندە دوقۇسلاپ بېرىۋالدىكەنسىلە، ئۇلارمۇ گالغا نان يېمەمدۇ، ئېتىزلىققا چىقمامدۇ، جېنىمىزنى باقالمىغاندەك بېرىۋالماڭلا ئەمدى.

— بەرگەنگە خۇش بولۇپ يېسىلە غوجام. ئالدىغا بارمىسا مانا دەپ بەرمەيدىكەن خەقمۇ، بىكارغا ئەمەس، بىزمۇ ئىشلەۋاتىمىز ئۆزىمىزگە چۈشلۈق.

راخمان خەلچىخان ئېلىپ چىققان يېرىم ناننى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئۇۋاقلىرىنى بىر تالمۇ چۈشۈرۈپ قويماي، كالىدەك لومشىتىپ يېگىلى تۇردى. نان قورساقنىڭ ئاچقان يېرىگە بارغاندا ئۇ خەلچىخاندىن قەۋەت خۇرسەن بولدى، ئەمما بۇنى بىلىندۈرۈپ قويغۇسى كەلمىدى.

— شالىلىققا بېرىپ كېلەي، — دېدى ئۇ ئېغىزىنىڭ چۆرىسىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى سىرىپ گېلىغا ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرىۋېتىپ، — سىلە ئاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن بىكار يۈرمەي ئۇششاقلىقنى ئوتاڭلا، موزاينى ئېگىزلىققا ئەچىقىپ باغلاپ قويۇڭلا، ئوت سېلىپ بەرگۈچە ئاچ قالمىسۇن...

— قايسى موزاينى!؟ — خەلچىخان ئىچىدىكى ئاچچىق مەسخىرىنى دەمال قانداق چىقىرىشنى بىلمەي كۈچەپ توۋلاپ كەتتى، — ئېسىڭلىنى جىن ئەپقاچتىمۇ، كاللاڭلىغا جىن تەپتىمۇ، كۆزۈڭلىگە بىرەر جىن موزاي بولۇپ كۆرۈنىۋاتامدۇ يا!

راخمان تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ، خەلچىخانغا ناتونۇش بىرىگە قارىغاندەك چەكچىيىپ قارىدى. ئارقىدىن گەردىنىنى قاشلاپ، كەتمەننى دولىسىغا سالغىنىچە شالىلىققا يۈرۈپ كەتتى.

تۇتاش كەتكەن شاللىقتىكى يېشىل مايسىلار سەھەردىكى ئىللىق ياز شامىلىغا ئەگىشىپ تەۋرىنەتتى. سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان ھالقىسىمان دولقۇنلار تەرەپ-تەرەپكە يېيىلاتتى.

راخمان ھەممە شاللىقتا سۇپسۈزۈك سۇلار چايقىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ شاللىقىدا بىر تېمىمۇ سۇ يوقلۇقىغا ھەيران بولۇپ، ئېتىزلىقنى جىددىيچىلىك ئىچىدە پىرقىراپ بىر ئايلىنىۋەتتى. ئادەتتە بىر قېتىم تولدۇرۇپ سۇ قويسا بەش، ئالتە كۈن سىڭمەي تۇرىدىغان ئېتىزلىقتا تېخى ئۈلۈشكۈن قويغان سۇ تۇرمىسا بۇ قانداق بولغىنى؟ «ئاق ئوغۇت» نىڭ سۇ سىڭدۇرۇۋېتىدىغان قۇدرىتى بارمۇ يا؟ ھەر قانچە بولسىمۇ ئىزناسى كۆرۈنگۈدەك سۇ قالار ئىدى. ھەتتا پۈتىنىڭ كەچكەن ئىزىدىمۇ بىر تامچە سۇ يوق! مايسا بۇرۇنقىدەكلا تۇرىدۇ. نەملىكى يوقالماپتۇ، پىچاق بىسىدەك تىككىدە تۇرىدۇ. قارىغاندا ئوغۇت بەرىكەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئەمدى سۇ ئېچىش كېرەك.

راخمان كۆپ يول مېڭىپ جىق جاپا تارتىپ سۇ باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنى شاللىققا باشلاپ قويۇپ، كۈن بېشىنى قىزدۇرۇپ ئاچلىقتىن ئايلاندۇرىۋاتقان ھالەتتىمۇ، شېلىنىڭ سۇ ئىچىشىنى بىردەم كۆزىتىپ سۇ ئىزىغا چىققاندا ئاندىن ئۆيىگە قايتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك دەۋاتقان گېپىگە بەكلا دىققەت قىلدى. چىرايى بىر نەرسىنى پەم قىلغاندەك تۇرۇلۇپ، راخمان گېپىنى تۈگىتىپ ئېشىنى ئىچىشكە باشلىغاندا شاللىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولۇپ ماڭدى. بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ راخمانغا:

— بۇنى بىرەر كىم قېيىشىپ قىلغان گەپ، بولمىسا شۇنچە لىق سۇ ئېتىزلىقتا تۇرماي نەگە بارىدۇ؟ — دېدى.

— كىم ئېچىۋالىدۇ، تىرگەندە بىرەر كەتمەن ئىزىمۇ بولمىسا، — دېدى راخمان خاتىرجەم ھالدا، — بۇ چوقۇم ئاشۇ ئوغۇتنىڭ كۈچى.

— سىلە كۆرمىدىڭلىمۇ، مولمىناخۇننىڭ بىزنىڭ ئېتىز تەرەپتىكى قىرنىڭ تۈۋەيىندە بىر سۇ يالاپ كەتكەن يەر تۇرىدۇ، مېنىڭ گۇمانىم ھازىر شۇ خەقتە قالدى، — دېدى خەلچىخان.

— خەققە قالايمىقان گۇمان ئاتماڭلا، — دېدى راخمان، — ئۇنداق يەر دېگەن بولىدۇ، بەزىدە يامغۇر كۆپ يېغىپ، يا شاللىقتىكى سۇ تېشىپ كېتىپ...

— بولسا ھەممە يەردە بولامتى، كۆزى بار ئادەم ئۇ يەردىن سۇ قويۇلغانلىقنى تەكشۈرۈپلا بىلىۋالالايدۇ. ئېچىقنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرسا....

— ئەمسە ئوغۇتنىڭ كۈچى نەگە كېتىدۇ، — دېدى راخمان چېچىلىپ، — سىلە خۇدامۇ، ئەۋلىيامۇ كۆز كۆرمىگەننى بىلەلەيدىغان، قايسى شەيتان سىلىگە خەققە تۆھمەت چاپلا دەپ ئۆگەتتى؟!

— ھە ماقۇل غوجام، سىلىگە گەپ قىلمىساملا بولىدىغۇ زادى. گەپ ئۇقمايدىغان كالىباش... — خەلچىخان ئىچىدىكى تېرىكىشنى غوتۇلداش بىلەن بېسىقتۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

# شۇ ھامان گۈللەرگە پۈركىنەر دۇنيا

## كېچىككەن باھار

قىرغاقلارنى كۆلدۈردى قىياق،
تال-سۆگەتلەر تاشلىدى جالا.
داللارنى قويدى غىدىقلاپ
گۈل كۆتۈرگەن ئۇماق بىر بالا.

گىگانت تاغلار بۇزماي سۈلتىن
كېچەلمىدى لىچىكىدىن ئاق.
ئەزىم دەريا كۆۋرۈكنى بۇزۇپ،
يولۇچىغا سالدۇردى ئاياغ.

ھۇلۇققانچە يۈگۈرۈپ كەلدى تېز
ئۆز پەيتىدىن كېچىككەن باھار.
قۇملۇقلارغا ئۇسسۇلۇق تەگلەپ،
چىن قەلبىنى ئەيلىدى ئىزھار.

## ماي ئېيىدا ياغدى ئاپئاق قار

ماي ئېيىدا ياغدى ئاپئاق قار،
دېرىزىنى قاپلىدى مانان.
گۈزەل يازدىن ئالالماي دېرەك
ئۇچار قۇشلار كۆتۈردى پىغان.

سوغۇق نەشتەر ئۇرۇپ ئازابلاپ،
گىياھلارغا بېرىدۇ جازا.
كېلىشىنى يازنىڭ ئاخىرى
بىلىسمۇ ئۇ تارتمايدۇ ئىزا.

كەلدىدە ياز، ھەيدىدى جۇتنى
ئېلىۋالدى ئاخىر ئەتىنى.
زېمىن-ئاسمان سېلىشىپ گىرە،
مۇھەببەتنىڭ چاقتى قەتىنى.

ئۇچار قۇشلار تۈزۈپ ئۇمۇمخور،
ئېيتتى خۇشال بەخت كۈيىنى.
تاغ يىغلىدى، كۆلدى دەريالار،
ئېيتتى خۇشال ھۆرلۈك كۈيىنى.

## ھىجران

ئامرىقىم، كۆزۈمگە كۆرۈنىدۇك قاچان،
بولۇپ بىر ئالۋۇن يا تاڭدىكى تۇمان.
يۈرىكىم شادلىقتا چۆكىدۇ شۇدەم
كۆيدۈرەر ۋۇجۇدنى ھەسرەت، پۇشايمان.

كۆزلىرىڭ يالت قىلىپ ياندۇرار ئاتەش،
لېۋىڭنى خۇشاللىق كېزىدۇ گويا.
ئالدۇ كۆڭلۈمنى شېرىن سۆزلىرىڭ،
شۇ ھامان گۈللەرگە پۈركىنەر دۇنيا.

سەن گويا ئېزىتقۇ، گوياكى شەيتان،
سەن بىلەن ئەگىشىپ كېتىدۇ ھوشۇم.
كۆندۈزى بەنت ئېتەر سېنىڭ خىيالىڭ
بەرمەيسەن ئاراملىق ئەپچىپ چۈشۈم.

سېنىمۇ قىينامدۇ پىراقىنىڭ دەردى،
يا مېنى قىيناشتىن تاپامسەن لەززەت.
يۈز ئاچار كۆزلەرگە گىرىمسەن يوللار،
دەقىقتىن قىسقىدۇر تەس كەلگەن پۇرسەت.

گۈل ئارزۇ قىلىدۇ باھارنى قىشتا،
باھاردا تۆكۈلۈپ بولىدۇ خازان.
ئۆتكۈنچى نەرسىدۇر سۆيۈلۈش، سۆيۈش
ئاھ، ئۇنى مەڭگۈلۈك قىلىدۇ ھىجران.

ھەشىمەتلىك ئۆيلىرى بەكمۇ،
ئولتۇرىدۇ ئۆزلىرى پىنھان.
بولسىمۇ گەر بىر ئەسىر قوشنا،
تونۇشماستىن ياشايدۇ ھەر ئان.

بۇ ئاشۇنداق شەھەردۇر كاتتا،
كېلىپ قالساڭ كېلىدۇ قاچقۇڭ.
كېلەر تازا نامرات بولسىمۇ
ئىللىق يەرگە قۇچاقلار ئاچقۇڭ.

## مۇز شەھەر

ئۆيلىرى مۇز، دەرەخلىرى مۇز،
كوچىسى مۇز، يەرلىرى ھەمدە.
باغلىرى مۇز، تاغلىرى ھەم مۇز،
ئاسمىنى مۇز، قۇياشى غەمدە.

ھاۋاسى مۇز، گىياھى ھەم مۇز،
مۇز بىلەنلا پۈتۈلگەن ھەرياق.
گەپ سۆزى مۇز، يۈرىكى ھەم مۇز،
ئادىمى مۇز بۇ شەھەر شۇنداق.

يەرنى بىلمەس، ساپانى بىلمەس،
بىلمەيدۇ دان تېرىشنى قانداق.
قورسىقى توق، غېمىمۇ ھەم يوق،
پەقەت پۇلنى تونۇيدۇ شۇنداق.

## قىز قوشىقى

يۈرىكىمدە ئاقار كۆيلىرىم،
دولقۇنلىغان دەرياغا ئوخشاش.
ئوكيانىدەك تەگسىز ئويلىرىم
شۇنچە چەكسىز نەۋقىران-ھەم ياش.

ئۇنىڭ «كۆزلەر» دېگەن قوشىقى،
ئاھاڭ بەرگەن مېنىڭ كۆيۈمگە.
ئەمما راستىن سۆيەمدۇ ياكى
دېگەن سوراق ھاكىم ئويۇمغا.

كۆزلىرىدىن ياندۇرۇپ چاقماق،
قاراشلىرى زادى نېچۈندۇر.
بىلۋېلىپ قەلبىم سىرىنى
بەلكىم مەندىن كۈلمەك ئۈچۈندۇر.

كۆيدۇرسىمۇ مېنى كۆل قىلىپ،
چىن يۈرەكتىن سۆيسە ئىدى، ئاھ.
قوشمىنىمۇ بىزلەرنى تەقدىر
مەيلى ئىدى ئەسلەپ قويسا گاھ.

نۇرىيە ئېبلاخۇن

## ئالەم سىغار ياخشىلارنىڭ كۆڭلىگە

ئالەم سىغار ياخشىلارنىڭ كۆڭلىگە
يۈزلىرىدە قۇياش نۇرى چاقنىغان.
كۆزلىرىدە جىلۋە قىلار مىڭ جەننەت
سۆزلىرىدىن ئاپتاپ، كۆكلەم بالقىغان.

تۈتاشتۇرۇپ يۈرەك بىلەن يۈرەكنى،
ئارىسىغا مۇھەببەتنى تاشلىغان.
دوست يولىغا قىلىپ دىلنى پاياندا ز،
شېرىن-شەربەت باغلىرىغا باشلىغان.

مۇشكۈللەرگە باش ئەگمىگەن ھەمىشە
شۇ ياخشىلار ئىنسانلىقنى ئاقلىغان.

جانىنى تىككەن ۋەتەن دېسە، ئەل دېسە،
خىسلەتلەرنى قارىچۇقىدەك ساقلىغان.

ئالەم سىغاز ياخشىلارنىڭ كۆڭلىگە،
ئۇلار بىلەن ھايات ھامان گۈللەيدۇ.
ئىزگۈلىككە تەشنا بارچە مەۋجۇدات،
مەۋجۇداتلار يوقالمايدۇ، ئۆلمەيدۇ.

**ساۋۇتجان تاھىر**

# غەزەل ۋە رۇبائىيلار

مەگەر باقسام كۆزۈڭ ئىچرە كۆرۈندى ئوت، زىيا سەندە،
قارار تاپتى ۋۇجۇدۇڭدىن يەنە پاكلىق، ھايا سەندە.
كۆرۈپ چېھرىڭنى ئەي دىلبەر ئۆزۈمنى بۇندا لال قىلدىم،
خىجىل قىلدى تولۇنئاينى، جىمى ئۈزلۈق، ئىبا سەندە.
سېنىڭ ئىشقىڭ بولۇپ ئاتەش دىلىمنى ئۆرتىدى ھەر ئان
شىپا يوقتۇر جاھان ئىچرە، ئاڭا بار چىن داۋا سەندە.
سېنىڭ قەلبىڭ باھار ھەرچاغ مۇھەببەت ھەم ساداقەتتىن،
چېچەكلەپ ئاچقۇسى دىلدا شېرىن مېۋە — ۋاپا سەندە.
سېنىڭ ئۈچۈن جاپا چەكسەم بىلۇرمەن ئۇنى راھەت دەپ،
بىجا قىلسام ئۈمىدىڭنى بولۇر بۇرچۇم ئادا سەندە.
ياشاپ ئۆتسەم سېنىڭ بىلەن ئۆمۈر باغىن باھار ئەيلەپ،
ساداقەتتىن كۆلۈپ قەلبىم داۋام ئەتكەي ناۋا سەندە.
ھاياتىڭ قىممىتىن بىلسەڭ مۇھەببەتلىك ياشاپ ئۆتكىن،
تاپار ئادەم ئۇنىڭ بىلەن قەدىر-قىممەت، باھا سەندە.

* *

ھاياتلىق نۇرچاچقان باھاسىز لەھەل،
ئۇنىڭسىز بولمايدۇ ئىنسان ئىشى ھەل.
بايلىقتا بولسىمۇ شاھى سۇلايمان،
بولمايدۇ جان ساڭا مەڭگۈ مۇئەككەل.

* *

مەنىسىز ياشاشنىڭ يوقتۇر لەززىتى،
ھەم بولماس ئەل ئىچرە قەدىر-قىممىتى.
ئىجادكار ئۆلمەيدۇ زاماندىن زامان،
يارىتار مۆجىزە ئىنسان ھىممىتى.

* *

ھەممىمىز ھاياتتا قىلغاچقا كۈرەش،
زاماندا ئاجايىپ يۈكسىلىش-ئۆرلەش.
ئاجايىپ رەڭلىنىپ كۆلگەچكە ھايات،
بولماقتا كەلگۈسى بەختىن سۆزلەش.

* *

ھاياتلىق بېغىدا قانات قاق، يايرا،
ئىشقىۋاز بۇلبۇلدەك كۈنۈ تۈن سايرا.
ھاياتىڭ قەدرىگە يەتسەڭ ھەقىقىي،
سۆي ئۇنى ھەرقاچان ئۇلۇغلا، ھارما.

* *

ئەي دوستۇم، ھاياتلق نەقەدەر گۈزەل،
كم قالدى بۇ ھەقتە ئېيتمغان غەزەل.
ئاقللار بايلقتا قلمايدۇ ھېرس،
كائنات سرنى ئاچقننڭ ئەۋزەل.

* *

ھايات دەپ قانچلار تۆكەر ئكەن قان،
ھايات دەپ قانچلار بېرەر ئكەن جان.

**ئابدۇللا جامال**

ھاياتلق يولدا تالاي مۇشكۇلات
بلگنكى يېڭدۇ ئۇنى چن ئنسان.

* *

ھاياتلق نەقەدەر گۈزەل ۋە كۆركەم،
دەر ئدم ئەبەدي پەيزنى سۈرسەم؛
ئەل-ۋەتەن ئشغا قلپ جان پدا،
رازمەن جاھاندا ياشسام، ئۆلسەم.

# ئككى شېئر

## چۆل بۇلاقلرى

ئالتۇن بۇلاقلار
بۇلدۇقلايدۇ بر خلدا تنماي،
گاھى تېخى بولدۇ پوتتان،
قاقاسلقتۇر ئۇنڭ سۆيگۈنى،
بارچە چۆللەر ئۇنڭغا ماكان،
ئۇ چۆللەرنى قلدۇ بوستان.
مايبۇلاقلار، ئالتۇن بۇلاقلار،
قارا بۇزغۇن پۇرقۇيدۇ ھامان.
ئچپ ئۇنى ماڭدۇ كارۋان،
يەردە، كۆكتە، سۇدا بەك راۋان.
سۆيگۈ ھاسل ئۇنڭ ئشقدا،
قۇترسمۇ جۇت بلەن بوران.
شۇڭا قايناق چۆلدكى ھايات،
شۇڭا ياڭراق چۆلدكى سادا
پەرۋاسى بولغاچقا پالۋان.

ئاقار ئەنە چۆل بۇلاقلرى،
ناخشلاردن ياساپ قوڭغۇراق.
خانتەڭرنى بلپ مۇئەككەل،
كەلگۈسگە سالدۇ قۇلاق،
پەللەرگە ئاچدۇ قۇچاق.
مايبۇلاقلار، ئالتۇن بۇلاقلار،
تۈگمەيدۇ ئاقسمۇ ھەريان،
چۈنكى ئاڭا ئانا يەر دەرمان.

## ھايات

تۈگمەس يول، قستاڭدۇر كوچا،
ئۆتۈپ كەتتى مۇشۇ كوچدن
تاغ بلەن باغ-ئاتا ۋە ئانا.
بر ياستۇقتا تەڭ قويدى باش،
تارتتى تەڭ جاپا،
كۆردى تەڭ راھەت.
كۆچەتلرى بخ يېرشپ چېچەكلەپ كەتتى
قەد كۆتۈردى بر ئوغۇل بالا.

تۈگمەس يول قستاڭدۇر كوچا،
ئۆتۈپ كەتتى مۇشۇ كوچدن
ھېلقى بالا.
ئەگەشتۈرۈپ بالسنى،
بالسنڭ ئانسى.
ئاتا-ئانسى كەتكەچكە ئۆلۈپ،
ئۇ ھەسرەتتە، بولسمۇ ئاتا.

تۈگمەس يول، قستاڭدۇر كوچا،
ئۆتۈپ كەتتى نەۋرە ۋە چەۋرە،
كەلمەكتە ئەنە ئۈزۈلمەي ئەۋرە.
باشقا ھەممە كەتسمۇ يوقاپ،
يوقالمايدكەن ھاياتلق يولى.
ئۈزۈلمەيدكەن ھايات كارۋنى،
ھايات دولقۇنى،
بولسمۇ خۇشال، گاھدا خاپا.



ئۆمەر قادىر

# ئالبۇمغا سېلىنغان سۈرەت

(ھېكايە)

— قاسىم، سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دېدى زاھىدە دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن، — قاسىم كۆرۈۋاتقان ژۇرنالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تەئەججۈپ ئىلكىدە زاھىدەگە قارىدى، — ئەجەب بۇنى سوراپ قاپسىزغۇ، توي قىلغان سەككىز ئايدىن بۇيان سىزگە ئۆزۈمنى قانچىلىك بېغىشلىغانلىقىمنى بەلكىم بىلەرسىز؟

— ئۇنداقتا سۈرەتتىكى بۇ قىز كىم؟ بۇ سۈرەتنى نېمىشقا مەخپىي ساقلاپ كەلدىڭىز؟

زاھىدە قولىدا چىڭ مىجىقلىۋالغان سۈرەتنى زەردە بىلەن قاسىمنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى. قاسىم سۈرەتنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردە قىزىرىپ، بىردە تاتىرىپ كەتتى. بۇرۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق تەر تامچىلىرى تىزىلدى. پولتىيىپ چىققان يوغان كۆزلىرىدە ئەلەم ۋە خورلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى.

— جاۋاب بەرمەمسىز؟ — دېدى زاھىدە بىردىنلا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ، — سۈرەتتىكى بۇ پاسكىنا كىم زادى؟ مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلىمەن، سىزنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگىنىگە، ئائىلىمىزگە بۇزغۇنچىلىق سالغىنىغا تويغۇزىمەن.

— ئۇنداق ئالتۇپىلاڭ كۆتەرمەڭ، زاھىدە، — دېدى قاسىم بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، — مەن ئۇنى تونۇمايمەن. بۇ سۈرەتنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان.

— ھەي ئالدامچى، — زاھىدە بوراندەك كەلگەن پېتى قاسىمنىڭ ياقىسىغا قول سالدى، — مەنچۇ بۇ سۈرەتنى سېنىڭ كىتاب ئىشكاپىڭدىن تاپتىم. يەنە تېخى تېنىۋالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ راستىڭنى ئېيت، بولمىسا مەن سەن بىلەن ئادا-جۇدا بولىمەن!

— بۇ قىز مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، ئىسمى مەتلۇبە، ئەمدى نېمە دەيسەن. سېنىڭ كۈندەشلىكىڭنى بىلىپ ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئالبومغا سالمىغان.

— ساۋاقدىشىم دەيسىنا تېخى، — دېدى زاھىدە سۈرەتنى ئۆرۈپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا بۇ خەتلەر قانداق يېزىلىپ قالدى؟ بىز 2-ئاينىڭ 28-كۈنى توي

مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق. بىراق سەن بۇ
سۈرەتنىڭ ئارقىسىغا 4-ئاينىڭ 7-كۈنى
دەپ يېزىپسەن ھەم «قەدىرلىكىم مەن
سىزنى بىر ئۆمۈر ئەسلەيمەن» دەپ
ئەسكەرتىپ قويۇپسەن. توي قىلىپ ئىككى
ئايدىن كېيىن مۇشۇنداق ئالكوڭۇللۇك
قىلىشقا قانداق ۋىجدانىڭ چىدىدى؟

— قەدىرلىكىم، جېنىم قەدىرلىكىم، —
دېدى قاسىم يېلىنغان ھالدا، — بىر پارچە
سۈرەتنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى. ئۇنداق
غەۋغا كۆتەرمەڭگا! مەن سىزنى ياخشى
كۆرگەندىكىن بولمىدىمۇ؟ مەن بۇ سۈرەتنى
ئالىي مەكتەپتىكى چاغدا مەتلۇبەدىن
سوراپ ئېلىۋالغان. يېقىندا قولۇمغا چىقىپ
قېلىپ ئارقىسىغا قاملاشمىغان گەپلەرنى
يېزىپ قويۇپتىمەن. مېنىڭ بۇ گۇناھىمنى
كەچۈرۈڭ! مەن سىزنى بىر ئۆمۈر سۆيە-
مەن، قەدىرلەيمەن!

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى يالغان! —
دېدى زاھىدە ئەلەم بىلەن خورسىنىپ
تۇرۇپ، — سەن بۇ سۈرەتنى تويدىن كېيىن
تاپشۇرۇپ ئالغان. مېنى ئالدىغانلىقىڭ ئەمدى
ئاشكارا بولدى. سېنىڭ ئۇ پاسكىنا بىلەن
تېخىچە مۇناسىۋىتىڭ باركەن. ماڭا ئۇنىڭ
ئادرېسىنى ئېيتىپ بەر، خەت يېزىپ رەسۋا-
سىنى چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام...

— زاھىدە، مۇنداق ئۆكتەملىك
قىلماڭ، — قاسىم غەزەپ بىلەن
ھۆرپەيدى، — توي قىلغان ھەرقانداق
ئەر-خوتۇن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلىرىنى
بىر-بىرىگە سۆزلەپ بېرىشىدۇ. بۇرۇنقى
ئىشلار دېگەن بەربىر ئۆتمۈشكە مەنسۇپ.
راستىمنى ئېيتسام، مەن ئالىي مەكتەپتە
مەتلۇبە بىلەن يۈرگەن. بىراق قىسمەت
بىزنى ئايرىۋەتتى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن
كېيىن يۇرتىغا كەتتى. مەن بولسام، سىز
بىلەن تونۇشۇپ توي قىلدىم. ئىككىمىز بىر
ئۇناق ئائىلە قۇرۇۋالدۇق!

— چۈشەندىم، ھەممىنى چۈشەن-
دىم، — دېدى زاھىدە ئۆزىنى كارىۋاتقا
تاشلاپ. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز
ھالدا مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى، —
مەن ئالدىنىپتىمەن. ھەي قاسىم، مەن
ساڭا بېغىشلىغان ئەقىدەمگە ئۆكۈنىمەن.

— يىغلىماڭ، زاھىدە! — دېدى
قاسىم، — مەتلۇبە مېنىڭ توي قىلغانلىقىمنى
بىلمەي بۇ سۈرەتنى ئەۋەتىپتىكەن. ئالبومغا
سېلىپ قويۇشتىن قورقتۇم. يىرتىۋېتەي
دېسەم تېخى كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ھېلىقى
قاملاشمىغان گەپلەرنىمۇ سۈرەتنىڭ ئارقىسىغا
بىكار يېزىپتىمەن. مەن ئالدىڭىزدا ھەق-
قەتەن گۇناھكار!

— سىز ماڭا باشتىن ئاخىر يالغان
گەپ قىلىپ كەلدىڭىز، — دېدى زاھىدە
ئازابلانغان مەيۈس قىياپەتتە، — باشتا
ئۇ قىزنى تونۇمايمەن، بۇ سۈرەتنىمۇ كۆرۈپ
باقمىغان دېدىڭىز. بىراق ئاخىرىدا ئۇ قىز
بىلەن سۆيۈشۈپ يۈرگەنلىكىڭىز ئاشكارا
بولدى. ئەگەر بۇ سۈرەتنى مەخپىي
ساقلاپ يۈرمەي ساۋاقدىشىم دەپلا ئالبومغا
سېلىپ قويغان بولسىڭىز مەن ھەرگىزمۇ
گۇمان قىلىپ يۈرمەيتتىم. بۈگۈنكىدەك
ئىشەنمەسلىك، ماجىرامۇ كېلىپ چىقمايتتى.
سىز مېنىڭ كۆڭلۈمگە كۈندەشلىك ھەم
گۇمان كۆلەڭگىسىنى تاشلاپ قويدىڭىز.

— مەن سىزدىن كەچۈرۈم سوراي-
مەن، — قاسىم شۇنداق دەپلا زاھىدەنى
چىڭ قۇچاقلىدى-دە، لەۋلىرىگە ھاياجان
بىلەن سۆيۈپ كەتتى. بىراق زاھىدەنىڭ
ۋۇجۇدى ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار توختىماي
قۇيۇلماقتا ئىدى.

— جېنىم زاھىدە، — دېدى قاسىم ئۇنى سىلىكىپ تۇرۇپ، — يەنە نەچچە ئايدىن كېيىن ئانىغا ئايلىنىسىز. كىچىككىنە ئىشلارنى ئىچىڭىزگە ئالسىڭىز بالىغا تەسىر بولىدۇ. ئەكسىچە، سىزنى ئازابلىغان شۇ سۈرەتنى يىرتىپلا تاشلىۋېتەي، مەتلۇبەنىمۇ مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كېتەي!

قاسىم زاھىدەنىڭ قولىدىن يۇلىشىپ كەتكەن سۈرەتنى تارتىپ ئالدى-دە، يىرتىپ-يىرتىپ ئەخلەت چېلىكىگە تاشلىۋەتتى، بىراق نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتى. لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى چېلەكتىكى يۇندىدا لەيلەپ يۈرگەن سۈرەت پارچىلىرىغا قادىلىپ قالدى. ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قانلار قىزىپ قايناشقا باشلىدى.

— ئەمدى يوخادىن چىققانسىز، — دېدى قاسىم كالپۇكلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى زاھىدەنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك ئۇرۇلدى.

— سىزنىڭ تىلىڭىز بىلەن دىلىڭىز ئوخشىمايدىكەن، قاسىم، ئاشۇ سۈرەتنى يىرتىۋەتكەنگە چىدىمايۋاتىسىز. قەلبىڭىزنىڭ تەكتىدە مەتلۇبەگە بولغان سېغىنىش ھەم قىيالماسلىق ھېسلىرى تاشقىنلاپ تۇرۇپتۇ، — دېدى زاھىدە يەنە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى يازنىڭ سالقىن شاماللىرى بوشقىنا يەلپۈشكە باشلىدى، — ئالبومغا سېلىنمىغان ئاشۇ بىر پارچە سۈرەت سىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن مۇھەببەت تارىخىڭىزنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. ھازىر سىز بۇ سۈرەتنى يىرتىۋەتتىڭىز. دېمەك، بىر قىز سىزنىڭ قولىڭىزدا پۇچۇلاندى، مىجىلدى. ئاخىر ۋەيران بولدى. سىز سېپى ئۆزىدىن خىيانەتچىگە ئايلىنىپ قالدىڭىز!

— مېنى زادى نېمە قىل دەيسىز؟ — قاسىم بىردىنلا غەزەپلىنىپ زاھىدەگە چەكچەيدى، — ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ سۈرىتىنى يىرتىپ تاشلىۋەتتىم. ئۇنىمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇشقا ۋەدە بەردىم. بىراق سىزنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكىڭىز ئازراقمۇ پەسلەي دېمەيۋاتىدۇ. مەن ياكى سىزگە يۈز كېلەلمىگۈدەك چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلدىممۇ؟ ئېيتىپ بېقىڭە قېنى. مەن بىلەن ئۆي تۇتامسىز-يوق؟!

— بەك پەسكەشكەنسىز، قاسىم. مۇشۇ قىياپىتىڭىزگە ئىچىنىمەن، — زاھىدە شۇنداق دەپلا سومكىسىنى ئالدى-دە، يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— زاھىدە!

قاسىمنىڭ ئاۋازى ئۆينى تىترىتىپ ئۆزلۈكىدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ بېشى پىرقىراپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ سافادا ئۆزىنى تاشلاپ بىر ھازا ياتتى-دە، ئاندىن تىقىپ قويغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى چىقىرىپ ئېگىز قىرلىق ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا لەۋلىرى ئۆمچىيىپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. قەلبىنى بېسىپ تۇرغان ئازابلىق ھېسلار داۋالغۇشقا باشلىدى. مەتلۇبەنىڭ سىماسى بولسا گويا ئىستاكان ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ھەرقانداق قىلسىمۇ مەتلۇبەنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. زاھىدەنى بولسا، تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بىراق مەتلۇبەنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا باستۇرۇپ كىرىدىغانلىقىنى، ھامان زاھىدە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ ساقايمايدىغان جاراھەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا قورقۇنچتىن لاغ-لاغ تىترەپ، چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتى.

قاسىم ھاراقنى ئىككى ئىستاكان ئىچىپلا بولدى قىلدى. ئۇ شىر-شىرىم

مەست بولۇپ بارلىق پىغانلىرىنى تولۇقى بىلەن زاھىدەگە تۆكۈش ئۈچۈن ئۇنى ساقلاپ ئولتۇردى.

زاھىدە كەچكە يېقىن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە ئاغزى ئېچىلغان بىر پارچە كونۋېرتنى قاسىمنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. قاسىم كونۋېرت ئۈستىدىكى مەتلۇبەنىڭ تونۇش پوچېركىسىنى كۆرۈپ ئەندىككەن ھالدا:

— ساڭا كىم يەتكۈزۈپ بەردى بۇ خەتنى؟ — دېدى ئېغىر تىنىپ قويۇپ، — ھەرقانچە بولسىمۇ كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاچماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. بۇ سېنىڭ ماڭا ھاقارەت قىلغىنىڭ، مېنى كەمستكىنىڭ. مەن ئىدارەمدىكى ساڭا خالىس خىزمەت قىلىپ خەت يەتكۈزۈپ بەرگەن مۇناپىقنى تاپماي قويمايمەن!

— سەن تولا قۇرۇق تېرە تاراقشىتماي ئالدى بىلەن خەتنى ئوقۇپ باق! — دېدى زاھىدە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ قالىسەن.

قاسىم خەتنى چاقماق تېزلىكىدە ئوقۇپ چىقتى-دە، پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى قويدى ۋە يېلى چىققان توپتەك بوشاپ ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچتىن چەكچىيىپ قالغانىدى.

— سەن ئۆتكەن يىلى چېنىقىشقا چۈشكەندە ئۇ قىزنى ئېغىر ئاياغ قىلىپ قويۇپتىكەنسەن-دە! دېدى زاھىدە، — مەتلۇبە سېنىڭ يالغان-ياۋىداق گەپلىرىڭگە ئىشىنىپ، سېنى كۈتۈپ، ئاخىر سېنىڭ مەن بىلەن توي قىلغانلىقىڭنى ئاڭلاپ دەرياغا ئۆزىنى تاشلىۋاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئالدىدىكى ساڭا قالدۇرغان خېتى ئىكەن. دېمەك، سەن بىز توي قىلغاندىن كېيىنمۇ مەتلۇبە بىلەن ئالاقىنى ئۈزمەپسەن. بەلكى ئۇ قىزنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرگىنىڭنى، ئۇنى نابۇت قىلغانلىقىڭنى يوشۇرۇپ كەپسەن. مەن سەندەك بىر پەسكەش مەخلۇقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمغا قاتتىق ئۆكۈنىمەن. مەن مەتلۇبەنى بىكار ئەيىبلەپتىمەن. ئۇ ئەسلىدە ئالدانغان، دەپسەندە قىلىنغان بىر سەبىي غۇنچە ئىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ سېنىڭ زۇلۇمىڭدىن ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى ھالاك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. مەن ئۇنىڭ سۈرىتىنى تېپىۋالمىغان بولسام، بۇ قانلىق پاجىئە مەڭگۈلۈك سىرغا ئايلىنىپ قالاتتىكەن.

— بولدى، سۆزلىمە! — قاسىم جوزىنى قاتتىق بىرنى مۇشتلىدى. قاتتىق ئاۋازدىن ئۆيدىكى ھەممە نەرسە يېنىك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىستاكانغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى-دە، لېۋىگە تەگكۈزدى. ئۇنىڭ ئىستاكاننى قامالлап تۇتقان قوللىرى ئىختىيارسىز ھالدا تىترەشكە باشلىدى. قەلبىنى بولسا ئېغىر مۇڭ ۋە پىغان قاپسىۋالدى. ئۇنىڭ خىيالىدا مەتلۇبەنىڭ دەريادا دولقۇنلارغا ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقان بىچارە قىياپىتى لەيلەپ يۈرەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نۇردەھاجى ئابدۇغوپۇر

# يامغۇرلۇق بوران

(ھېكايە)

پۈتكۈل ناھىيە بازىرىنى گۆردەك قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. يوتقان-چاپانلىرىنى باشلىرىغا ئارتىۋالغان بىر توپ ھارۋىلىق دېھقان ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا مۆجىزىدەكلا يۈرۈپ تۇرغان يوغان دەرۋازىلىق قورۇغا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كېلىشتى.

— ھاي، ھاي تۇغقانلار، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار. بۇ ئۇلاغ يېتىلەپ كىرىدىغان دەك ئەمەس، مېھمانخانا.

يامغۇرلۇق تۇتقان، قورساقلىق، شاپ بۇرۇت خوجايىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

بوران ھۇشقىيتماقتا، سانسىزلىغان يامغۇر تامچىلىرى ھارۋىلىقلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلماقتا.

— بىزنى... بوران بىلەن يامغۇر باشلاپ كىردى، ئاكا. بىر... بىر كېچە دالدىلىنىۋالساق... — نۇرەك ئوغرى ياداڭغۇ يۈزلىرىدىكى يامغۇر سۇلىرىنى كىرلەشكەن شاپاق دوپپىسى بىلەن سۈرتۈپ، چىشلىرىنى چاقىلداتقىنىچە كۈلدى.

— بىر... كېچە تۈنىۋالساق... ئاشۇ بۇلۇڭدىلا... — كونا كۆرپىسىنى بېشىغا ئارتىۋالغان قاسىم ھۆل بولۇپ شۈمشىيىپ كەتكەن ئېشىكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، يىلىنغاندەك لاپاس ئاستىنى كۆرسەتتى.

— بولمايدۇ، چىقىپ كېتىڭلار، — شاپ بۇرۇت خوجايىن ئارقىسىغا يېنىپ، لاپاس ئاستىدىكى تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇلغان گاز لامپىنى قولىغا ئېلىۋالدى، — سىلەر دەڭگە بېرىڭلار، دەڭگە. بۇ دېگەن مېھمانخانا.

— ئۇنداق دېمىگىن، ئاكا، مۇشۇ قاراڭغۇدا نەگىمۇ بارارمىز؟ ساۋابلىق ئۈچۈن بولسىمۇ ئاشۇ بۇلۇڭنى بىزدىن ئايىما.

— دېدىمغۇ، بۇ دەڭ ئەمەس دەپ... — شاپ بۇرۇت خوجايىن دېۋەيلەپ قولىدىكى يامغۇرلۇقنى شىلتىدى، — چىقىشمامسەن!

قاسىمنىڭ ھارۋىسى ئۈستىدىكى كۆرەك جۇۋا ئاستىدىن سوغۇرۇلۇپ چىققان ساقاللىق بوۋاي ھاسىرىغىنىچە ھارۋىنىڭ چوقىيىغا ئېسىلىپ ئاستا ئۆرە بولدى.

— دەڭ ئەمەسلىكىنى بىلدۇق، باللام. ئەمما، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن. شۇ تۇرقىمىزدا يەنە نەدە تېنەپ، نەدە توختارمىز؟ سېنىڭمۇ ئاتا-ئاناڭ دېھقاندۇ. بىزگە ئوخشىغان جاپاكەشلەرگە بىر ياخشىلىق قىلىپ قوي، ساۋاب تاپىسەن.

تىنىمسىز ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق تامچىلاردىن شوركەنگەن بوۋاي يۆتەلگىنىچە شەپقەت تىلەپ خوجايىنغا قارىدى.

خوجايىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قاراپ قويدى. لامپا ھەممەيلەننى يورۇتۇپ تۇراتتى. يېرتىقلىرىدىن

ماژلىرى ساڭگىلاپ قالغان ھۆل يوتقان-چاپانلار، كىرباسقان ساقاللىق يۈزلەر، لايدا بۇلغانغان كونا كىيىملەر، ئۇشۇقىغىچە پاتقاق كېچىپ تۇرغان يالاڭ پۇتلار...

خوجايىن شارقىراپ يېغىۋاتقان تۆكمە يامغۇرغا، ھېچنەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان چەكسىز قاراڭغۇلۇققا قارىدى. كېيىن ئۇلارغا بۇرۇلدى. ئۇ سەل يۇمشىغاندەك قىلاتتى.

— ھىم، سىلەرنىڭ بىر ئامال قىلىپ جايلاشتۇرارمەن، ئۇلاغلارىڭچۇ؟ ئۇلار سىيىدۇ، تېزەكلەيدۇ.

بايدىن بېرى قاراپ تۇرغان زۇلۇن باخشى ئىشىك ئالدىغا سۈرۈلدى.

— ئۇبدان گەپ قىلدىڭ، بالام. دۇرۇس، ھايۋان ھايۋانلىقىنى قىلىدۇ. بالىلار ئۇلاغلارنى تام بويلىتىپ تىزىپ ھارۋىلىرى بىلەن دالدىلىسۇن. خۇدا ئۆمرىمىزنى بەرسە سۇبھىگە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەخلۇقلارنىڭ ئايىغىنى. سەن رازى بولغۇدەك تازىلاپ بېرەيلى، — ئۇ جۇۋىسى ئۈستىدىن باغلىۋالغان ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچىنى يېشىپ يۈز-كۆزىنى سۈرتتى، ساقىلىدىكى سۇنى سىيرىپ چۈشۈردى. كېيىن خوجايىننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ماقۇل، ساقال، — خوجايىن يامغۇرلۇقىنى كۆچەپ-كۆچەپ سىلكىدى، — سىنىڭ لەۋزىڭنى ئالدىم. ئەمسە ئازراقتىن پۇل چىقىرىڭلار.

ھارۋىلىقلار ئۈنسىز تۇرۇپ قېلىشتى. بوران يەنە بىرقېتىم سوغۇق تامچىلارنى نەشتەردەك سانچىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— جېنىم بالام... — زۇلۇن باخشىنىڭ ئاۋازى سوغۇقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيناۋۇر تىترەپ چىقىۋاتاتتى، — بىزدە پۇل بار دەمسەن؟ شۇ تاپتا ھاشاردىن يېنىشىمىز. بىز ساڭا دۇئا قىلايلى.

— دۇئا دەمسەن؟ — خوجايىن يامغۇرلۇقىنى تاشلاپ قويۇپ تۆكلۈك قولى بىلەن قورسىقىنى قاشلاپ كۈلدى، — ماڭا دۇئا ئەمەس، پۇل كېرەك.

— بىزدە پۇل يوق، ئاكا، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن. بىزدە ساڭا بەرگۈدەك ھېچنەرسە يوق، — دۆگدەيگىنىچە قوشۇپ قويدى نورەك ئوغرى.

— نەچچە قېتىم دېدىمغۇ توغقانلار، پۇلۇڭلار بارلار مانا ماۋۇ ئازادە ئۆيدە پاناھلىنىڭلار ياكى بولمىسا ئۆتنە-يېرىم قىلمامسىلەر. ھە، شۇنداق قىلىڭلار.

— قارا بالام، بار بولسىغۇ شۇنداق قىلاتتۇق. شۇ تاپتا بىزدىن پۇل ئالغىنىڭغا سەن باي بولۇپ كەتمەسسەن.

— پۇلۇڭلار مېنى باي قىلىۋېتەلمىسىمۇ ئۇنى ئالمىسام بولمايدۇ، ساقال، — خوجايىن گاز لامپىنى تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇپ، بۇرۇتىنى ئۇيىنىغىنىچە يامغۇرغىمۇ قارىماستىن لاپاس ئاستىدىن چىقتى، — ئۆيدە ياتساڭلار ئالتە كوي تۆلەيسىلەر. لاپاس ئاستىدا... لاپاس ئاستىدا ئىككى كوي تۆلەپ پاناھلىنىڭلار. ئەمدى ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا. تېز بولۇڭلار.

ھاشارچىلار شاپ بۇرۇتنىڭ كۆرەڭلەرچە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىيالماي جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ھىم، نېمە بولدى؟ ئۇمۇ بولمىسا چىقىپ كېتىڭلار.

— پۇل بولغىنىدا بەرمەيتتۇقمۇ، بالام؟ — بايىقى ساقاللىق بوۋاي سۆز قاتتى، — شۇنىڭ يوقلۇقىدىن، يوتىغا چىققۇدەك زەي سۇدا ئىشلەپ يۈرۈپمۇ تۆت سەر گۆش ئېلىپ يېيەلمىدۇق. دېھقاننىڭ تاپقىنى سېلىقتىن ئاشمايدىغان بولۇپ كەتتى. سەن بولساڭمۇ بىزگە سېخىي قولۇڭنى بىر سۇنۇپ شەپقەت

قىلىپ قويغىن.

— شۇنداق قىلغىن، ئاكا. بىزنىڭ ھاشاردىن كېلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن.

— قەيەردىن كېلىشىڭ بىلەن چاتىقىم يوق! — چىڭقىلىپ ۋارقىرىدى خوجايىن بىردىنلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مېنى تولا گەپكە سېلىشماي كۆزۈمدىن يوقىلىش. مەن بۇ يەردە پۇل تاپىمەن، پۇل...

— دېھقاننىڭ قولى قاچانمۇ ئۈزىلىدۇ؟! ھەممە قىينچىلىقنى بىزگىلا بەرگەنمىدىڭ پەرۋەردىگاھ!؟

— ئاكا...

— تىلىڭنى چايناشماي يوقىلىش.

ھاشارچىلار مەڭدەپ قېلىشتى.

— بوش ۋارقىرا خۇمسى، — باياتىن بىرى سوغۇقتىن شۈمشىيىپ تىترەپ تۇرغان قاسىم تۇيۇقسىز ئۈستىدىكى لاي كۆرپىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىپ ئالدىغا دېۋەيلىدى، — چاتىقىم يوق دەيسەنا؟ كۈن-تۈن ھاشار چاپساق بىزگە بىركىم بىرەر نان، بىرەر تاۋاق سۇ بېرىپتىمۇ، خوتۇن تالاق غالچا؟ بىز ئۆيۈڭدە ئەمەس، ھويلاڭدا ياتىلى دېدۇققۇ؟ يۇرۇڭلار، بۇ ئەبگارغا يېلىنىۋەرمەي چىقىپ كېتىلى. يەرنى كۆرپە، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ياتقاندىمۇ بوران بىلەن يامغۇرغا ئۆلمىدۇققۇ بىز.

— مېنىڭ ھاشىرىمنى چىپىشقانىمدىڭ قەلەندەرلەر، — شاپ بۇرۇت لاپاس ئاستىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— بىز ئاناڭنىڭ ھاشىرىنى چاپتۇق.

— خەير، يۇرۇڭلار. بىزگىمۇ پاناھلانغۇدەك يەر تېپىلار.

بوران گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسەيمەكتە. يامغۇر ئاۋۋالقىدەكلا چېلەكلەپ تۆكۈلمەكتە.

— تۇرۇپ تۇرۇڭلار، — نۇرەك ئوغرىنىڭ ئۇنىنى يامغۇرلۇق بوران بىر ھازا ئۈزۈپ قويدى. ئۇ كونا كىيىملىرى ئىچىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ، ئىككى تاقلاپ خوجايىننىڭ ئالدىغا باردى، — مانا پۇل، مەن ئۇلارغا قەرزگە بەرمىدىم، ھەممىسى ماڭا ھېساب. ھېسابلا...

ئون نەچچە ھاشارچى لاپاس ئاستىدا سوزۇلۇشۇپ، خوجايىننىڭ ئارقىسىدىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان نۇرەك ئوغرىنىڭ مەغرۇر تۇرقىغا قاراپ قېلىشتى.

— بىر نوچىلىق قىلدى-دە، بۇ ئوغرى.

— ھاشار بېشىدا ھەممىمىزنى ئۇتقان ئەمەسمۇ بۇ تاز...

— قارا، بىزگە قىز ئېلىپ بەرگەندەك غادىيىشىنى بۇ ئوغرىنىڭ...

— ھەي... ھەي، ئاڭلاۋاتامسىلەر، خوتۇن خەقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

— ۋاي، يېتىشمامسەن ئەمدى.

— كاساپەت يامغۇر...

بورانمۇ، يامغۇرمۇ توختىدى. سەھەردە خوجايىن ھويلىغا چىقىپ لاپاس ئاستىدىكىلەرنى كۆرەلمىدى. پەقەت تام بويلاپ ھويلىنىڭ يېرىمىدا دېڭىزدەك يېيىلىپ تۇرغان بىدە-سامان ئۇۋاقلىرى، سۇنغان ھاراق بوتۇلكىلىرى، ئۇلارغا ئارىلىشىپ تۇرغان تېزەك، سۆيدۈك ۋە يامغۇر سۇلىرىغا قاراپ يەرنى تەپتى.

— بىر توپ كاززاپلار، ئوغرىلار... — چىڭقىلىپ ۋارقىرىدى ئۇ سېسىقچىلىققا چىدىماي.

ئۇ، نۇرەك ئوغرى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۈچەپ ئىتتىردى. ئۇنىڭ كۆزىگە يىرتىلغان، لايغا مىلەنگەن يوتقان-كۆرپە، كىرلىكلەر، لۆڭگە-ياستۇقلار، پەردىلەر؛ چېقىلغان چايدان، ئىستاكان-پىيالىلەردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئەمەت نىياز

# ئالتۇن بېزەكلىك ئايال

(هېكايە)

رىزۋاننىڭ ئانىسى بۆلتۈر كېسەل بىلەن قازا قىلىپ كەتكەنىدى. ئىككى ئۇكىسى تېخى كىچى، ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، رىزۋان كۈندە كېلىپ ئۇكىلىرىغا تاماق ئېتىپ بېرەتتى ۋە دادىسىغا تاماق ئاپىرىپ بېرەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە دادىسىغا تاماق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى شەھەرنىڭ ئاۋات بازىرىدا زەرگەرچىلىك دۇكىنى ئېچىۋالغاندى. دۇكاننىڭ خېرىدارى كۆپ، كىرىممۇ ئوبدان ئىدى. رىزۋاننىڭ دادىسى تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، رىزۋانغا دۇكانغا قاراپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ پېشىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭدى.

رىزۋان ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن بىر نەچچە خېرىداردىن دادىسى كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى. ئاندىن ئەينەك قاپقاقلىق ئەۋرىشكە ساندۇقىدىكى زىرە، ئۈزۈك، بىلەيزۈكلەرگە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— هوي، رىزۋان!

رىزۋان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭدىن بىرنەچچە قەدەملا نېرىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىل بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى گۈلشات تۇراتتى.

— هەي گۈلشات، بارمۇسەن؟ ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيلا كەتتىڭغۇ؟

ئۇلار قىزغىن هال-ئەھۋال سوراشتى.

رىزۋان گۈلشاتنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسالدى. گۈلشاتنىڭ ئەسلىدىكى سارغۇچ، يۇمران چاچلىرى قاپقارا بويىلىپ بۇدرە قىلىنغان؛ ئىنچىكە قاشلىرى قاش قەلەم بىلەن تومىلاشتۇرۇلغان، قۇلىقىدا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن هالقا، بىلىكىدە ئالتۇن بىلەيزۈك پارقىراپ تۇراتتى. تىرناق هەم لەۋلىرى قىپقىزىل بويالغان بولۇپ، كىيگەن كىيىملىرىمۇ ئۆزىگە ناهايىتى ياراشقانىدى.

— ئاداش، بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى رىزۋان ئۇنىڭغا هەۋەس بىلەن قاراپ، — ئابدۇرېشىت بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋاتقانسىلەر؟

— قايسى ئابدۇرېشىت بىلەن؟ — گۈلشاتنىڭ چىرايىدا هەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا سەن ماڭا دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان هېلىقى ۋالىبولچى ئابدۇرېشىتچۇ؟

— ھە ... ئېمدەيدىكىن دەپتىمەن. ئەخمەق، ئۇ دېگەن كونا گەپ. شۇ چاغدىكى كىنو بېلەتى بىلەن گازىر-پۇرچاقنىڭ، كوچا سەيلىسىدىكى ماروژنا بىلەن تاماقنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن بىرىيىل يۈرۈپ قويغان.

— ئۇنى ئالداپسەن-دە، كېيىن كىم بىلەن توي قىلدىڭ؟

— تونۇماسلىقىڭ مۇمكىن. يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئاگرانوم بىلەن توي قىلدىم.

— ھە، ھازىر شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈۋاتىمەن دە.

— ياقەي، ۋايجان، دېھقانچىلىق تېخنىكى دېگەن يېزىلاردىلا يۈرىدىكەن. شەھەر نوپۇسىغا ئۆتۈۋېلىپ ئالتە ئاي ئۆتمەيلا قەستەن جېدەللىشىپ، يامانلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ خېتىمنى ئالدىم.

— شۇنىڭدىن كېيىن قايتا توي قىلمىدىڭمۇ؟

— كېيىن شەھەردىكى بىر مېھمانخانىنىڭ جىڭلىسى بىلەن توي قىلدىم. تويدىن كېيىن مېھمانخانا ئاشخانىسىنىڭ كاسسىرلىقىغا ئورۇنلىشىۋالدىم. ھازىر شۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن. كېيىن ئۇ جىڭلى خىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىلىپ كېتىۋىدى، خېتىمنى ئېلىۋالدىم.

— ئاداش گۈلشات، بۇ قىلىقىڭ بەكمۇ قاملاشماپتۇ. ۋاقتىدىراق بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالغان بولساڭ ياخشى بولاتتى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، يېقىندا بىر كىشى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى-ئۈچ بالىسى بار، ئەللىك ياشلاردىكى ئادەم ئىكەن، ئەمما ئۆزى ناھايىتى باي زەرگەرمىش. قولۇمدىكى ماۋۇ ئالتۇن بىلەيۈزۈكنى، قۇلىقىمدىكى ئالتۇن ھالقىنى، ماۋۇ ئۈزۈكنى بىرنەچچە كىيىملىك رەخت بىلەن بىللە ئەۋەتىپتۇ. تويلۇقىنىمۇ دېگىنىم بويىچە ئالىدىكەن.

— قوشۇلدىڭمۇ؟

— ھەئە، ئەتە-ئۆگۈن ئىچىدە توي خېتى ئالىمىز.

— بوپتۇ، ئەرلەرنىڭ ئەللىك ياشلىق دەۋرى تازا ئۆزىنى توختاتقان چېغى. ئۇنداقلار ئايالىغا ۋاپادار كېلىدۇ، سەن ئەمدى ۋاپاسىزلىق قىلما.

— ئەخمەق ئىكەنسەن ئاداش، ئۇ قېرىنىڭ قانچىلىك ئۆمرى قالدى دەيسەن، ئەتە-ئۆگۈن ئۆلسە ئۇنىڭ ھەممە دۇنياسى ماڭا قالىدۇ. مەن شۇنى ئويلاپ ماقۇل دېدىم دېگىنە.

— ئۇ كىشى بىلەن ئىلگىرى تونۇشامتىڭ؟

— ياق، ئەلچىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قېرى كوچىدا كېتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ماڭا ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن. تەكتىمنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپ، كۆڭلىدە مېنى «نىكاھتا بېشى تاشقا تەگكەن» ھېسابلاپ، نىكاھىغا ئالغۇسى كېلىپ قاپتۇ. ئەلچى بىزنى بىرقېتىملا يۈز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆيى نەدە، دۇكىنى نەدە، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. بەلكى دۇكىنى مۇشۇ ئەتراپتا بولسا كېرەك.

— شۇ تاپتا ئۇنى ئىزدەپ كەپسەن-دە!

— ياقەي، ئۇنىڭ ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرىنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىرەر زەرگەرگە كۆرسىتىپ باقاي دەپ كېلىشىم.

— ئەكىلە، مەن كۆرۈپ باقاي.

رىزۋان ھالقا، ئۈزۈك، بىلەيۈزۈكلەرنى قولىغا ئالدى. ئۇياق-بۇياقىنى ئۆرۈپ دىققەت بىلەن كۆزەتتى، كۆزەتكەنسېرى ئۇنىڭ



يۈرەك ھەرىكىتى جىددىيلىشىش-كە باشلىدى.

— ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

— غوپۇراخۇن ئۇستام.

رىزۋاننىڭ يۈرىكى جىغىغىدە قىلىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترىمەكتە ئىدى.

— بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جائىكەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ بوغۇق ئاۋازدا.

— نېمە؟! — گۈلشاتىنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى، — ھۇ ساختىپەز قېرى! مېنى ئالداپتۇ-دە! خەپ!...

— ئاداش، يالغان مۇھەببەتكە مۇشۇنداق يالغان سوۋغا تازا باب كېلىدۇ. بۇ نەرسىلەر مۇشۇ دۇكاندا قالسۇن. سەن بۇ يەردىن ئاستا كېتىۋال.

— نېمىشقا؟

— قارا، ئۇ كىشى كېلىۋاتىدۇ، — رىزۋان كوچىنىڭ ئۇ چېتىدە كېلىۋاتقان كىشىنى كۆرسەتتى، — ئۇ مېنىڭ دادام.

— ھە؟! ئۇ... ئۇ... سېنىڭ داداڭ؟!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# كېچكۈزدىكى ۋىسال

«ئادەم قېرىسىمۇ مۇھەببەت قېرىمايدۇ»

(دانالار سۆزىدىن)

**1**

تەلمۈرگەن كۆزۈمگە غەرق ئاسمان-زېمىن،
ئۆتتى يار ئاي-يىللار سېنىلا ئىزدەپ.
تىلسىمە بىراۋلار بايلىق تەگرىدىن،
سورىدىم قايدا ئۇ گۈلجامال قىز؟ دەپ.
بولدۇم ھەر ئۆتەڭدە ساڭا ئىنتىزار،
كۆكسىنى ئاچقانغا مەن تەتۈر قاراپ.
ياشىدىم ئىشقىمنى قىلىپ چىن ئەشئار،
ھېسلىرىم كېتىشتى ئۇپۇققا تاراپ.
تولدى پاك قانلارغا سەبرىم قاچىسى،
قالدى قۇم ئاستىدا سۆيگۈم دالىسى.

**2**

ھىدىڭنى ھىدلىدىم غۇر-غۇر شامالدىن،
ئىشىك قېقىپ چاقىردىم، بولمىدى جاۋاب.
گۈللەردىن سورىسام سېنى نازىنىن،
بۇلۇتلار كۆكسىدىن تۆكۈلدى شاراب.
ئارزۇغا ئايلىنىپ كەتكەن دىدارىڭ
بولدى چۆل، سەھرادا يېگانە ھەمراھ.
يىغلاپ جاسارەت چۈشۈمدە نازىڭ،
كۆز چاناقلىرىمغا يازدى مۇئەمما.
تەرلىرىم تاراملاپ ئۇرغاندا دولقۇن،
چېچەكلەپ دەشتلەردە يەلپۈندى يۇلغۇن.

**3**

يۇلتۇزۇم پەلەكتىن ئېقىپ ئىزىڭغا،
تاپتىمەن، تاپتىمەن سېنى دىلرەبا.
بولدۇم نە چاقنىغان زۆھرەگە ئۇلپەت،
كۆردۈم نە بىر گۈلنى يەلپۈگەن سابا؟
ئالدىمدا مايسىراپ ئۆچكەن بىر چىراغ،
بەرگىلىرى تۆكۈلگەن قاقشال بىر قوراي.
سەنمۇ بۇ ئوت كۆڭلۈم تارتقان ئىشتىياق،
بوۋاينىڭ ئالدىدا ياش تۆككەن موماي؟
ياق، سەن شۇ بوستان چاچ، قارا كۆز جانان،
ئاي تۇتۇپ تۇرۇپتۇ ھۆسنۈڭنى پىنھان.

**4**

مەشۇقۇم كۆزۈڭنى كۆردۈم، دېدىم ئاھ!
قېنى ئۇ مۇھەببەت يورۇتقان چىراغ؟
قېنى ئۇ مەرگەنلەر سەپ تۈزگەن جەڭگاھ،
زۇلمەتلىك بىر قۇدۇق-ھىجرانۇ پىراق؟
كۆرۈنمەس ئالمىسى نازۇك شېخىڭنىڭ،
تارتىلدى شور باسقان ئېرىقلار نىچۈن؟
قالماپتۇ سۈلكىتى گۈلگۈن چېغىڭنىڭ،
ياپرىقىڭ شىلدىرلار، بىراق چىقماس ئۈن.
مەن ئۈچۈن سەن ھامان پەرنا بىر شېرىن،
پەرھاد بوپ ئۇشتۇدۇم تاغلارنىڭ بېلىن.

5

مەشۇقۇم قەلبىڭنى كۆردۈم، سۆيۈندۈم،
شۇ پېتى ۋاللىداپ تۇرۇپتۇ گۆھەر.
بۇ ئوتلۇق قىسمەتتىن كۈلدۈم، ئۆكۈندۈم
سۆيگۈنىڭ ۋاقتى ئۆتمەس، كى ئۆمۈر ئۆتەر.
بىلمەسمەن، دىدارىڭ تاپالماي ئۆكسۈپ،
كوچىلار قالمىغان ئاھ، مەن ئۆتمىگەن.
تۇرىمەن ئالدىڭدا شۇدەم ئۆرتىنىپ،
ھەر تۈن چۈش كۆرسەممۇ بۇنى كۆرمىگەن.
ئارىلىق بىر قەدەم — شۇنچىمۇ يېقىن،
ھەم يىراق، توسۇدۇ تاغ، دەريا، ئېقىن.

6

مەشۇقۇم، ئەزىزىم كۆردۈممەن سېنى،
پارلىدى مېھرىڭدە تەڭلا ئاي، قۇياش.
ۋە لېكىن باغرىڭغا باسالماي مېنى،
تۇرىسەن تەلپۈنۈپ، كۆزلىرىڭدە ياش.
شۇ بەدبەخت كېسەلكەن بىزنى ئايرىغان،
بېشىدا ئولتۇرۇپ قاراۋېتىپسەن.
ئاچ قويغان نامەردكە بېرىپ ئاشۇ نان
ئۆيۈلغان چېچىڭنى تاراۋېتىپسەن.
كۈلپەتلىك ئۆتمۈشنى ئەسلىمە زىنھار،
يىللاردىن گۈزەل بىر ئەسلىمە قالار.

## كۆز تەرىپى

ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆيىمىزگە
سايە تاشلاپ تۇرار ئالما كۆزنىمىزدە.

ئىغاڭشىسا دەرەخ، ياپراق شىلدىرلايدۇ،
چۈشۈپ يەرگە ئۇچۇپ گاھى پىلدىرلايدۇ.

شاخلىرىدا قالماپتۇ ھەي بىرمۇ ئالما،
ئالماپتىمەن ھەي، بەزىلەر دېگەچ ئالما!

ئانام ئۆيگە چۈمگىنىمنى بىلىپ دېدى:
ھەممىدىنمۇ شېرىن مېۋە-كۆپىنىڭ غېمى.
بىلسەڭ بالام ئالما شۇنداق تۈگەپ كېتەر،
كۆپىنىڭ غېمى تۈگىمەس ھېچ ئەلگە يېتەر.

كۆپ غېمىنى يېگەن ئېزىز، بولمايدۇ خار،
كۆپىنىڭ غېمى كۆپتە بولغان ئەل بەختىيار.

— ئانا، — دېدىم ماڭا قارلىق تاغ كۆرۈندى،
— بالام، — دېدى ئالما توشقان باغ كۆرۈندى.

## كۆز ئاخشىمىدىكى ھېكايە

ئېسىلىپ تۇرىدۇ تاش كاۋا، قاپاق،
پىلىكى ياماشقان چەللە-باراڭغا.
يېرىمى سارغايغان مۇڭلۇق يوپۇرماق
شىلدىرلار چۈمۈلۈپ كۈمۈش تۇزانغا.

خۇش پۇراق تارايدۇ چۈنەك-چۈنەكتىن،
جەلپ ئېتەر كىشىنى بۇ ئايدىڭ ئاخشام.
سۆز ئېچىپ مۇشۇ دەم ياخشى تىلەكتىن،
ھېكايە ئېيتىدۇ يانپاشلاپ دادام:

بار ئىكەن بۇرۇندا بالام بىر ئەما،
ياشاركەن سەھرادا ئۇ قىلىپ نالە.
تايىنىپ ماڭاركەن ئۇچلۇق ھاسىغا،
يىقىلىپ چۈشمەي دەپ غەم يەپ بىچارە.

قاراڭغۇ-يورۇقنى ئېتەلمەي ھېچ پەرق،
قاقشاركەن سوقۇلۇپ، چەتكە قېقىلىپ.
ئۇ بولۇپ زۇلمەتنىڭ دېڭىزىغا غەرق،
ئۆتەركەن مەھبۇستەك ئىچى سىقىلىپ.

تىلەركەن: كۆزۈمنى ئاچقىن ئىلاھا،
يوللارنى بىر كۆرەي ئەل ئاياغ باسقان.
كۈندۈز-تۈن ئاھ ئۇرۇپ قىلغاچ ئىلتىجا،
لەرزىگە كېلىپتۇ يەر بىلەن ئاسمان.

uyghurkitap.com

بىر كۈنى شەھەردىن قايتار چاغدا ئۇ،
ئېچىلىپ كېتىپتۇ كۆزى پاللىدە.
خۇدانىڭ رەھمىتى، قالماي داغدا ئۇ،
كۆرۈپتۇ ھەممىنى ئارقا-ئالدىدا.

ھالبۇكى، تەمتىرەپ قاپتۇ تاپالماي،
ئۇ ئەما چېغىدا ماڭغان يولنى.
ئادىشىپ كېتىپتۇ ئۆيگە بارالماي،
ئۈزۈتىپ تۆت ياننى ھاسا-قولنى.

ئۇسسۇپ ھەر نەرسىگە سوقۇلۇپ، ئاندىن
جاندىنمۇ تويۇپتۇ،
يىغلاپتۇ زار-زار،
بۇ دىتىسىز،
پىكىرسىز،
تەلۋە نادانىدىن
ئاقىۋەت تەگرىمۇ بولۇپتۇ بىزار.
يەنىلا كۆزىنى قىلىپتۇ كورمەس،
شۇندىلا يولنى ئېتىپتۇ داۋام.
غەم يېمەس، ئەقلىگە ئاسىي نادانلار
قۇتۇلماس كۈلپەتتىن،
ئۇنۇتما بالام!

ھېكايە تۈگىدى، جىم بولدى دادام،
تىترىدى يۈرىكىم، تىترىدى ياپراق.
شۇ چاغ تۆت تاماندىن كەلدى بىرىندا:
ئادەملەر كور بولۇپ قالماڭلار شۇنداق.

ئادىل تۇنىياز

# چاشقان بولۇپ كەلگەنىدىڭ يار

## ئىككىنچى يولۇچى

تام سائىتى ئايلانماقتا
تۆت بىلەن بەش ئارىلىقىدا،
بىر يولۇچى كېتىۋاتاندەك
ئۆزى بىلمەس كوچىدا گويا.

بىر يولۇچى ئۇچۇنلا
تەنھا مەۋجۇت بولغان بۇ كوچا،
ئۇلۇغ، تىمتاس، چەكسىز بۇ كوچا.

ئادىل، مەن ۋە خۇدا ئۇچىمىز
بىر ئادەمدەك كېتىۋاتىمىز،
قارنىڭ ئۈستىدە.
سان-ساناقسىز پاكار ئاق قۇلار
قانات يېيىپ كېلىۋاتقاندەك،
كېلىۋاتقان قارنىڭ ئۈستىدە.

مەست شائىرنىڭ مىسرالىرىدەك
قالايمىقان شۇقەدەر
كوچىدىكى قەدەملىرىمىز
غالجىرانە ھاياجانلانغان،
ئالتە پۈتلۈق بىر توپ ئادەمدەك
قالايمىقان سائەتلىرىمىز،
قالايمىقان ھەممە نەرسىمىز.

چاشقان دېگۈم كەلمىدى سېنى،
ئايال دېگۈم كەلمىدى سېنى،
قۇش دېگۈممۇ كەلمىدى سېنى،
— قۇش دېگەن نىمە؟
— بىلمەيمەن.
ھەممە نەرسە بۈگۈن ھېچنېمە.

بىلجىرلىشىڭ ياڭرار ئەتراپتا
چىچىلغۇاتقان ئايىنىڭ نۇرىدەك.
خۇدا، ئادىل، سەن بۇ ئۈچمىز
بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدۇق
ئادەم مەۋجۇد ئەمەس كوچىدا.

سائەت
مېڭىۋاتامدىكىن؟
مەن ھېچ يەرگە بارمىدىم،
ئىشخانىدا تورۇپتىمەن جىم.

ئىچىمدىكى باشقا بىر كوچا.
مەن ئىككىنچى يولۇچى،
دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان
ئۇ كوچىدىن باشقا كوچىغا...

## يېشىل چاشقان

قار ياغماقتا روجەكتىن يىراق.
12-ئاي توگلاپ تالادا
ئۆرۈلگەچكە توكلىرى ئاپئاق
تۇرغانمىدۇ توگۈلۈپ ئوماق.

توگۇپ كەتتىم،
سوغۇق ۋىژىلداپ
ۋارقىرايدۇ قولىقىمىزغا.
ياتاقتىكى ئىللىق سوغۇقنىڭ
ئەتراپىدا پىرقىرايدۇ نۇر.
يېشىل رەڭگە ئامراقلىقىمدىن
قىلالمىدىم قىشنى تەسەۋۋۇر.
يېشىل چاشقان، ئاھ يېشىل چاشقان
يوقلاپ كېلىپ بويتاق شائىرنى

چىقىۋالدىڭ كارنۇاتقا قاچان؟
مەن مۇشۇكتەك ئۇيقۇدا ياتسام،
غىل-پال ئۆتۈپ كەتتىڭ بېشىمدىن.
چۈشۈممىكىن دەپتىمەن تېخى،
يا ئايالىم بولمىساڭ جانۋار،
ئۇرنۇمغا چىقىشقا
پېتىندىڭ قانداق؟
گۈزەل چاشقان، ئوياتچان چاشقان
بىر كۆرۈپلا بولۇپ قالدىم ئامراق.
شېپىرلىشىڭ ئاڭلانغاندا پەس
سەزدىم غوۋا نۇر چاچقىنىڭنى.
ئويغانغاندا يىراق ئۇيقۇدىن
قانداق ئاتاي بۇ قاچقىنىڭنى؟
گەپ قىلغانسەن ئۇيغۇر تىلىدا
ئوقۇغانسەن ياكى بىر مىسرا
قانداق ئاتاي،
قانداق ئاتاي يار!؟

كېچە
ئۆز-ئۆزىدىن لەززەتلەنمەكتە.
بويتاقلىقنىڭ لەززىتىمۇ بار،
يالغۇز ئۇخلاش، يالغۇز چاي ئىچىش
بۇ كۆڭۈلەردە كەلدى ئەجەب ھار.
ياستۇقۇمدىن ئۆتتى بىر چاشقان
چاشقان بولۇپ كەلگەنمىدىڭ يار؟!
چاشقان
چاينىماقتا نۇر،
بىر ئادەمنىڭ تەنھالىقىدەك،
بىر خەلقنىڭ تەنھالىقىدەك،
چاشقان
يۇتۇپ كەتتى غېرىپلىقىمنى...

**مەمتىمىن بارى**

# ئۈچ شېئىر

## شائىر

پىچىرلايدۇ قەلەمگە ئۈنسىز،
كۆز ئالدىدا كۆلىدۇ جەننەت.

تاسقاپ چىقار زېمىننى شائىر
ئىزدىگىنى نۇر ۋە مۇھەببەت.

uyghurkitap.com



## مۇرەككەپ

سىرىنى بىلىش تەس، ئالەم مۇرەككەپ،
ئالەمدىن مىڭ ھەسسە ئادەم مۇرەككەپ.
ئادەملەر سىرىنى بىلىپ بولالماي،
قوللانغان خىلمۇ خىل چارەم مۇرەككەپ.

## ئوغلۇمغا

تۆكۈپ تەر ئەل ئۈچۈن تىنماي بولۇپسەن ئۈلگە دوستلۇقتا،
شەرەپ شانىڭنى مەن ئاڭلاپ چۆمۈلدۈم بەكمۇ خۇشلۇقتا.

ئۈمىد شامىنى ياندۇردۇڭ تۇرۇپ لەۋزىڭدە سەن ئوغلۇم،
بېرىلمە ئەمدى ھەرگىزمۇ يەنە توقلۇقتا شوخلۇقتا.

قىلىپ روھىڭنى سەن جارى چېكىنمەي ئۆرلىگىن ئالغا،
يېڭىپ توسقۇنى مەردلەرچە قانات قاق كۆكتە-بوشلۇقتا.

چىقار ھەرخىل يامان ئىللەت جاھالەتتىن، نادانلىقتىن،
بىلىم ئال، سەن بىنا قىلغىن گۈلىستان دەشتى-قۇملۇقتا.

گۆھەرلەر كاندۇر مەكتەپ قازىۋەر بەلنى چىڭ باغلاپ،
ياراتقىن كەشپىيات، گۈللە، مۇقەددەس بۇ دىيار — يۇرتتا.

**ئەسقەر ياسىن**

# ئىككى شېئىر

## سۆيگۈ

قەلبىمدىن ئۆتتۈڭسەن ئوتقاش كۆتۈرۈپ،
تىنىقلىدى كۆزۈمگە بىرپارچە مانان.
بەرھەقكى، زېمىندا پەقەت سەن بولساڭ،
گۈللەرمۇ، باغلارمۇ بولمايدۇ خازان.

دېدىمكى:
شاد كۈلكە ئاقسۇن دولقۇنلاپ،
مەردانە تۇرقۇڭدىن بولسۇن ھەممە لال.
دېدىڭكى: چېقىندەك ۋاللىداپ تۇرۇپ،
بارمىدۇ قەلبىڭگە كىرمەككە ئامال.
بۇلۇتلار ھەريانغا تارقالدى شۇئان،
قانىتىم سىلكىندى، ئۇچتۇم پەر قېقىپ.
دېدىمكى: مەردلىكىڭ تۇتقاي ئىلھام،
كىرىۋەر قەلبىمگە دەريادەك ئېقىپ.

## مەن، شېئىر، ھايات

شېئىرىمنى قۇچاقلا ھايات،
قۇچاقلىغىن مېنىمۇ بىر پەس.
شېئىر — مەن
پېقىردۇر — شېئىر،
دىلىم ھامان ھېكمەتكە پەۋەس.

ئىلھامىمدىن ياسىدىم قەسىر،
ئۇنىڭ نۇرلۇق روجەكلىرىدىن
ياغىلىقتى سىلكەر مۆھەببەت.
بىلمەيمەن،
قۇش كېچىسى بولامدۇ سوغۇق،
ياز ئاپتىپى بولامدۇ ئوتلۇق،
بالقىشىنلا بىلمەن پەقەت.

شېئىر – ھايات، تۇسۇن ھاياجان،
تەسەۋۋۇرۇم، چۈشۈم، خىيالىم.
ئىشىكىنى چەكسەم ئالەمنىڭ
ئېچىپ بەردى گۈلىيۈزلۈك يارىم.
شېئىرىمنى قۇچاقلا ھايات،
شېئىر – مەن،
پىقىردۇر – شېئىر،
كۈيلەر تەگرىم، كۈيلەر دىلدارىم.

دولقۇن روزى

# ئىككى شېئىر

## ئارمان جىلۋىسى

سەپىرىمگە كۆشەندە خۇنۇك ھېسلار قارمىقى،
تەمشىلدۇ كۆلكەمنى ھەردەم ھالاك قىلىشقا.
ئارمانلاردىن تەزگۈچى غەيۇرلۇقۇم بەرباتتۇر،
ھازىر ھەرئان يۈرىكىم تەقدىر بىلەن چېلىشقا.

مېنىڭ ئويغاق كۆز نۇرۇم چەكسىزلىككە چېچىلغان،
كۆتەر ئۇندا مىڭ يۇلتۇز ۋىسالىمنى بىتاقەت.
بايراق چاك-چاك زوھىمغا سۇلماس ئۈمىد سۆيگۈسى،
يالمار ئۇسسىز بەختىمنى نەپسى دوزاخ قىيامەت.

ئالار سۈرلۈك ئىمتىھان مەغرۇر ھايات سوتچىسى،
ئۆمۈرنامەم زېمىنغا كەشتىلىگەن ھەر ئىزدىن.
نۇرلىنىدۇ جاۋابەن كۈلۈپ ياشاش لوگىكام
ئادەملىكىم كۆز ئاچقان مەڭگۈ ئۆلمەس يىلتىزدىن.

## يوللار

سەن ۋە بىزگە ئوخشايدۇ يوللار،
ئۇمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئادەم.
يوللار بىزدەك ئاڭلىيالايدۇ،
بىلەر بىزدەك سۆزلەشنىمۇ ھەم.

يوللار، بىلسەڭ، لىللا سودىيە،
يوللارنىڭمۇ باردۇر ۋىجدانى.
پىلسىراتتىن ئۆتكۈزەر بىر-بىر،
مەيلى شەيتان، مەيلى ئىنسانىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇللا مەتقۇربان

## «ئوربىتا» ھەققىدە

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 4-سانىغا يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئوربىتا» ناملىق پوۋېستى بېسىلدى. مەن خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسەرلىرىنى خېلىدىن بۇيان ياخشى كۆرەتتىم. خۇددى مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىگە ئوخشاش خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسەرلىرىمۇ مېنى شېئىرىي پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، تراگېدىيىلىك تۈسىنىڭ رۇشەنلىكى، كەيپىياتىنىڭ تاغ سۈيىدەك راۋانلىقى، چوپان ناخشىسىدەك يېنىكلىكى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ مەمتىمىن ھوشۇر ۋە خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىدىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ، ئەمما ئەلۋەتتە ئۇلار ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيىلىك كەيپىيات خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىدىكىدىن خېلىلا ئېغىر. مېنىڭچە، بۇ دەل ئەلۋەتتە ئۇلار ئىجادىيىتىدىكى بىر خاسلىقتىن ئىبارەت. بەزىدە بۇ ئۈچ يازغۇچىنىڭ مىجەز، ئادىتى ھەققىدە ئۆزۈمچە خىيال قىلىپ كېتىمەن: مەمتىمىن ھوشۇر نەزىرىمدە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئىلىلىقلارنىڭ بارلىق خۇش چاقچاقلىق تەبىئىتىنى ۋۇجۇدىغا تولۇق مۇجەسسەم قىلغان كىشى سۈپىتىدە، ئەلۋەتتە ئۇلار بولسا يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى قەلبىگە سىغدۇرغان بىر دەردمەن سۈپىتىدە، خالىدە ئىسرائىل بېشىدىن نى-نى ئىسسىق-سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، بىر نەرسىگە نەزىرىنى سالسا، نەزىرىنى ئاسان يۆتكىمەيدىغان، چىرايىدا تولاراق خاپىلىق ئەكس ئېتىدىغان، ئەمما بۇ خاپىلىقنى يوشۇرۇشقا ئاجايىپ ماھىر، بەكمۇ مېھرىبان بىر ئايال سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. «ئوربىتا» مېنىڭ خالىدە ئىسرائىل ھەققىدىكى بۇ خىيالىي چۈشەنچەمنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. خالىدە ئىسرائىل بۇ پوۋېستىدا تراگېدىيىلىك خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئاسىيە ئوبرازى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا جەمئىيەتتە، جۈملىدىن ئائىلىدە تۇتقان ئورنى ھەققىدە، نىكاھ، مۇھەببەت، مەسئۇلىيەت ۋە پەرزەنتلەرنىڭ كېلىچىكى ھەققىدە ئۆزىنىڭ مول ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئاسىيە پۈتكۈل جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى ئىستېمالغا قاراپ يۈزلەنگەن ھازىرقى ۋاقىتتا ئارىمىزدا بىز بىلەن بىرگە ياشايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن تەلەپ قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە ماددىي تەلىپى يوق، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى، ماددىي

تۇرمۇشى ھەرھالدا كاپالەتكە ئىگە بولىدىغان تۇراقلىق ئىش ھەققى، زامانغا لايىق بېزەلگەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى بار. ئۇنىڭ يەنە يولدىشى، پەرزەنتلىرى بار، ئەسلى ئاسىيە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھالەتتىكى تۇرمۇشىدىن قانائەت قىلىشى كېرەك ئىدى. سىرتتىن قارىماققا ئاسىيەلەر ئائىلىسى ئۆلچەملىك بەختلىك ئائىلە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئاسىيە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ماددىي نەرسىلەردىنمۇ مۇھىم بولغان مۇھەببەت كەملىك قىلىدۇ. ئۇ يولدىشى ئابلىكىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزى تەلەپ قىلغان مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئائىلىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدۇ. بۇ، ئاسىيە قەلبىدىكى بارلىق روھىي ئازابلارنىڭ ئوق يىلتىزىدىن ئىبارەت.

ئاسىيە ئابلىكىم بىلەن باشقىلارنىڭ ۋاسىتىسى، مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى تامامەن ئۆز ئىختىيارى بىلەن توي قىلغان. ئاسىيە بۇ توي ئارقىلىق ئابلىكىمنىڭ ماھنۇر بىلەن توي قىلالمىغانلىقىغا بولغان ئېچىنىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەپ، ئابلىكىمنى ماھنۇرنىڭ ئورنىدا بەختلىك قىلماقچى بولغان. چۈنكى ئاسىيە ماھنۇرنىڭ يېقىن دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئابلىكىمنىڭ قەلبىدە بەلگىلىك ئورنۇم بار دەپ خاتا چۈشەنگەن، ئابلىكىمنىڭ ھەسرەتلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىغا تەسلىم بولغان. قىسقىسى، ئاسىيەنىڭ ئابلىكىم بىلەن قىلغان تويى ئاسىيەدىكى قىلچە رېئال ئاساسى بولمىغان، خاتا چۈشەنچىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاسىيەنى بىر تراگېدىيىلىك ئوبراز، بۇ ئوبرازنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرغا ئىگە بولۇشىغا مەلۇم مەنىدىن ئاسىيە ئۆزى سادىر قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق خاتالىق سەۋەب بولغان دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئاسىيەنىڭ بۇ تويغا ماقۇل بولۇشىنى ئاسىيە سادىر قىلغان ئاشۇ خاتالىقلارنىڭ تۇنجىسى ۋە ئەڭ ئېغىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىز بەلكىم ئاسىيەگە كېيىنكى تەقدىرىڭىزنىڭ بۇنداق شورلۇق بولىدىغانلىقىنى، بۇنچىلىك بەختسىزلىككە دۇچ كېلىدىغىنىڭىزنى بىلگىنىڭىزدە، بۇ تويىنى قىلمىغان بولاتتىڭىز دەپ تەسەللىي بېرەلىشىمىزلا مۇمكىن. ئەمما بۇ تەسەللىي ئاسىيەنىڭ تەقدىرىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، چۈنكى، بىز بەكلا كېچىكتۇق، ئاسىيە بولسا تېخىمۇ كېچىكتى. بىزنىڭ ئېچىنىدىغىنىمىز ئاسىيە شۇ بىر قېتىملىق خاتالىق بىلەن توختاپ قالمىدى، ئۇ ماھنۇر كۆز ئالدىدىلا ئۆلۈۋالغاندا، «ئۆينى، ئابلىكىمنى تاشلاپ، بېشى قايغان ياقلارغا» تامامەن كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئاسىيە ماھنۇرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئابلىكىمنىڭ ئاسىيەگە بولغان مۇئامىلىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيدىن چىقىپ كەتمىدى. بەلكى ئابلىكىمنىڭ ماھنۇرنى ئۇنتۇپ رېئاللىققا قايتىشىنى ئۈمىد قىلدى. پاجىئە شۇ يەردە ئىدىكى، ئابلىكىم ئاسىيەنى سۆيمىگىنى بىلەن ئاسىيە ئابلىكىمنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئاسىيەنىڭ ئابلىكىمگە بولغان مۇھەببىتى كۆپۈككە ئايلانغاندا، ئاسىيەنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ئائىلە قارىشى ئىگىلەيدۇ. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ «ئوربىتا» ئاسىيەنى ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋالىدۇ. ئاسىيە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى سەۋرى-قانائەت ئەقىدىسى، ئاياللىق مەجبۇرىيىتى ۋە ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن ھاسىل بولغان بۇ «ئوربىتا» نىڭ

تارتىش كۈچىدىن قۇتۇلالمايدۇ. « كۆزگە كۆرۈنمەس چەمبىرەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇ نەرسە (ئوربىتا) ئاسىيەنى مومىلىرى ۋە ئانىسىغا، ھېلىغىچە ئۆزىنىڭ ئادەملىك ئورنى ۋە ھەققىنى چۈشەنمەيدىغان، كالا ئورنىدا ئىشلەپ ئۆلۈپ كېتىدىغان مىليونلىغان ئاچا-سىڭىللارغا باغلاپ تۇرىدۇ.» ئاسىيە ئىلگىرىكى خاتالىقلىرى بەدىلىگە جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خورلىنىۋەرگەندە، ئاندىن ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى، بۇ خاتالىقلارنى تۈزەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ناھايىتى كېچىكىپ ھېس قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئابلىكىمنىڭ پەقەت جىسمانىي تەلەپ تۈپەيلىدىنلا ئاسىيەنى ئەمرىگە ئالغانلىقىنى، ئاسىيەنىڭ شۇندىن تارتىپ بىر ئوربىتاغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى، ھايات ۋاقتىدا مۇھەببەتسىز بۇ ئوربىتادىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. « سۆيۈملۈك گۈللەر، دەبدەبىلىك سۆزلەر، چاۋاكلار ئارىسىدا، تەسىرلىك شېئىرىي مىسرالاردا مەدھىيىلىنىۋاتقان چېغىمىزدا ئىچىمىزدە ئاچچىق كۈلىمىز، چۈنكى ھەممىلا يەردە بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى جاپاكەش ئانا بولۇش، ئېرىمىز، پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن قۇربان بېرىش — تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە بىز قۇربان بېرىشكىلا يارالغان» ، « مۇنداق چاغلاردا مەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن گۇمانلانماي تۇرالمايتتىم. بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەم بىر-بىرىمىزنى قىينايمىز؟ بىزنىڭ نەزەرىمىزدە گۈزەل پەزىلەت ھېسابلىنىدىغان قۇربان بېرىشلەر راستىنلا ئالىيجانابلىقمۇ ياكى قورقۇنچلۇقمۇ؟ بىز كىشىلەر نەزەرىدىكى ‹ ئەخلاقلىق › ، ‹ ۋاپادار › ئوبرازىمىزغا داغ تېگىپ قېلىشىدىن، ئاۋۇ ئەرزان باھالىق دىۋان، سۇلياۋ پالاس، سۈنئىي تالالىق گىلەم، فار-فۇر، ئەمما ساختىا ماللار بىلەن توشقان، ئىللىقلىقتىن ئەسەر يوق ئۆيلىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىمىز. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە پەرزەنتلەرگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقمۇ يوق ئەمەس. ئەمما ئىش-ھەرىكىتىمىزدە، باللارنى ناھايىتى ئاز ئويلايمىز، ئۇلارنىڭ كۆزىچە ئۇرۇشۇپ-تىللىشىمىز، بىر-بىرىمىزنىڭ چاۋىسىنى چىقىپ بېيىشىمىز، ئالدامچىلىق، ساختىلىق قىلىمىز...» دەپ شىكايەت قىلىدۇ. ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ئابلىكىمنىڭ ئۇنى « ھېچقاچان چىن كۆڭلىدىن سۆيمىگەنلىكىنى، ئازراق بولسىمۇ قەدىرلىمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ھېچقاچان ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ» ئابلىكىمدىن يۈتۈنلەي كۆڭلى قالغاندا، بىردىنلا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك، ئابلىكىم ئاسىيەنىڭ كۆز ئالدىلا ئۆزگىرىدۇ. خۇش خۇي ۋە مۇلايىملىشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئابلىكىمدىكى بۇ خۇش خۇيلۇق ۋە مۇلايىملىق قەلبىدە ئاسىيەگە نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغانغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تالادا كۆڭۈل ئېچىپ يۈرگىنىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ گەرچە ئاسىيەنىڭ ئازابلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئاسىيە يەنىلا ئابلىكىمنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا بولسىمۇ مۇھەببەت ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلىپ سۆيىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاسىيەدە دەل ئاشۇنداق سۆيۈنۈش پەيدا بولۇۋاتقاندا، ئاسىيە تەقدىرىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر چاقچىقىغا دۇچ كېلىدۇ: ئاسىيە ناھايىتى ئېغىر نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. دېمەك، ئاسىيە بۇ ئەسەردە باشتىن ئاخىر مەغلۇپ بولغۇچى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئاسىيە — تراگېدىيىلىك مەزمۇن ئىپادىلىگەن ئوبراز، ئۇ مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە مودا قاپلاپ كەتكەن جەمئىيىتىمىزدە ماددىي پاراغەتكە بېرىلمەي، مۇھەببەتلىك ياشاشقا تەلپۈنۈپ، ھاياتىنى يولداشىنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە مېھرىبانلىقى، ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقى ئارقىلىق مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ، مۇشۇ مەقسەتتە ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئىسسىقلىقنى سەرپ قىلىپ تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ، تۇرمۇشتىن تەلەپ قىلغىنى ھەرگىز ئارتۇقچە نەرسە بولمىسىمۇ، ئۇمۇ نورمال بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن يولدىشىدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشقا، ئۆمرىنى بۇ مۇھەببەتنىڭ ھارارىتى بىلەن بەختلىك ئۆتكۈزۈشكە تامامەن ھەقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىدۇ. ئائىلىسىدىن ئېرىشەلمىگەن مۇھەببەتكە جەمئىيەتتىن، جۇملىدىن باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېرىشىشكە ھەم ھەقلىق بولسىمۇ، لېكىن «ئوربىتا» نىڭ تەسىر كۈچى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بۇنىڭدىن كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئاسىيە تراگېدىيىسى شەكىللىنىدۇ. ئاسىيە «بىز ئەرلەرگە ھەۋەس قىلىمىز، بىزنىڭمۇ ھاياتىمىزدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاچچىق ھاراقتىن قانغۇچە ئىچىپ، بۇ تەڭسىز دۇنيانى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى تىللاپ بىر تېپىنغا ئەرزىمەس قىلىۋەتكۈمىز كېلىدۇ. ئەرلىرىمىز خۇپپىيانە ئاشنا ئوينىغاندەك، بىزنىڭمۇ مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باققۇمىز، كىملەر بىلەندۇر خەت يېزىشقۇمىز، تېلېفوندا سۆزلەشكۈمىز كېلىدۇ. شۇنداق قىلالىغان ئاياللارنى ئاغزىمىزدا تىللىساقمۇ، كۆڭلىمىزدە ئۇلارغا ھەۋەس قىلىمىز، بىراق نېمىدۇر بىر نەرسە بىزنى توسۇپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. ئۇنى توسۇپ تۇرغان بۇ نەرسە — دەل «ئوربىتا». ئاسىيە دەل شۇ «ئوربىتا» نىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلىقتىن، تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئائىلە ناھايىتى مۇقەددەس جاي، ئائىلە قارىشى ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ زامانىۋى قاراش، ئائىلىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈشكە، شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ كونكرېت بولغان كىچىك بىر ئىجتىمائىي گەۋدە، لېكىن بۇ قاراشتا «سۆيگۈ-مۇھەببەت ئاللىقاچان يوقالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى بۇرچ، مەجبۇرىيەت، نەپرەت، ئۆچمەنلىك — ئۇزۇن يىل ساقلانغان زەھەردەك كۈچلۈك ئۆچمەنلىك» ئىگىلىگەن ئائىلىنىمۇ ساقلاپ قېلىش، داۋاملاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاسىيە دەل مۇشۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەچكە، ئاخىر تراگېدىيىلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئاسىيەنىڭ تراگېدىيىسى ماھىيەتتە ئابلىكىمدىن ئىبارەت شەخسىيەتچىنىڭ مۇقەددەس نىكاھ ۋە ئائىلىنى دەپسەندە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان تراگېدىيە، ئائىلە ھەققىدە ئاسىيەدەك ساددا چۈشەنچىدە بولۇپ كېلىۋاتقان مىللىتىمىز ئىچىدىكى بەختسىز ئاسىيەلەرنىڭ تراگېدىيىسى، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئەخلاق قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، مۇشۇ مەنىدىن مىللىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان تراگېدىيىدىن ئىبارەت.

ئاپتور ئەسەردە ئاسىيەنىڭ ئوي-خىيالى ئارقىلىق ئابلىكىمنىمۇ چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىدۇ. ئەسەردە ئابلىكىممۇ مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغۇچى شەخس سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ماھىنۇرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى تۈپەيلىدىن ماھىنۇر بىلەن بولىدىغان تويى ۋۇجۇدقا چىقمىغاندا، ئاسىيە بىلەن توي قىلىدۇ. ئۈيلەنمىگەن يەردىن ماھىنۇرنىڭ توي كۈنى ئۆلۈۋېلىشى ئابلىكىمنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقايمايدىغان جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاسىيەگە بولغان مۇئامىلىسىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ ئاسىيەنىڭ ۋۇجۇدىدىن ماھىنۇرغا خاس نەرسىلەرنى تاپالمايدۇ (خۇددى ئاسىيە ئابلىكىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىسكەندەرگە خاس نەرسىلەرنى تاپالمىغىنىغا ئوخشاش)، رېئال پاكىتنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەي، توي قىلىپ 16—17 يىلدىن كېيىنمۇ ئاسىيەنى ئازابلايدۇ، ئۆزىنىمۇ قىينايدۇ. رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك، ئابلىكىمگە نىسبەتەن مۇرەسسە قىلىش، ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشتىن باشقا يەنە، مۇھىمى، ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ پەرقىنى ئايرىش مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىدى، مۇشۇ نۇقتىدا كىتابخانىنىڭ ئابلىكىمنى مەغلۇپ بولغۇچى ھېسابلاپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇسى كەلسىمۇ، بىراق ئابلىكىم بارا-بارا بىر ئائىلە زومىگەرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبرازنىڭ كىتابخانلار قەلبىدە تۇتقان سالمىقى بارا-بارا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ھېسداشلىق ئوبيېكتى ئوخشاشلا ھايات تەرىپىدىن، جۈملىدىن ئابلىكىم تەرىپىدىن ئالدانغان، ئائىلىدە خورلانغان ئاسىيەگە ئالمىشىدۇ. ئابلىكىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ماھىنۇرغا بولغان مۇھەببەت ئەقىدىسىدىن شۇنچە تېز ۋاز كېچىپ، باشقا بىرىگە ئەمەس، دەل ماھىنۇرنىڭ يېقىن دوستى ئاسىيەگە ئۆيلەنگەنلىكى، ئابلىكىمنىڭ قەلبىدە ماھىنۇرغا نىسبەتەن ھەققىي مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە كىتابخاندا كۈچلۈك گۇمان پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئابلىكىم ئاسىيە بەختسىزلىكىنىڭ، شۇنداقلا ماھىنۇر ئۆلۈمىنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكارى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاسىيەلا ئەمەس، ھەتتا ماھىنۇرمۇ ئابلىكىم تەرىپىدىن ئالدانغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شەخس. ئابلىكىم ئاسىيەنى ئالداپ نىكاھىغا ئالىدۇ-يۇ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بەرمەيدۇ. ئۇ ئاسىيەنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جىسمانىي تەلەپتىن باشقا يەنە مۇھەببەتكىمۇ مۇھتاجلىقىنى، مۇھەببەتنىڭ گۈلگە ئوخشايدىغانلىقىنى، مۇھەببەت گۈلىنىڭ قۇياش نۇرىغا، ساپ ھاۋاغا، كۆيۈنۈش ۋە پەرۋىشكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. ئەتىدىن-كەچكىچە ھاراقلا ئىچىدۇ، ئۆزىگە ئوخشاش ھاراقكەشلەر بىلەن بىرگە «كەچ كىرىشى بىلەنلا قىزىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى پۈتۈن جاھاننىڭ خوجايىنىدەك سېزىشىدۇ، دۇنيانىڭ، مىللەتنىڭ ئۈستىدىن قايغۇرۇشىدۇ، يىغلىشىدۇ، تىللىشىدۇ، دۇنيانى باشقىدىن قۇرماقچى بولۇشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.» ئابلىكىم ئاسىيەنى دۇمبالاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئاسىيەنىڭ پەقەت جىسمىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئاسىيەنى مەنىۋى جەھەتتىن قايىل قىلالمايدۇ. شۇڭا كىچىك قىزى ئۇنى بالكوندىن تاشلىۋېتىشنى ئېيتسا، ئوغلى ئۇنىڭ ئۆز دادىسى بولۇپ قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئابلىكىم ئىنتايىن ئاجىز، بىچارە، ھەتتا ھەققىي بەختسىز بىر ئادەم. ئۇنىڭ بەختسىزلىكى ئاسىيەنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئاسىيەنىڭ بەختسىزلىكى كۈچلۈك تراگېدىيىلىك مۇھىت، تراگېدىيىلىك كەيپىيات، تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ، كىتابخان قەلبىدە چوڭقۇر ھېسداشلىق پەيدا قىلىدۇ،

بىراق ئابلىكىمنىڭ بەختسىزلىكى بولسا، ئۇنىڭ مەككار ۋە زالىملىقىنىڭ تېگىشلىك ئاقىۋىتى بولۇپ، كىتابخان بۇنداق بەختسىزلىكنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ شەخس گەرچە ئەسەردە بەدىئىي سەھنىگە بىۋاستە چىقمىسمۇ، لېكىن ئاسىيەنىڭ بۇ ئوبراز ھەققىدىكى ئوي-خىياللىرىدىن ئۇنىڭ ئاسىيە بەختسىزلىكىنىڭ جاۋابكارى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەمما ئۇ ئىرادە جەھەتتىن ئاجىز بولغىنى بىلەن كىتابخانغا خېلىلا يۇقىرى ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئابلىكىم ئوبرازىدىكى ئىرادە جەھەتتىكى ئاجىزلىق دەل ئۇنىڭ ئېستېتىكا جەھەتتىكى گۈزەللىكى ھېسابلىنىدۇ.

خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيەتكە كىرىشكىلى ئون يىل بولاي دەپ قالدى، بۇ ئون يىلدا ئۇ كۆپ دېگەندە ئون پارچە ئەسەر ئېلان قىلدۇرغاندۇ (بەلكىم مېنىڭ خالىدەنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوقۇغىنىم شۇنچىلىكتۇ). بۇ، ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ شۇ ئون يىلدىكى ۋاقىتتا ئون پارچىدەك كىتاب چىقارغىنى بىلەن سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. بۇ، ماخمۇت مۇھەممەت ئىجادىيىتىدە ساندىن باشقا مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس، ماخمۇت مۇھەممەتمۇ بىر تامچە سۇدا قۇياش نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. لېكىن زاماندىش، ھەتتا قۇرداش بولغان بۇ ئىككى يازغۇچىدىن خالىدەنىڭ ئىجادىيىتى شەيئىنىڭ ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش، بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىشتىن ئىبارەت روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» توپلىمىدىكى ھەربىر ئەسىرىدە ئايرىم-ئايرىم ئىپادىلىنىدۇ. «ئۇربىتا»دىمۇ ئاپتور بارلىق ماھارىتى ۋە تالانتىنى ئاسىيەنىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىشقا قاراتقاچقا، ئاسىيە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بولۇپمۇ پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ھەقىقىي جانلىق بىر ئادەم سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئاسىيە ھەركۈنى ھەرسائەتتە تالاي ئىشلارغا دۇچ كېلىدۇ، دۇچ كەلگەن ھەربىر ھادىسىگە قارىتا ئۇنىڭ ئېڭىدا بەلگىلىك ئىنكاس پەيدا بولىدۇ. ئاپتور ئەسەردە ھەممە نەرسىگە ئاسىيەنىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، ئۇنىڭ ئېڭى بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قىممەت ئۆلچىمى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە باھا بېرىدۇ. ئاسىيەنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئىنتايىن مول، ئۇنىڭ خىيالىدا ھامان ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كېلىچەك؛ ئۆي، ئىشخانا ۋە ساناتورىيە ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئىسكەندەرنىڭ سىماسى بىلەن ئابلىكىم ئورۇن تالىشىدۇ. بىر تال پوچتا ئاتكىرتكىسىنى كۆرۈش بىلەن ئاسىيەنىڭ خىيالى 20 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا كېتىدۇ؛ كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگىنىدە، تېلېۋىزور ئالدىدا سۇنايلىنىپ ياتقىنى ياتقان، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان باللىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ جاپادا ئۆتكەن، لېكىن تاتلىق ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان باللىق ۋاقىتلىرىنى ئويلايدۇ، ئۆز باللىرىنىڭ كېلىچىكىنى ئويلاپ باش قاتۇرىدۇ؛ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ، ئۇنى تۇغىدىغان چاغدىكى ھايات-ماماتلىق جىسمانىي ئېلىشىشنى، ئابلىكىمنىڭ شۇ چاغدىمۇ ئاسىيە بىلەن قىلچە كارى بولمىغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرىدۇ: كېيىنەك قوغلاۋاتقان قىزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆز ھاياتىنىڭ داۋامىنى، ئۆز ۋۇجۇدىدىن قىزىنىڭ كېلىچىكىنى كۆرگەندەك بولىدۇ؛ ئابلىكىم بىلەن بولغان مەنىۋى ئارىلىقى يىراقلاشقانسېرى، ئىسكەندەرنى شۇنچە

سىڭىنىدۇ... دېمەك، ئۇنىڭ ئاق ئېكرانىنى ئاپتور ھېچ ۋاقىت سۇرەتسىز قويمايدۇ. بارلىق ئىقتىدارىنى قەھرىماتىنىڭ ئاشۇ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى قېزىشقا سەرپ قىلغاچقا، ئەسلىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئاسىيەدىكى ئاق ھەرىكىتى كىتابخانغا ھەرگىزمۇ قالايمىقانچىلىق ۋە چۇۋالچاقلىق تۇيغۇسى بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇششاق-چۈششەك ئاق ھادىسىلىرى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ، خېلىلا تولۇق مەنىۋى پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىدۇ. ئاسىيە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قېزىلغانلىقى، ئۇنىڭ مەنىۋى تراگېدىيىسىنىڭ ئاساسەن روھىي دۇنيا تەسۋىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكى «ئوربىتا» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، خالىدە ئىسرائىلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، زامانىمىز ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ، شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئاسىيەنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى قېزىشنى مەقسەت قىلغاچقا، روھىي كەچۈرمىشنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان خاتىرە شەكلىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپلا كىتابخانلارنى ئاسىيەنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقە جەريانىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ، كونكرېت ۋەقەلىك بىلەن ئەمەس، كونكرېت ۋەقەلىكلەرنىڭ ئاسىيە قەلبىدە پەيدا قىلغان تۈرلۈك ئىنكاسلىرى بىلەن، قىسقىسى، ئاسىيەنىڭ مول ئىچكى كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخان ئاسىيەنىڭ سىرلىق قەلب قەسرىگە كىرىپ، بۇ ئوبراز ھەققىدە بىۋاستە چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ.

خالىدە ئىسرائىل بىر ئايال يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسەرلىرىدە نۇقتىلىق ھالدا ئاياللار تۇرمۇشىنى، ئاياللار مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنى ھەققىدە، نىكاھ ۋە مۇھەببەتى ھەققىدە چوڭقۇر بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزدى، ئاياللارنىڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرىنى، مول ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئاياللار قەلبىدىكى ئۆزگىرىشچانلىقنى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، كىتابخان ئاسان ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان ھەۋزىخان («قۇملۇقنىڭ چۈشى»)، رىسالەت («باھاردا ياغقان قار») قاتارلىق يارقىن ئوبرازلارنى ياراتتى. مۇشۇ ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاياللارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى قىلدى. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاياللارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەر خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى كۆپىنچە ئەرلەر بولغاچقىمىكىن، ئەيناۋۇر ئۇلاردا ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تازا ئىچكىرىلەپ كىرەلمەسلىكتىن ئىبارەت بىر ئاجىزلىق مەۋجۇت ئىدى. ئەگەر بۇنى بىر بوشلۇق دېيىشكە بولسا، خالىدە ئىسرائىل ئاشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى، «ئوربىتا» پوۋېستى ئۇنىڭ مۇشۇ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خالىدە ئىسرائىل ياراتقان ئايال ئوبرازلار ئومۇمەن تراگېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە، بۇ بەلكى، خالىدە ئىسرائىلنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ئەمەلىي ئىجتىمائىي ئورنىغا بولغان تونۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

مەسئۇل مۇھەررىر **سارەم ئىبراھىم**

تۇرسۇن ئەرشىدىن

# ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىسى بىلەن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار

— «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» ناملىق توپلام توغرىسىدا

1993-يىلى 8-ئاينىڭ 20-كۈنى نىلقا ناھىيىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، يىغىندا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەت — 1956-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ ئىمزا قويغان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن ل. مۇتەللىپكە ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى شەرەپنامە تۇنجى قېتىم ئاشكارە ئېلان قىلىندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد بۇ يىغىنغا ئاتاپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. يىغىندا ل. مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممىتى، ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا ھەرخىل نۇقتىلاردىن چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ل. مۇتەللىپ ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

ل. مۇتەللىپ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ نادىر باشلامچىلىرى ۋە ئاساسچىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان، كەڭ تەسىرگە ئىگە يالقۇنلۇق شائىر، ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى، ئىنقىلابىي قۇربان. ئۇ يالت قىلىپ چاقنىغان يۇلتۇزدەك، قىسقىغىنە ھاياتىدا بىزگە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى ئېتىبار بىلەن قولغا ئېلىنىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىشلار قىلىندى ۋە قىلىنماقتا. 1956-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۇنجى بولۇپ «مۇھەببەت ھەم

www.uyghurkitap.com



نەپرەت» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. شۇ يىلى يازغۇچىلار نەشرىياتى «مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» نى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاتتى. 1981-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ئەلقەم ئەختەم نەشرگە تەييارلىغان «ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى. 1981-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا «ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى. 1983-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى نەشرگە. تەييارلىغان «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەللەردىمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى بىر نەچچە خىل تىلدا ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىندى. «يىللارغا جاۋاب» 1951-يىلى ئالمۇتىدا «قازاق ئېلى» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى (ئەدەبىياتشۇناس قادىر ھەسەنوۋ نەشرگە تەييارلىغان). «يىللارغا جاۋاب» 1962-يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە «قازاق ئېلى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى (قادىر ھەسەنوۋ نەشرگە تەييارلىغان). «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» (تاللانما ئەسەرلەر) 1975-يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە «جازوشى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. (دوكتۇر مۇرات ھەمرايېۋ نەشرگە تەييارلىغان) «ياشلىق خوددى چاقماق» 1976-يىلى مۇسكۋادا «ھەقىقەت» نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇس تىلىدا نەشر قىلىندى (ئا. كورنوۋ بىلەن مۇرات ھەمرايېۋ رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان). «ياشلىق خوددى چاقماق» 1976-يىلى تاشكەنت شەھىرىدە غاپۇر غۇلام نامىدىكى نەشرىيات تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىندى (خەمىت غۇلام بىلەن روزى قادىرى تەرجىمە قىلغان). «ماي ناخشىسى» 1982-يىلى تاشكەنت شەھىرىدە رۇس تىلىدا نەشر قىلىندى («ياش گۋاردىيە» نەشرىياتى نەشرگە تەييارلىغان). «يىللارغا جاۋاب» 1983-يىلى تاشكەنت شەھىرىدە ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىندى (مۇرات ھەمرايېۋ نەشرگە تەييارلىغان)، شۇنداق قىلىپ، ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى ھەر خىل تىل ۋە ناملاردا 12 قېتىم نەشر قىلىندى.

ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرى 1959-يىلى مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان خەنزۇ تىلىدىكى «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئېنگلىز، فرانسۇز تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز ۋە بېيجىڭدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان كۆپلىگەن توپلام ۋە دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ قانچىلىك كەڭلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى مۇشۇنداق كەڭ تارقىلىپ، ئۇ ھەقتىكى تەتقىقات بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان پەيتتە، ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ئەينەن، توغرا، ئەينى زاماندىكى تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئېلان قىلىنىشى تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنداق قىلىش كەڭ كىتابخانلارغا، دەۋرگە، تارىختا مەسئۇل بولغانلىق؛ ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشىنىڭ، ل. مۇتەللىپتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازىنىڭ خۇنۇكلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى

ئالغانلىق. يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىدە كۆپلىگەن سەۋەنلىك، خاتالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر ئارقا-ئارقىدىن سادىر بولدى.

مەسىلىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى ئىچىدە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى 1982-يىلى نەشرگە تەييارلىغان، 1983-يىلى 8-ئايدا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» سۈپەت جەھەتتىن خېلى نوپۇزلۇق توپلام بولۇپ، ل. مۇتەللىپنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەسەرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەنمۇ بۇرۇنقى توپلاملاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. شۇڭا مەن ئاشۇ توپلامدا سادىر قىلىنغان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا تەپسىلىرەك توختىلىمەن:

## 1. توپلامنىڭ ماۋزۇسى توغرىسىدا

توپلامغا «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» دەپ نام قويۇلغان. بۇ نام ئۆز مەنىسىدىن ل. مۇتەللىپنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن توپلامنىڭ بېشىغا بېرىلگەن «كىرىش سۆز» نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «بۇ توپلامغا شائىرنىڭ جەمئىي 54 پارچە شېئىرى، ئۈچ فېلىيەتونى، ئىككى سەھنە ئەسىرى ۋە ئۈچ پارچە ماقالىسى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.» كىتاب نامى بىلەن ئىزاھات مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىگە زىت، شۇڭا ئۇ ھە دېگەندىلا كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ توپلامغا ل. مۇتەللىپنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەسەرلىرى تولۇق كىرگۈزۈلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ل. مۇتەللىپنىڭ كۆپ قېتىم ئېلان قىلىنغان، كىشىلەرگە ئاللىقاچانلا تونۇشلۇق بولغان «ھورۇن دېھقانغا» (1938-يىلى ماي، غۇلجا)، «قۇرۇمىز» (1939-يىلى يانۋار، غۇلجا)، «ئازادلىق ئۇرۇشىمىزغا» (1938-يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا)، «بىزنىڭ ئۇتۇقلار» (1939-يىل ئاۋغۇست، غۇلجا)، «تاڭ» (1939-يىل، ئۈرۈمچى)، «مىشچان قىز» (1941-يىل مارت، ئۈرۈمچى)، «ئازاد گۈلىستانى ياسار» (1941-يىل مارت، ئۈرۈمچى)، «تاڭ يورۇپ ئاتمىغان چاغدا» (1942-يىل، قەشقەر)، «تالماي كۈرەشتۇق» (1942-يىل ئاپرىل)، «ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا» (1943-يىل، ئۈرۈمچى)، «مەيلىمۇ» (1945-يىل ئاقسۇ)، «مۇھەببەتكە لەنەت» (1944-يىل، ئاقسۇ)، «كۈرەش قىزى» (1940-يىل ئاۋغۇست، غۇلجا)، «سازىڭنى جانىم» (1945-يىل، ئاقسۇ)، «بۈيۈك ماياك» (1942-يىل، ئۈرۈمچى)، «ماياكوۋىسكى سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تۇغى» (1942-يىل، ئۈرۈمچى)، «رۇس خەلقىنىڭ سادىق ئوغلى ئا.س.پۇشكىن» (1942-يىل، ئۈرۈمچى)، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» (1943-يىل، ئۈرۈمچى) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ئۇ توپلامنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان. بۇ ئەسەرلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەپلا قالماي، مەزمۇن جەھەتتىن 1938-يىلدىن 1940-يىلغىچە بولغان تارىخي دەۋرنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەسەرلەر ئىدى. ئەنە شۇنداق

بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى چەتتە قالدۇرغان توپلامغا «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» دەپ نام بېرىش تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

## 2. ئەسەرلەردىكى ۋاقىت، ئورۇن جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار توغرىسىدا

شۇنىسى ئېنىقكى، مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، شۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىت، باشقىچە ئېيتقاندا، ماكان، زامان بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. ئۇ مەلۇم مەنىدە شۇ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي كۆز قارىشى، تەپەككۇرى، بىلىم سەۋىيىسى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىق بىلىش، ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن ئەسەرلەرنىڭ ۋاقتىنى ئىلمىي ئاساستا، تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ھالدا بېكىتىش تولىمۇ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ل. مۇتەللىپ ئەدەبىي پائالىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلىش ۋە ئۆگىنىشتە بىۋاسىتە رول ئوينايدۇ. بىراق يۇقىرىقى توپلامدىكى ئەسەرلەرنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنىنى ئىلگىرىكى توپلاملار ۋە قول يازمىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا ئوخشىماسلىقلارنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. تۆۋەندە «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» دە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت، ئورۇن بىلەن 1980-يىلدىن ئىلگىرى نەشر قىلىنغان توپلاملاردىكى ۋاقىت، ئورۇننى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى:

«ئەپەندى بولماق» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1937-يىل نويابىر، غۇلجا» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1938-يىل نويابىر، غۇلجا» دېيىلگەن، «كۈرەشچان جۇڭگو خوتۇن-قىزلىرى» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1938-يىل مارت، غۇلجا» دېيىلگەن، ئەمما ئىلگىرىكى توپلاملاردا ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن؛ «كۆكلەم ئىشقى» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1938-يىل ئاپرېل، غۇلجا» دېيىلگەن، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1938-يىل» دېيىلگەن؛ «چىمەن» ناملىق شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1938-يىل ماي، غۇلجا» دېيىلگەن بولسا ئىلگىرى توپلاملاردا «1938-يىل، غۇلجا» دېيىلگەن؛ «جۇڭگو» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1938-يىل سېنتەبىر، غۇلجا» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1938-يىل ئۆكتەبىر» دېيىلگەن؛ «چوڭ كۈرەش قوينىدا» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1938-يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1938-يىل ئۆكتەبىر» دېيىلگەن؛ «كۈرەش ئىلھامى» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1938-يىل نويابىر، غۇلجا» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1938-يىل دېكابىر» دېيىلگەن؛ «ئىشلە دېھقان ئاكا» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1939-يىل ئاپرېل، غۇلجا» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1939-يىل ئاپرېل» دېيىلگەن؛ «جۇڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شاملىغا بۇيرۇقى» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1940-يىل مارت، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1939-يىل مارت» دېيىلگەن؛ «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن» شېئىرى

يۇقىرىقى توپلامدا «1942-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا ۋاقتى، ئورنى كۆرسىتىلمىگەن؛ «ماي — كۆرەشچان ئاي» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1942-يىل 1-ماي، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1942-يىل 18-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن؛ «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» شېئىرى يۇقىرىقى توپلامدا «1943-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1941-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى»، «1942-يىل، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن. «ياشلىق ئۆگەن» شېئىرىدە ئىلگىرىكى توپلاملاردا ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن ياكى «1942-يىل، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1943-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن؛ «پەرياد» شېئىرى ئىلگىرىكى توپلاملاردا «43 19-يىل ئىيۇن، ئاقسۇ»، «1945-يىل، ئاقسۇ» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا بېرىلگەن ئىزاھاتتا «1943-يىل 12-ئايدا ئاقسۇدا يازغان» دېيىلگەن؛ «ئىككى شېئىر» ماۋزۇسى ئاستىدىكى «دوستۇم...غا» شېئىرى ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1943-يىل ئاپرېل، ئاقسۇ» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1944-يىل مارت، ئاقسۇ» دېيىلگەن؛ يەنە بىر «دوستۇمغا» شېئىرى ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1942-يىل، قەشقەر» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1941-يىل، قەشقەر» دېيىلگەن؛ «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ» شېئىرى ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1944-يىل، ئاقسۇ» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1945-يىل ماي، ئاقسۇ» دېيىلگەن؛ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرى ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1944-يىل، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1944-يىل يانۋار، ئاقسۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردىن باشقا نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ۋاقىت، ئورۇنلىرىدىمۇ ئوخشاشماسلىقلار بار. مەسىلەن: «ئەجەل ھۇدۇقۇشىدا» ناملىق فېلىيەتون ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1943-يىل ماي، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1942-يىل 28-ماي، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن؛ «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فېلىيەتون ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1942-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1942-يىل ئۈرۈمچى» دېيىلگەن؛ «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» ئىلگىرىكى توپلاملاردا «1943-يىل» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى توپلامدا «1943-يىل ئۈرۈمچى» دېيىلگەن...

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ۋاقىت، ئورۇن جەھەتتىن بەزىلىرى ئاي، بەزىلىرى يىل پەرق قىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئورۇنلىرى ئوخشاشمايدۇ.

ئۇنداقتا «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى»نى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسەرلەرنىڭ ۋاقتى، ئورنى نېمىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن؟

يۇقىرىقى توپلامغا بېرىلگەن كىرىش سۆزدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ قېتىم لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا 1956-يىلدىكى ‹مۇھەببەت ھەم نەپرەت› توپلىمى، 1981-يىلى نەشر قىلىنغان ‹ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى›گە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، شائىرنىڭ يېقىندىن تېپىلغان بىر

قىسىم ئەسەرلىرى قوشۇپ نەشر قىلىندى.» بۇ ئىزاھاتتىن مەلۇمكى، يۇقىرىقى توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئەسلى قول يازمىلار. ئەينى زاماندىكى گېزىت-ژۇرناللارغا باشتىن-ئاياغ قايتا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى 1956-ۋە 1981-يىلى نەشر قىلىنغان توپلاملار ئاساسىدا تەييارلانغان. ئەمسە بۇ ئىككى توپلام ئەسلى نۇسخىلار، ئەسلى كۆپىيلەر ئاساسىدا تەييارلانغانمىدى؟

بۇنىڭغا 1956-يىلدىكى توپلامغا كىرىش سۆز يازغان مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «بىز تالانتلىق شائىرىمىز ل. مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ قولىمىزدا ھازىرغا بار بولغان شېئىرلىرىنىلا مۇشۇ (مۇھەببەت ھەم نەپرەت) توپلىمىغا كىرگۈزۈپ كىتابخانلىرىمىزغا سۇنماقتىمىز.»

1981-يىل نەشر قىلىنغان توپلامغا پىشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەم كىرىش سۆز يازغان، ئۇ كىرىش سۆزدىن يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب تېپىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىككى توپلامدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى كۆپىيە ۋە قول يازمىلارغا بىر-بىرلەپ تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ چىقىلغانلىقىغا ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، 56-يىلدىكى توپلام «ل. مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش» قىستاپ كەلگەن پەيتتە نەشر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى كۆپىيە ۋە نۇسخىلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرمەي «ھازىرغا بار بولغان شېئىرلىرىنىلا...» كىتابخانلارغا سۇنۇش ئاساسىدا چىقىرىلغاندى. 81-يىلدىكى توپلام ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى «10 يىللىق بالايى ئاپەت» ئىچىدە زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن چىقىرىلغان بولغاچقا، ئۇ چاغدا ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى كۆپىيلىرىنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. شۇڭا ئەسلى نۇسخىلارغا تەپسىلىي سېلىشتۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى ئىككى توپلام شەخسىي تىرىشچانلىققا تايىنىپ توپلانغان ۋە نەشرگە تەييارلانغان بولغاچقا، جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن قول يازما ۋە كۆپىيلەرنى تېپىش، ئەينى يىللاردىكى گېزىت-ژۇرناللار ئارخىپىنى كۆرۈش شەخسنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى» بولسا زور بىر ئورگاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارغاچقا ھەممە ئىمكانىيەتلەر تولۇق ئىدى!

## 3. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇندىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا

ل. مۇتەللىپ تەتقىقاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ل. مۇتەللىپنىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ئىلمىي ئاساستا ئەستايىدىل رەتلىشىمىز، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلىشىمىز، ھەتتا ل. مۇتەللىپ تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان خاتالىقلارنىمۇ يەڭگىللىك بىلەن «توغرىلاشقا»، «تۈزەشكە» ئالدىرىماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى ئۇلار ئۆتكەن، مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغان تارىخنىڭ ئىزناسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئەينەنلىكى بىلەنلا قىممەتلىك. ھالبۇكى «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» توپلىمىدا بۇ تۈپ مەسىلىگە بەكمۇ سەل قارالغان. نەتىجىدە ل. مۇتەللىپ

ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى، قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ، ئەينەنلىكىگە زور نۇقسان يەتكەن.
ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ل. مۇتەللىپ ئەسلى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇندىن يىراقلاپ
كەتكەن. تۆۋەندە بىر نەچچە مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:
«خەلقىمگە» شېئىرىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى يۇقىرىقى توپلامدا «سۆيۈملۈك
خەلقىم، قۇۋۋەتلىك ساپ نۇر بول» دەپ ئېلىنغان، ئەمما ئىلگىرىكى توپلاملاردا
«ھەي، جېنىم خەلقىم، قۇۋۋەتلىك ساپ نۇر بول» دېيىلگەن. «سۆيۈملۈك خەلقىم»
بىلەن «ھەي، جېنىم خەلقىم» نىڭ مەنە جەھەتتە روشەن پەرقى يوقتەك
كۆرۈنسىمۇ، ئەمما «سۆيۈملۈك خەلقىم» گە قارىغاندا «ھەي، جېنىم خەلقىم»
دە تەبىئىي ھېسسىيات، كۈچلۈك ئىنتونانسىيە ئىپادىلەنگەن، ئەينى زاماندىكى خەلق
تىلىنىڭ يۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ل. مۇتەللىپنىڭ ساددا، ئۇقۇشلۇق
خەلق تىلى ئارقىلىق شېئىرنى يېقىملىق، جاراڭلىق تۇسكە كىرگۈزۈش ماھارىتى ئەكس
ئېتىپ تۇرىدۇ.
«ئەپەندى بولماق» شېئىرىنى ئالساق، ئۇ يۇقىرىقى توپلامدا:

«— بۇ يىل ئون ئىككى يىل بولۇپ قالدى ئۇكام،
بۇ ئەپەندى بولماق مېنى بىر بالاغا سالدى ئۇكام.
شۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە ساقىلىمنى قىرىپ يۈردۈم،
كەينى يىرىق چاپانلارنىمۇ كىيىپ يۈردۈم.
لېكىن ‹ئەپەندى› دېگۈچىلەرنى ھېچ كۆرمىدىم ئۇكام.
بىر جاۋاب بەرسىڭىزچۇ ‹ئەپەندى› دېمەسكە يەنە نېمە كەم؟
— غەم يېمەڭ ئاكا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ زاماندا بەك ئاسان،
ھازىر توپ-توغرا ماگىزىنغا بارىسىز،
ئازىراق پۇلىڭىزغا كاستيۇمدىن بىرنى ئالسىز،
يەنە ‹كازىبېك› تىن يانچۇققا بىرنى سالسىز،
يەنە ئالسىز ئاق كۆڭلەك ۋە ئۇزۇن گالستۇك،
بىر سېرىق شىبلىت كىيسىز ئاندىن ئۇنى موك.
تاماكىڭىزنى قىڭغىر چىشلەپ يۈرۈۋېرىڭ،
سىزنى ‹ئەپەندى› دېگۈچىلەرنى كۆرۈۋېرىڭ.»

دەپ ئېلىنغان. بۇنى ئىلگىرىكى نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، يىگىرمىدىن ئۇشۇق
سۆزنىڭ ئۆزگەرتىلگىنىنى كۆرىمىز. كۆپ ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن ئەينى زاماندىكى تىل
ئادىتىدىكى ئۆزگىچىلىك يوقىتىۋېتىلگەن. ئەسلىگە قاراپ باقايلى (ئاستى سىزىپ
قويۇلغان جايلار ئەسلىسىنى كۆرسىتىدۇ):

بۇ يىل دەل ئون يىل بولۇپ قالدى ئۇكام،
بۇ ئەپەندى بولماق مېنى بىر بالاغا سالدى ئۇكام.
شۇ ئون يىل ئىچىدە ساقىلىمنى قىرىپ يۈردۈم،
كەينى يىرتىق چاپانلارنىمۇ كىيىپ كۆردۈم،
لېكىن «ئەپەندىم» دېگۈچىلەرنى ھېچ كۆرمىدىم ئۇكام.

www.uyghurkitap.com



بىر جاۋاب بەرسەڭچۇ دېمەسكە نىمە سەۋەب بار؟
— غەم يېمە ئاكا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ زاماندا بەك ئاسان،
هازىر توپتوغرا چوڭ ماگىزىنغا بارسەڭ،
ئازىراق پۇلۇڭغا كاستيۇمدىن بىرنى ئالسەڭ،
«كازىبېك» تىن يانچۇققا بىرنى سالسەڭ،
يەنە ئالسەڭ ئاق كۆڭلەك ھەم ئۇزۇن گالستۇك،
بىر سېرىق شىبلىت كىيسەڭ مېڭىپ توك-توك،
تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ ئاندىن يۈرۈۋەر،
سېنى «ئەپەندىم» دېگۈچىلەرنى ئاندىن كۆرۈۋەر.

«دېھقىنىمغا» دېگەن شېئىرنىڭ بىرىنچى كۆپلېتى يۇقىرىقى توپلامدا:

«قىشلار كەتتى،
كۆكلەم يەتتى،
كۈنىنىڭ نۇرى
چېچىلدى»

دەپ ئېلىنغان. بۇ كۆپلېتتىكى «چېچىلدى» سۆزىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى. كۈن نۇرى قانداق ۋاقىتتا «چېچىلىدۇ»؟ بۇ يەردىكى «چېچىلدى» سۆزى كۈن نۇرىنىڭ ئەتراپقا سېپىلىشقا تاقانلىقى، چۇشۇۋاتقانلىقى، تارقىلىۋاتقانلىقى، قىسقىسى، يەر يۈزىنى يورۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سوراپ كۆرەيلى، كۈن نۇرى يەر يۈزىنى زادى قانداق چاغدا يورۇتىدۇ؟

يۇقىرىقى كۆپلېتتىكى سۆزلەردىن كۈن نۇرى پەقەت قىشلار كېتىپ، كۆكلەم كەلگەندىلا ئاندىن يەر يۈزىنى يورۇتىدىغاندەك، باشقا چاغلاردا يورۇتمايدىغاندەك كۈلكىلىك مەنە چىقىدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ ئەسلى شېئىرىگە قارايلى:

«قىشلار كەتتى،
كۆكلەم يەتتى.
كۈنىنىڭ نۇرى
كۈچەيدى.»

دېمەك ل. مۇتەللىپ ئەسلىدە «چېچىلدى» سۆزىنى ئەمەس، «كۈچەيدى» سۆزىنى ئىشلەتكەن! كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاشۇ «كۈچەيدى» سۆزىنىڭ «چېچىلدى» دەپ ئۆزگەرتىلىشى مەزمۇن، مەنتىق جەھەتتىن تامامەن ئورۇنسىز بولغان.

«كۈرەشچان جۇڭگو خوتۇن-قىزلىرى.» شېئىرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى ئەسلىدە مۇنداق ئىدى:

«ئۆتمۈشنىڭ تار يوللىرى قالغاچقا ئارقىدا،
ماڭىمىز، ئېچىلدى
ئالدىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئىز.»

ئەمما ئۇ يۇقىرىقى توپلامدا:

«ئۆتمۈشنىڭ تار يوللىرى قالدى ئارقىسىدا،

ماگىمىز، ئېچىلدى

ئالدىمىزدا داغدام يول، ئىز.»

دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ، 1938 - يىلى غۇلجىدا يېزىلغان شېئىر بولۇپ، ئەينى چاغدا يېڭىلا تەختكە چىققان شىڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش كويىدا بەزى ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويغاچقا، ئۇنىڭدىن مەدەنىيەت، مەرىپەت مەنزىلگە قاراپ قەدەم تاشلاشنىڭ ئىزلىرىنى بايقىغان ل. مۇتەللىپ ئۇنى ئۆز شېئىرىدا يۇقىرىقىدەك ئىپادىلىگەنىدى. مۇنداق ئىپادىلەش بىر جەھەتتىن، ئەينى چاغدىكى ئەمدىلا بىخ سۈرۈۋاتقان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخي ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن، ل. مۇتەللىپنىڭ سۆز تاللاش ۋە ئىشلىتىش ئادىتىگە ماس كېلەتتى. ئەمما ئۇنى كېيىنكىدەك «ئالدىمىزدا داغدام يول، ئىز» دەپ ئۆزگەرتىش تارىخي رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «داغدام يول» ئاتالغۇسى يېقىنقى يىللاردا ياسالغان سۆزلەرگە تەۋە بولۇپ، ئۇ سۆزنى 30 - يىللار مەتبۇئاتىدىن تېپىش تەس. «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» شېئىرىدىكى 1 - كۇپلېت 3 - مىسرا ئەسلىدە «ھەر قەدەمدە كونا تۇرمۇش بىلەن قىرىشىپ تۇرساق» بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «قىرىشىپ» سۆزى «ئېلىشىپ» دەپ؛ 8 - كۇپلېت 2 - مىسرانىڭ بېشىدىكى «بۇنى كۆرۈپ ئىستىبداتچىلار» سۆزى «ئىستىبداتچى قارا كۈچلەر» دەپ؛ 9 - كۇپلېت 2 - مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «... ئىشلاردا قىلمىسا مىننەت» سۆزى «... ئىشلارغا قىلسا جۈرئەت» دەپ؛ 10 - كۇپلېت 1 - مىسرادىكى «بۇزۇق نىيەت مىللەتچىلەرنى قىرىپ تۇرساق» سۆزلىرى «مىللەتچىلىك يىلتىزىنى يۇلۇپ تۇرساق» دەپ؛ 12 - كۇپلېت 3 - مىسرادىكى «قۇۋۋەتلىك» سۆزى «ھەيۋەتلىك» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ شېئىرنىڭ يەتتە جايىغا چوڭ - كىچىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، بۈگۈنكى دەۋرگە ناھايىتى ياخشى لايىقلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ل. مۇتەللىپنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي بىلىم سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى كۆزىتىشىگە ناھايىتى زور توسالغۇ پەيدا قىلغان. چۈنكى ل. مۇتەللىپ ئۇ شېئىرنى يازغان چاغدا تېخى 16 ياشقا تولمىغان بولۇپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي بىلىمى يۇزە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ «سىنىپ»، «مىللەت» توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولمىغاچقا، «سىنىپىي كۈرەش» بىلەن «مىللىي كۈرەش»، «مىللىي ئىنقىلاب» نىڭ پەرقىنى روشەن ئايرىپ كېتەلمىگەنىدى. شۇڭا مىللەتچىلىك تەرەققىي قىلىپ ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان ھەمدە تېخىمۇ غالجىرلىشىپ خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ھالەتكە يەتكەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ خاراكتېرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، دۈشمەن قاتارىدا يوقىتىلىدىغانلىقى، ل. مۇتەللىپنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «قىرىپ تۇرۇش» دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدىغانلىقى، بۇ جەرياندىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىنى ئايرىيالمىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ «بۇزۇق نىيەت مىللەتچىلەرنى قىرىپ تۇرساق» دېگەن پىكىرنى ساددا ھېسسىيات بىلەن ئوتتۇرىغا ئاتقانىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشى،

دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى ئىپادىسى. ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىدىكى ئەنە شۇنداق قىممەتلىك ئەينەنلىكلەر ئۆزگەرتىلىپ، «مىللەتچىلىك يىلتىزىنى يۇلۇپ تۇرساق» دېگەندەك سىپايە ۋە بۇگۇنكى پىشقان سىياسەتچىلەرنىڭ يولىيورۇقلىرى ھالىتىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇ چاغدا ل. مۇتەللىپنىڭ ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەردىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟

«چىمەن» ناملىق شېئىرنىڭ 1 ـ مىسراسىنىڭ ئاخىرىدىكى «تىنمايدۇ» دېگەن سۆز «ھارمايدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ھەرقانچە ئىشچان ئادەمنىڭمۇ ھارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما تىنىم تاپماسلىقى مۇمكىن.

شۇ شېئىرنىڭ «ئىشلاردا ئۆزۈپ، مولجا قامدايدۇ» دېگەن مىسراسى «ئىشلاردا ئۆزۈپ، مۆلچەر قامدايدۇ» دەپ، ئۆزگەرتىلگەن. «مولجا» سۆزى نىشان، مەنزىل، پەللە، دېگەن مەنىدە، «مۆلچەر» بولسا دەگسەش، دىتلاش، پەرەز قىلىش دېگەن مەنىدە، بۇلارنى ئۆزگەرتىلگەن مىسرادىكى ئورۇنلارغا قويساق، بۇنىڭدىن نېمە مەنە چىقىدۇ؟!

بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتى ئەسلىدە:

«مەكتىپى تۇگسە، ئاتا ـ ئانىسى كۆنسە،
كىرىپ گىمنازىيىگە، ئوقۇشنى ئويلايدۇ.
ئىلىم ئوقۇپ نىيەتكە، چۈشىنىپ سىياسەتكە،
ئەل ـ ئارا خىزمەتكە بىر يوللا بويلايدۇ.
چىمەننىڭ مەقسىتى شۇــ ئاگا يەتمەكچى ئۇ،
ئېيتىپ ناخشىلار خۇشال ئوينايدۇ.
دەۋر چىمەنلىرىگە، بەرگە سالام،
مۇتەللىپ يۈرىكىگە ئىلھام قادايدۇ.»

دەپ يېزىلغان. ئەمما ئۇ يۇقىرىقى توپلامدا:

«ئوقۇش تۈگسە، ئاتا ـ ئانىسى كۆنسە،
يەنە مەكتەپتە ئوقۇشنى ئويلايدۇ.
ئىلىم ئوقۇپ نىيەتكە، چۈشىنىپ سىياسەتكە،
ئەل ئارا خىزمەتكار بىر يوللا بويلايدۇ.
چىمەننىڭ مەقسىتى شۇ ــ ئاگا يەتمەكچى ئۇ،
ئېيتىپ «قوزغال» نى خۇشال ئوينايدۇ.
دەۋر چىمەنلىرى بەرگەندە سالام
مۇتەللىپ يۈرىكىدە ئىلھام قاينايدۇ.»

دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىدىكى شېئىر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇندىن يەنە يىراقلاپ كەتكەن، بولۇپمۇ «ئېيتىپ ‹قوزغال› نى خۇشال ئوينايدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگىنى تېخىمۇ چاتاق.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بۇ شېئىرنىڭ 5 ـ كۇپلېت 1 ـ مىسراسىنىڭ «تېخى چىمەنگۈل بەشىنچى بۇ يىل» دېگەنگە بىرلىگەن «شائىر بۇ يەردە

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5-يىللىقنى كۆزدە تۇتىدۇ» دېگەن ئىزاھاتىمۇ خاتا. چۈنكى، ل. مۇتەللىپ ياشىغان 30-يىللاردىن تارتىپ 70-يىللارغا قەدەر باشلانغۇچ مەكتەپلەر بەش يىللىق بولغان ئەمەس.

ئەمدى ئەسلى ئەسەر بىلەن ئۆزگەرتىلگىنىنى سېلىشتۇرۇپ يەنە بەزى مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«جۇڭگو» شېئىرىغە مۇنداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن.

4-مىسرانىڭ ئەسلى:

«سېنىڭ ئۇماق

ئۆزگەرتىلگىنى:

سېنىڭ ئۇماق قوينۇڭدا

12-مىسرانىڭ ئەسلى:

ئۇ توغرۇلۇق جېنىمىز پىدا

ئۆزگەرتىلگىنى:

بۇ يولدا جېنىمىز پىدا

26-مىسرانىڭ ئەسلى:

گۆشىڭنى ئۇشتىلگەن ئىدى.

ئۆزگەرتىلگىنى

گۆشىڭنى شۇلگەن ئىدى

27-مىسرانىڭ ئەسلى:

ھەم تەييارتاپ

ئۆزىچە «دانىشمەنلەر»

ئۆزگەرتىلگىنى:

ھەم تەييارتاپ جاھانگىرلار

53-، 54-مىسرانىڭ ئەسلى:

بىز ئاچتۇق،

ئازادلىق كۆرەشلەر قىلدۇق.

ئۆزگەرتىلگىنى:

بىز ئاچتۇق يېڭى يول،

ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەشلەر قىلدۇق.

ئۆقىرىقىلاردىن سىرت 56-مىسرادىن كېيىن

«مانا ئەمدى كونا تارىخ،

بولدۇ ئاق يېڭى تارىخ»

دېگەن ئىككى مىسرا چۈشۈپ قالغان.

«كەل يېڭى يىل» شېئىرىنىڭ ئەسلى مۇنداق ئىدى:

خوش، كونا يىل، بىز بىلەن سەن خېلى زامان يۈرۈپ كەلدىڭ.
كەل يېڭى يىل، بىزگە شەرەپلىك شانلار ئېلىپ كەلدىڭ.
كونا يىلنىڭ چالسىنى تۈگىتىپ، يېڭى ئىش باشلا دەپ كەلدىڭ.
يېڭى ئۈتۈق مەيداندىن خوش خەۋەرلەر ئېلىپ كەلدىڭ.
تىركىشىشتىن ئاتاكىغا كۆكرەك كىرىپ ئۆتكەندە بىز،
شەك-شۈبھىسىز ئاداققى كۆرەش سازىنى چېلىپ كەلدىڭ.
نەس ھاياتى گۇم بولۇپ، تۈگەۋاتقان جاھانگىرلارغا
كۆزىگە ئوق، كۆكرىكىگە نەيزىلەر سېلىپ كەلدىڭ.
لەنەت ئوقۇپ جاھانگىر باشلىغان قانلىق ئۇرۇشقا،
مەزلۇملارغا كۆز ئويىنىتىپ خۇشال جىلۋىلەر قىلىپ كەلدىڭ.
ساپ كۆچىنى دات باسمايدۇ، ئۇ ھەردەم شوخ جاراڭلايدۇ،
ھەقىقەت سەن، ئەزگۈچىلەرنىڭ كۆكسىنى تىلىپ كەلدىڭ.
كەل يېڭى يىل، ئۈتۈق گۈللىرىگە پۈركەيلى بىز سېنى،

بىز ئۇچۇن شان-ئۇتۇقنىڭ كان يوللىرىنى ئېچىپ كەلدىڭ.
بۇ شېئىر يۇقىرىقى توپلامدا مۇنداق ئۆزگەرتىلگەن:

خوش، كونا يىل، بىز بىلەن سەن خېلى زامان يۈرۈپ كەلدىڭ،
كەل يېڭى يىل، بىزلەرگە سەن شەرەپ-شانلار ئېلىپ كەلدىڭ.
كونا يىلغا قويۇپ چېكىت، باشلا يېڭى ئىشلارنى دەپ،
يېڭى ئۇتۇق مەيدانىدىن خوش خەۋەرلەر ئېلىپ كەلدىڭ.
تىركىشىشنى ئاتاكىغا كۆكرەك كېرىپ ئۆتكەندە بىز،
شەك-شۈبھىسىز، قەتئىي كۈرەش سازىنى سەن چېلىپ كەلدىڭ.
نەس ھاياتى ئاخىرلىشىپ جان تالاشقان جاھانگىرلارنىڭ
كۆزىگە ئوق، كۆكرىكىگە نەيزىلەرنى ئېتىپ كەلدىڭ.
بېرىپ زەربە جاھانگىرلىك باشلىغان شۇم ئۇرۇشلارغا،
مەزلۇملارنىڭ قەلبىگە شاد-خۇشاللىقنى سېلىپ كەلدىڭ.
يېڭىلمەيدۇ ھەق-ئادالەت، سازى ھەردەم جاراڭلايدۇ،
ھەققەتنىڭ گۈرزىسىدە دۈشمەن كۆكسىن تىلىپ كەلدىڭ.
كەل يېڭى يىل، سېنى ئۇتۇق گۈللىرىگە پۈركەيلى بىز،
سەن بىز ئۈچۈن شان-ئۇتۇقنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ كەلدىڭ.

14 مىسرالىق بۇ شېئىرنىڭ 12مىسراسىدىكى ئوتتۇزدىن ئوشۇق سۆزگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن.

«چوڭ قەھرىمان ئويغاندى» شېئىرىنىڭ 1-مىسراسىدىن باشقا مىسرالاردىكى 70 تىن ئوشۇق سۆزگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا بۇ يەردىمۇ ئەسلى شېئىر بىلەن ئۆزگەرتىلگەن شېئىرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

ئەسلىسى:

شۇنداق، بۇ زور كىشى-بۈيۈك كىشى ئۇزۇن يىللار ئۇخلاپ ياتتى،
سوزۇلۇپ دۇنيانىڭ ئون ئىككىدىن بىرىگە كۈچلۈك پۇتلىرىنى ئۇزاتتى.
«ئۇخلىسۇن، ئويغانمىسۇن» دەپ قىبرى قانخور، غالجىر،
تىرىك قىرغىچ ئەپيۇننى بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭغا ساتتى.
دۇنيا ئۆمۈچۈكلىرى شوراشقا بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ،
تىرىك تاپلىق تورلىرىنى ئۈستىگە قويۇق توقۇپ تارتتى.
بۇ شوراشلارغا چىدالماي نەچچە قېتىم تېپىرلىسىمۇ،
ئۆمۈچۈك مالايلىرى، شېرىن سۆزلەپ، ياۋاشلاتتى.
غالجىر ئۆمۈچۈكلەر تىكەنلىك پۇتى بىلەن ئۈستىدە ماڭسىمۇ،
ئۇنىڭ تارىختا ئادەمگەرچىلىك نامى مەغرۇر جاراڭلايتتى.
ساپ قاننى شوراپ قورساق سالغان پاكار، سېرىق غالجىرلار،
بۇ زور كىشىنىڭ يۈرەك باغرىن سۇغۇرۇشقا كۆز ئالايتتى.
ھەر بىر ئىپلاس تۆككىگە ئوق، بومبا گازلارنى چېچىپ،

تىكەنلىك پۈتىنى بۇ ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە ئۈزاتتى.
لوگۇچياۋدا شۇنىڭدىن چۇشۇپ پارتلىغان توپ ئاۋازلىرى
ئۇخلاپ ياتقان زور كىشىنى ئورنىدىن دەسسىدە ئويغاتتى.
قانغا بوياپ « پات ھەل قىلىمەن » دەپ ۋارقىرىغان پاكار ئىتلار،
ئويغانغان زور قەھرىماننىڭ يۈرىكىدە ئوتلۇق غەزەپ قوزغاتتى.
« قۇللۇقنى خالىمايمەن، قەتئىي مىراس ئەمەس ماڭا » دەپ،
كۆرەش كەمىرىنى باغلاپ مەيداندا قىلىچ ئوينىتاتتى.
ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ كۆرەشكە قەدەم باسقاندا،
ئۇنىڭ رېئال خىيالىدا ئازادلىقنىڭ چوغ تېگى ئاتتى.
چوڭ پۈت، يوغان گاڭ قوللاردا مىجىقلانغان ئىپلاسلار
چۈن جېنى بىلەن تاغ كۆتۈرىمەن دەپ پاتقاقتا پاتتى.
ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئىسكىلىتقا ئايلانغان يىلانلار،
ياڭزىجياڭ قاينىمىغا سەكرەشنى ئويلاپ بېشى قاتتى.
چوڭ قەھرىمان ئۇچىنچى سېگنالنى چالدۇ ئەمدى،
دېمەك جوڭخوا تۇغىنى ئازاد مەيدانغا ئورناتتى.

ئۆزگەرتىلگىنى:

شۇنداق، بۇ زور بۈيۈك كىشى ئۇزۇن يىللار ئۇخلاپ ياتتى،
دۇنيانىڭ ئون ئىككىدىن بىرىگە پۈتلىرىنى ئۇزاتتى.
« ئۇخلاۋەرسۇن، ئويغانمىسۇن » دېدى قېرى قانخور، غالجىر،
تىرىك قىرغۇچ ئەپيۇننى زورلاپ ئۇنىڭغا ساتتى.
ئۆمۈچۈكلەر قان شوراشقا بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ،
تىرىكتاپلىق تورلىرىنى ھەر تەرەپكە توقۇپ تارتتى.
بۇ شوراشقا چىدىماستىن تىپىرلىسا نەچچە قېتىم،
ئۆمۈچۈكنىڭ مالايلىرى « شېرىن » سۆزلەپ ياۋاشلاتتى.
ئۆمۈچۈكلەر تىكەنلىك پۈت بىلەن چەيلەپ يۈرسىمۇ گەر،
لېكىن ئۇنىڭ چىن ئىنسانلىق نامى مەغرۇر جاراڭلايتتى.
ساپ قان شوراپ قورساق سالغان ياپون پاكار غالجىرلىرى،
بۇ زور كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى سۇغارماق بوپ كۆز ئالايتتى.
ھەر بىر ئىپلاس تۈكىگە، زەھەرلىك گاز بومبا ئېسىپ،
بۇ ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە شۇم تىكەنلىك قول ئۇزاتتى.
لوگۇچياۋغا دۈشمەن ئاتقان توپ زەمبىرەك ئاۋازلىرى
ئۇخلاپ ياتقان زور كىشىنى ئۇيقۇسىدىن دەل ئويغاتتى،
قانغا بوياپ « پات ھەل قىلىش » دېگەن پىلان-ۋارقىراشلار
چوڭ قەھرىمان يۈرىكىدە ئوتلۇق غەزەپلەر قوزغاتتى.
« قۇللۇق نومۇس... ئۇخلاۋېرىش مىراس ئەمەس ماڭا » دەپ ئۇ،
باغلاپ كۆرەش كەمىرىنى مەيدان ئارا ئات ئويناتتى.

« ئۆلۈم يا كۆرۈم » دەپ ئۇ چوڭ كۈرەشكە باستى قەدەم،
شۇ چاغ گويا كۆز ئالدىدا ئازادلىقنىڭ تېڭى ئاتتى.
كۈچلۈك بىلەك، گاڭ قوللاردا مىجىقلاندى شۇم چىۋىنلەر،
تاغ كۆتەرمەك بولغان چىۋىن شۇ چاغ پاتقاق ئىچرە پاتتى.
ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ، ئىسكىلىتكە ئايلانغان يىلانلار
يالۇجياڭ قاينىمىدا يول تاپالماي بېشى قاتتى.
چوڭ قەھرىمان چالدى مانا ئاتاكىنىڭ سىگنالىنى،
غالىپ جۇڭگوغا تۇغىنى ئۇ ئازاد مەيدانغا ئورناتتى.

« ماي، كۈرەشچان ئاي » شېئىرىنىڭ 3-كۆپلېتىدىن تارتىپ ئۆزگەرتىلگەن جايلار يىگىرمىدىن ئوشۇق. ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى مۇنداق:

ئەسلىسى:

................
ئىمپېرىيالىستلارنىڭ قانلىق قامچىسىدىن،
قان تامغان ھەربىر ماكاندا،
كەسكىن كۈرەش-ئۇلۇغ كۈرەشلەر
تىترىتىدۇ ئۆلۈمگە يول ئالغان چىرىك دۇنيانى.
دولقۇنلۇق نامايىشلار...
ئېگىز كۆتۈرۈلگەن مىليون مۇشتۇملار،
تەلەپ قىلىدۇ قەتئىي بىر ئېغىزدىن،
ھۆر-سائادەت، ئەركىنلىك، ئازادلىقنى.
بىرىنچى ماي، كۈرەشچان ئاي، چېلىشقا باي
ئازادلىق ئۈچۈن چېلىشىدۇ ھارماي.
ئۆتمۈشتە بۇ كۈرەشچان مايدا
نومۇسلۇق ھەم پاجىئەلەر،
قايغۇلۇق ۋەقەلەر،
تىزىلىپ ئۆتكەن،
كوچا-كوچىلارغا تولغان سانلار،
بىھۇدە تۆكۈلگەن قىپقىزىل قانلار،
دۇنيا تارىخىغا يېزىلىپ ئۆتكەن.
بىكار ئاقمىدى،
ئۇ قانلاردىن گۈلستان ئۈندى،
ماي پۇراقلىرى دۇنيا ئەھلىگە شۇنى تاپشۇردى:
بۇندىن كېيىن مەزلۇملار
شۇ دەسسەلگەن نومۇسىنى،
قارا داغلارنى ئاقلايدۇ.
جاندىن ئەزىز ئۇلۇغ ۋەتەننى
قەھرىمانلارچە كۆرسىتىپ،
ئازاد قىلىپ ساقلايدۇ.
كۆپچىلىكنىڭ ئازادلىقنى
ئەبەدىي ياقلايدۇ.
بىرىنچى ماي، كۈرەشچان ئاي، چېلىشقا باي،
چېلىشمىز ھۆرلۈك يولىدا ھارماي.

تويلامدا ئۆزگەرتىلگىنى:

............
جاھانگىرلارنىڭ قانلىق قامچىسىدىن
قان تامغان ھەربىر ماكاندا،
كەسكىن كۈرەش
ئۇلۇغ تەۋرەشلەر
تىترىتىدۇ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن چىرىك دۇنيانى.
دولقۇنلۇق نامايىشلار...
ئېگىز كۆتۈرۈلگەن مىليون مۇشتلار،
تەلەپ قىلىدۇ بىر ئېغىزدىن
ھۆر، سائادەت، ئەركىنلىكنى.
بىرىنچى ماي، كۈرەشچان ئاي، چېلىشقا باي...
ئازادلىق ئۈچۈن كۈرىشىدۇ ھارماي...
جۇڭگودا بۇ كۈرەشچان مايدا
نومۇسلۇق ھەم پاجىئەلەر،
قايغۇلۇق ۋەقەلەر
تىزىلىپ ئۆتكەن،

جىنەن كوچىلىرىغا تولغان قانلار،
جۇڭخوا تارىخىغا
يېزىلىپ ئۆتكەن.
بىكار ئاقمىدى قانلار،
ئۇ قانلاردىن گۈلىستان ئۈندى.
ماي پۇراقلىرى بىزگە شۇنى تاپشۇردى:
بۇندىن كېيىن بىز جۇڭخوا
شۇ دەسسەلگەن نومۇسنى،
قارا داغلارنى ئاقلايمىز.
جاندىن ئەزىز بۇ ۋەتەننى
قەھرىمانلارچە كۆرىشىپ
ئازاد قىلىمىز، ساقلايمىز.
كۆپچىلىكنىڭ ئازادلىقىنى
ئەبەدىي ياقلايمىز.
بىرىنچى ماي، كۈرەشچان ئاي، چېلىشقا باي،
چېلىشىمىز بىز ۋەتەننى ئازاد قىلىش يولىدا ھارماي.

«تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» شېئىرىنىڭ 12-كوبلېتىن كېيىن كېلىدىغان مۇنۇ بەش كوبلېت چۈشۈپ قالغان:

قەسەم شۇ — تۆمۈر قەسەم،
ئەزىز ۋەتەن ئانىغا.
چېكىنمەيمىز بىر. قەدەم،
بويالساقمۇ بىز قانغا.

چولپان ئەنە، تاڭمۇ يېقىن،
كۆرۈندى يورۇقلۇق ئارىسى.
بىراق مۇشەققەت، مەنزىل قىيىن.
بولغاچقا تۈننىڭ قارىسى.

كۆكرەك كېرىپ، تۈننى يېرىپ،
ئاكۇپ يىمىرىپ ئىز قالدۇر.
تاڭغا چۆمۈلۈپ، نۇرغا كۆمۈلۈپ،
يېڭىش قارشىلار سېنى بالدۇر.

قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتكىن،
تىتىلسۇن زۇلمەت پەنجىسى.
يېڭىشنىڭ پارلاق يېرىگە يەتكىن،
ئېچىلسۇن سائادەت پەردىسى.

كۈرەش-تاتلىق، نومۇس-ئاچچىق،
يېڭىش قايناق كۈرەشتە.
كۈرەش قايىنىمدا ئۆركەشلە،
يېڭىش ئالدىدا تەۋرەشتە.
..............

ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇخەممەس» نامىدا ھازىرغىچە ئىككى شېئىرى مەلۇم. ئۇنىڭ بىرى 1940-يىلى ئاپرېلدا، يەنە بىرى 1943-يىلى ئاپرېلدا ھەر ئىككىلىسى ئۈرۈمچىدە يېزىلغان. ئۇلارنى ئەسلى نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، 1943-يىلى ئاپرېلدا ئۈرۈمچىدە يېزىلغان مۇخەممەسنىڭ تولۇق نامى «ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ شەرەپلىك تارىخىنى ساقلاش توغرىسىدا مۇخەممەس» بولۇپ، ئۇ شېئىر 1933-يىلدىكى 12-ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئون يىللىقىغا ئاتاپ يېزىلغانلىقى مەلۇم بولدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1943-يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدا يەنە بىر دەۋر، يەنى گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى باشلاندى. بۇ دەۋردە «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن بارلىققا كەلگەن شىنجاڭدىكى دېموكراتىك ئېقىم ۋە شۇ ئېقىمنىڭ مەھسۇلى بولغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. شۇنداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن بىرى بولغان ل. مۇتەللىپ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىنغانىدى. شۇڭا ئۇ يۇقىرىقى ماۋزۇدا شېئىر يېزىپ، «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» ئېلىپ كەلگەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشنى مەدھىيىلىشى، شۇ ئۆزگىرىشتە بىر مەھەل رول ئوينىغان شىڭ شىسەينىڭ ئاز-تولا ماختىشى ئۆز نۆۋىتىدە گومىنداڭنىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارىتىلغان شىكايەت ئىدى. ئەنە شۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىدىن تارتىپ ئاخىرىغا قەدەر 15 تىن ئوشۇق جايى ئۆزگەرتىلگەن بولۇپلا قالماي 6-كوبلىتتىن كېيىن كېلىدىغان:

« قاراپ تۇرماي ئەل، ھۆرلۈكنى قىلىپ ياد،
ئىنقىلاب تۇغى ئاستىدا زۇلۇمغا قارشى سالدى ئات.
مۇستەبىتنىڭ قارا ئۆۋسىنى قىلىپ بەرباد،
بىزگە بەردى ئەركىن ھايات، مەڭگۈ پارلاق نجات.
ئاداشقان ئۆتمۈش، ئىپلاس تۇرمۇش قالدى زىندان ئىچىدە،
ئاپرېل تېگىدا تىرىلىپ ۋە ھايات ئوتىنى ياقتۇق بىز،
قورال قىسىپ كۆكرەككە، كۈرەش يولىغا باستۇق بىز،
چۆللەر قالدى، ئۆتكەل ئۆتتۇق، داۋانلارنى ئاشتۇق بىز،
ئەسىرلەر ئىزدىگەن بەخت گۆھىرىنى تاپتۇق بىز،
ئەمدى كۆرۈڭ، بىز تەلەيلىك ئىلىم-ئىرپان ئىچىدە،
ۋەتەن ئۈچۈن كۆرسەتتىڭ بۈيۈك ئىنئام-ئىپادە،
ئېلىڭ ئۈچۈن تىكىپ قويدۇڭ قۇدرەتلىك غايە،
ئازادلىق ئۈچۈن سەرپ قىلدىڭ كۈچىنى ناھايە،
بولغاچقا سەندە تۆمۈردىن قاتتىق ۋەتەن سۆيەر غايە،
قەبىھ دۈشمەننىڭ قالدۇ چوقۇم ئەجەللىك بوھران ئىچىدە»

دېگەن كۇپلېتلار شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن ياكى چۈشۈپ قالغان. بۇ شېئىرنىڭ 8-كۇپلېت (ئەسلىدە 10 كۇپلېت) 1-مىسراسى ئەسلىدە:

«لاۋجاڭ بوگۇن سازلىسا غىجەككە يېڭى ياڭگار» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ مىسرادىكى «ياڭگار» خەنزۇچە «ياڭگار ئۇسسۇلى» يەنى بەل دۇمبىقى ئۇسسۇلىغا ئىشارە قىلىنغانىدى. چۈنكى شىمالىي شەنشى خەلقىنىڭ ياغاچ ئاياغ بىلەن كوللېكتىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇلى يۇتكۇل مەملىكەتكە ئومۇملاشقان شۇنداقلا ئۇ، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ خەلقىگىمۇ ناھايىتى تونۇشلۇق بولغاچقا، ل. مۇتەللىپ ئۇنى خەنزۇ خەلقىغە سىمۋول سۈپىتىدە ئىشلەتكەن، ئەمما ئۇ سۆز يۇقىرىقى توپلامدا «چاڭگار» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، «غەزەل، ناخشا مەنىسىدە» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

«ياشلىق ئۆگەن» شېئىرى ئەسلىدە چاچما شېئىر شەكلىدە ئىدى. ئەمما ئۇ توپلامدا تۆت مىسرالىق شېئىر قىلىپ تۈزۈلگەن ھەمدە ئاخىرىدىكى:

« ياشلىق ئۆمرۈڭنى ئۆگىنىشكە تامام بېغىشلا،
ۋىجدانىڭنىڭ ساڭا مۇشۇ بۇيرۇقى.
دۇمچەك ئاق بوۋاي تۇتالماس ئەسلا،

ئالدىدا تۇرغان بىلەن ئۆمۈر قويرۇقى »
دېگەن تۆت مىسرا شېئىر چۈشۈپ قالغان.

« شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ » شېئىرىنىڭ 3-كوپلېت 1-مىسراسىغا قوشۇلغان « شائىر » سۆزى ئەسلىدە يوق ئىدى، 4-كوپلېت 1-مىسراسىدىكى « چالماي » سۆزى « ئېيتماي » دەپ، 8-كوپلېتنىڭ 2-مىسراسىدىكى « جان » سۆزى « كان » دەپ، 9-كوپلېتنىڭ 2-مىسراسىدىكى « خەلق » سۆزى « مىليون » دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ شېئىر توغرىسىدا يەنە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، « مۇۋەششەھ » شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ھەر بىر بېيىتنىڭ باش ھەرپىنى قوشقاندا مەلۇم مەنىگە ئىگە سۆز چىقىدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن « ياشاش ئۈچۈن كۈرەش » دېگەن چاقىرىق چىقىدۇ. ئەمما توپلامدا 7-كوپلېتنىڭ 1-مىسراسىدىكى « چۆرگىلەي » سۆزى ئورنىغا « ئۆرگىلەي » سۆزى قويۇلغاچقا ھەمدە « ئە » ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان:

« ئەدەب، ئىنساب، دىيانەت، نامۇسنى دىلىڭغا سىڭدۇر،
ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن ۋاپادار مېھرىبان بول » دېگەن ئىككى مىسرا چۈشۈپ قالغاچقا، يۇقىرىقى مەنە چىقمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ل. مۇتەللىپنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىمۇ ئۆزگەرتىلىش، قىسقارتىلىش، چۈشۈرۈپ قويۇشلاردىن خالىي ئەمەس. مەسىلەن، « ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق » ناملىق ئالتە بەتكىمۇ توشمايدىغان ئەسەرنىڭ ئاتمىشتىن ئوشۇق جايى ئۆزگەرتىلگەن. « پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ » ناملىق ئۈچ بەتكە توشمايدىغان ئەسەرنىڭ 19 جايى، « ئەجەل ھۇدۇقۇشىدا » ناملىق ئەسەرنىڭ يىگىرمىدىن ئوشۇق جايى ئۆزگەرتىلگەن. سەھنە ئەسەرلىرىدىكى مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتمىسەكمۇ كۇپايە.

يۇقىرىدا نۇقتىلىق مۇلاھىزە قىلىنغان « ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى » گە كىرگۈزۈلگەن 54 پارچە شېئىرىي ئەسەرنىڭ 41گە چوڭ-كىچىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن، 14 كوپلېتتىن ئوشۇق 63 مىسرا شېئىر چۈشۈپ قالغان. نەسرىي ئەسەر، سەھنە ئەسەر ۋە ماقالىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان.

« لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى » ناملىق توپلامدىكى بۇ مەسىلىلەر بىزگە ئاشۇ قىممەتلىك مىراسلارنىڭ ئەسلىسىنى قەدىرلەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەسلىگە سادىق بولۇش، ئەسلىسىنى ئېلان قىلىش لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەتقىق قىلىشتىكى تولىمۇ زۆرۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قاھار جېلىل

# ئات ئايلىخانىغا

(ھېكايە)

يازغۇچى قاھار جېلىل ھازىر ئارىمىزدا يوق. ئۇنىڭ قەلەم تەۋرەتكەن قوللىرى قارا تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتتى. بىز قايغۇمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ھېكايىسىنى كىتابخانلارغا سۇنىدۇق.

— مۇھەررىردىن

A تېنى ساغلام، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى تېتىك، مىجەز-خۇلقىمۇ سالاھىيىتىگە خېلى ماسلاشقان ئادەم. ئۇ تۆت يىلدىن بېرى يۈز يىگىرمە مىڭ نوپۇسقا ئىگە مۇشۇ ناھىيىنى سوراپ كېلىۋاتىدۇ. يېشى ئەمدىلا قىرىقتىن ئاشقان بولسىمۇ، مەنسەپدارلىق بابىدا خېلى مول تەجرىبە-ساۋاق توپلاشقا ئۈلگۈردى. ۋەزىيەتكە بەكمۇ تېز ماسلىشالايدۇ، كونكرېت ئىشلارغا ئۇقايلىقچە ئارىلاشمايدۇ، ئەمما ئارىلاشسا چوقۇم باشقا ئېلىپ چىقماي قويمايدۇ؛ ئۆزى يارىتىپ قالغان كىشلەرنى قەتئىي قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ، يامان كۆرۈنۈپ قالغان كىشلەر بولسا، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئۇقايلىقچە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا ناھىيىدىكى كادىرلار A غا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتىدۇ. ئۆزىدىن چوڭ باشلىقلارنى، باشقا يەرلەردىن كەلگەن مېھمانلارنى ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋالغاندا، ئۇنىڭ چىرايى شورپىنىڭ يۈزىدەك ئېچىلىپ، بەللىرى خېلىلا ئەۋرىشىم بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە قول ئاستىدىكىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ياكى خىزمەت تەكشۈرۈپ تۆۋەنلەرنى ئايلانغاندا، كۆپىنچە چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى ساپمايدۇ، چىرايىدىن ئۇلۇغۋارلىق ئىپادىسى يوقالمايدۇ، گەۋدىسىنى كېرىپ، بېشىنى غادايتىۋالىدۇ. ئولتۇرغاندا گەۋدىسىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرىۋالىدۇ.

A نىڭ گەپ-سۆزلىرىمۇ قويۇق پرىنسىپاللىققا ئىگە، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم ھەمسۆھبەت بولۇپ قالساڭ، بەئەينى سىياسىي-نەزەرىيۋى خاراكتېرلىق بىرەر پارچە ماقالىنى ئوقۇپ چىققاندەك بولىسەن. ئۇ يەنە چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەشكە ئامراق. ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىمۇ بىزدىكى باشقا باشلىقلارنىڭكىگە ئوخشاش كاتىپلار تەرىپىدىن ئالدىنئالا يېزىپ تەييارلانغان بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئۇرىگىنالنى سۆزمۇسۆز ئوقۇپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە،

يىغىندىن بۇرۇن ئۇنى تەكرار ئوقۇپ، پىششىق ئۆزلەشتۈرىۋالدۇ، قەيەرگە يەنە نېمىلەرنى قوشۇش لازىملىقىنىمۇ كۆڭلىدە پىشۇرىۋالدۇ. شۇڭا سۆزلەۋاتقاندا، ئورىگىنالغا ئاساسەن قارىمايدۇ. لېكىن زادى تۆتۈتلەپ قالمايدۇ سۆزلىرى مەزمۇنلۇق، رەتلىك بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە مودىغا ئايلىنىپ قالغان ئىبارىلەرنى بەكمۇ ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتەلەيدۇ. تەلەپپۇزىمۇ ناھايىتى ئۆلچەملىك، جاراڭلىق ۋە جەلپ قىلارلىق. مانا A بۈگۈنمۇ ناھىيىدىكى بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلىمەكتە:

— ... يولداشلار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق... — ئۇ ئۇتۇقلارنى بايان قىلىشقا تولۇق بىر سائەت ۋاقىت سەرپ قىلدى، بولۇپمۇ ھەر قايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى بىرمۇ بىر ساناپ كۆرسەتتى، — لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، — دېدى ئۇ نۇتقىنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا ئۆتۈپ، — مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشى تۈپەيلىدىن قوشۇنىمىز ئىچىدە چىرىكلىشىش خاھىشى يۈز بەردى...

A سۆزىنىڭ بۇ قىسمى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت—ئالاھەزەل ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئاجراتتى. چىرىكلىكنىڭ ئىپادىلىرى، ماھىيىتى، زىيانلىرى، تارىخي ۋە رېئال مەنبەسى ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا بىر-بىرلەپ توختالدى. گەرچە مەسىلىلەرنى بەك كونكرېت ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر قانچە يىپ ئۇچلىرى ۋە «بۇ زادى نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئاللار ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرات قوزغىدى. بەزىلەر رازىمەنلىك بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، ئۆز ئارا پىچىرلىشىشتى. بەزىلەرنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ، بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. پەقەت A بىلەن ئالاھىدە يېقىن ئۆتىدىغان بىر نەچچە كىشىلا پىتنى بۇزماي ئولتۇرۇۋېرىشتى ۋە نۇتۇق ئاخىرلاشقاندا، ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش چاۋاك چېلىشنى باشلاپ بېرىشتى.

* *

A شۇ كۈنى كەچتە ئۆيىدە يالغۇز تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى. خوتۇنى قانداقتۇ بىر ئىش بىلەن قوشنىلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەن، ئوغلى بولسا تېخى كەچلىك تاماشىسىدىن قايتمىغانىدى. شۇڭا A ئىشىكنى ئۆزى ئاچتى. ئىشىك چەككۈچى ناھىيىدىكى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئۇنىڭمۇ ئەلۋەتتە رەسمي ئىسمى بار، ئەمما بۇ ھېكايىدە A غا ماسلىشىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ B دېگەن ۋاقىتلىق ئىسمنى قويۇپ تۇرىمىز.

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن، A تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئىككىيلەن ھەم چېكىشكەچ ھەم ئاز-تولادىن ئىچىشكەچ (A نىڭ ئۆيىدە ئېسىل ھاراق ۋە تەييار زاكوسكىلار زادى ئۆكسۈپ قالمايتتى) پاراڭغا چۈشتى. B يېقىندا ناھىيە تەرەپتىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۆمەك تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۈچ كۈن ئىلگىرى قايتىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ A نىڭ تەلپى بويىچە ئېكسكۇرسىيە تەسىراتلىرىنى ناھايىتى ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ بەردى. بولۇپمۇ دېڭىز بويى شەھەرلىرىدىكى ئاۋاتچىلىق ھەققىدە قايتا-قايتا توختالدى.

— نېمىسنى دەيسىز، توخۇ سوتىدىن باشقا جىمى نەرسە تېپىلىدىكەن ئۇ يەرلەردىن. بىزمۇ قاچان شۇلاردەك بولارمىز؟ — دېدى ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com



— ھەي، بىزنىڭ ئۇلارغا يېتىشۇېلىشىمىز يوق گەپ، — دەپ قويدى A ئىچىنغاندەك بولۇپ.

B ئالدىدىكى رومكىنى بوشاتقاندىن



كېيىن، كاستيۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىرىنىڭ سىرتى قىزىل، يەنە بىرىنىڭ تېشى يېشىل دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان ئىككى قۇتا چىقىرىپ، ئاغزىنى ئاچتى-دە، شىرە ئۈستىگە قويدى. يۈرەك شەكلىدىكى زۇننار بېكىتىلگەن ئالتۇن زەنجىر بىلەن ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن قول سائىتى چىراغ نۇرىدا ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— زەنجىرنى يەڭگىمىزگە، سائەتنى سىزگە ئاتاپ ئەكەلدىم. زەنجىر شاڭگاڭ-نىڭ، سائەت شۋېتسارىيىنىڭ ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى ئىكەن، گۇاڭجۇ، شېنجېنلاردى-مۇ چاپ-چاپ ماللاركەن.

A زەنجىر بىلەن سائەتنى بىر-بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، زور قىزىقىش ئىلكىدە كۆرۈپ چىقتى. نېمە دېگەن ئېسىل نەرسىلەر-ھە! ھاياجان ۋە زوقلىنىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. بىراق A ھە دېگەندىلا «قاسقانغا دۇم چۈشىدىغان» لاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر سەل چاتاق مەزگىل. B غۇ يېقىن ئادەم، شۇنداقتىمۇ «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان، ئېھتىيات بىلەن قەدەم باسقىنى تۈزۈك.

— بۇلارغۇ ھەقىقەتەن ئېسىل نەرسە-لەر ئىكەن، — دېدى ئۇ ئىلاجى بار ئۆزىنى سالماق، پەرۋاسىز تۇتۇشقا تىرىشىپ، — بىراق، سىز ماڭغاندا بۇنداق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىشنى تاپشۇرغانلىقىم-نى ھېچ ئەسلىيەلمىدىم. خوتۇنىمۇ ماڭا بۇ ھەقتە بىرەر گەپ قىلمىغان.

بۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېيتىلغان سۆز ئىدى. B مۇ ئۇنىڭ دالدىسىدا قانداق مەنىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى قىينالمايلا پەملىيەلىدى.

— راست، ئۇ چاغدا سىزمۇ، يەڭگە-مىزمۇ بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمىگەنتىڭ-لار، لېكىن مەن ئويلىدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ ۋاقتىڭىز ھەمىشە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان تۇرسا، مۇنداق ئۇششاق-چۈشەك ئىشلارغا باش قاتۇرۇشقا قانداقمۇ چولىڭىز تەگسۇن؟! ئۇلار توغرىلىق بىزدەك يېقىن-يورۇقلار ئويلىشىمىز كېرەكتە، قانداق دېدىم؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق... ھە راست، بۇلار خېلى پۇللۇق نەرسىلەردەك قىلىدۇ، قولىمىزدا ھازىر... — سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە A قەستەن قىلدىمۇ ياكى ئىختىيارسىز شۇنداق بولۇپ قالدىمۇ، ئېيتاۋۇر گېپىنى ئۈزۈپ قويۇپ، قولىدا تۇتەپ تۇرغان تاماكىنى قاتتىق بىر شورىدى. ئاۋۋال قاقلىپ، كېيىن ئارقا-ئارقىدىن يۆتىلىپ كەتتى. B دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ تارغاقلىرىنىڭ ئارىسىغا بوشقىنا بىر نەچچىنى ئۇردى. A نىڭ يۆتىلى ئەستە توختاپ، ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئالدى. B ئۆزىچە سۇسقىنا كۈلۈپ قويدى، ئاندىن ئاۋازىنى زورلاپ ھاياجانلىق تۇس بېرىشكە تىرىشىپ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى:

— ئىككىمىز ئۇرۇق-تۇغقان ياكى بىر

يۇرتلۇق ئەمەس، ساۋاقداشلىق تارىخىمىزمۇ يوق...

B نىڭ ئېيتىشىچە، A ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ غەمخورلۇقلارنى قىپتۇ. B مۇ ياخشىلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەم ئىكەن، لېكىن شۇ كەمگىچە A نى قەتئىي قوللاپ، يولىيورۇقلىرىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىرەر قېتىم «كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش» پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ھازىرقىسى دەل شۇ خىل «كۆڭۈل بىلدۈرۈش» ئىكەن، يەنە ئۇ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلىنغان خالىس سوۋغاتلىرى ئىكەن. شۇڭا A بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن پۇل تۆلەيمەن دەپ ئويلىماسلىقى لازىم ئىكەن.

— لايىقىدا بولمىسىمۇ، قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — ئۇ نۇتقىنى تۈگىتىپ، چېكىسى ۋە بۇرنى ئۈستىدىكى چېكىم-چېكىم تەرلەرنى قولى بىلەنلا سۈرتىۋەتتى.

نېمە دېگەن شېرىن سۆزلەر! A نىڭ تەنلىرى يەنە بىر قېتىم ھاياجاندىن يايراپ كەتتى. بىراق ھازىر سەل چاتاق ۋاقىت بولۇپ قالدى-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، A نىڭ B بىلەن مۇشۇ خىلدىكى مۇئامىلىگە دۇچ كېلىشى تۇنجى قېتىم. كېيىن ساتقىنلىق قىلىپ قويىماسمىكىن... ئەستا، قانداق قىلسا بولار زادى؟ قېنى يەنە بىر چېكىپ باقسۇن.

— ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن، چۈشتىن بۇرۇنقى يىغىندا سىزمۇ بار. مۇشۇنداق ئىشلارغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئۆزۈم سۆزلەپ، يەنە ئۆزۈم... ھەي... — A يەنە سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغىلى تۇردى. B بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا مۇشۇنداق سۆزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىپ، ئۇ ھەقتە نېمە دېيىش لازىملىقىنىمۇ كۆڭلىدە پىشۇرۇۋالغانىدى.

— ھەي، سىز پرىنسىپال رەھبەر بولغىنىڭىز ئۈچۈن بۇ ئىشنى بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىۋاتىسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بۇ ئالدى بىلەن نورمال ئادىمگەرچىلىككە ياتىدىغان ئىش. مېنىڭچە، يېقىن كىشىلەرنىڭ نورمال شارائىتتا ئۆز ئارا سوۋغا-سالام قىلىشلىرىنى پارتىيىمىزمۇ يامان ئىش دېمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگىنىمنى ھەتتا ئايالىمغىمۇ ئۇقتۇرمىدىم. ماڭا بولسا، ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەندەك ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

B نىڭ دېگىنىگۇ راست، «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەننى A مۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا كىشىلەر كۆپىنچە ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، A غا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ چېرىكلىككە ياتىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋالغانلىقى ھەققىدە كۆڭۈللىرىدە گۇمان قىلىشسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايدۇ. بىراق بىر ناھىيىنى سوراۋاتقان ئادەم باشقا بىراۋ ئالدىدا ئۇنداق دېسە بولمايدۇ-دە، ئەكسىچە مۇنداق گەپلەرنى قىلغىنى تۈزۈك: «ھەر ھالدا ھازىر بىزدەك كىشىلەر تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم.»

B ئىچىدە A نى بىر تىللىۋالدى: مەن ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك قۇۋ ئىكەن بۇ گوي، ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان، ھەي ئاشۇ ئىشنى دېمىسەم شۇ تاپتا، خەير...

— ئەمىسە مۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ —B ئاخىرقى كوزىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، — بوپتۇ، بۇ نەرسىلەرنى مەن سىزگە ساتقان بولاي. لېكىن سىز پۇلنى كېيىنچە ئاستا-ئاستا تۆلەيدىغان بولۇڭ، قانداق؟

A ئەمدى قانائەتلەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇ تاپتا مۇشۇ چارە ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۇنى خېلى مۇۋاپىق كۆرگەن، بىراق ئاغزىدىن چىقىرىشقا سەل قىسىلىپ تۇرغانىدى. ئەمدى

www.uyghurkitap.com

ياخشى بولدى، بۇ ھالدا كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدۇ.

— ماقۇل، بۇ قېتىم سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، ئەمما يەنىلا سالاپىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۇنتۇمىدى، — شۇنچە يىراق يەردىن ئاتاپ ئېلىپ كەپسىز، كۆڭلىڭىزنى قايتۇرسام بولمىغىدەك. ئەمما مۇنداق ئىش قايتا تەكرارلانمىسۇن - ھە!

B كۈلۈپ تۇرۇپ ۋەدە بەردى، بىراق ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى كۈلكىسىنىڭ ئارقىسىغا ئاچچىق كىنايە يوشۇرۇنغانىدى.

A قۇتىلارنى ئىشكاپىنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولغان تارتمىسىغا سېلىپ قويۇپ، يەنە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىيلەن يەنە بىر قېتىم رومكا سوقۇشتۇردى. ئەمدىكى پاراڭ ناھىينىڭ ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى ئىشلىرى ئۈستىگە كۆچتى:

— ھە راست، — گويا تاسادىپىيلا ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك سورىدى B، — ئىقتىسادىي تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى بېكىتىش ئەجەپ كېچىكىپ كەتتىغۇ؟

A ئۇنىڭغا مەنىلىك تەبەسسۇم ئىلكىدە قاراپ قويدى. چۈنكى B مۇ باش مۇدىر نامزاتلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

— يېقىندا بېكىتىلىدۇ، — قىسقىلا جاۋاب بەردى A.

B باش مۇدىرنىڭ كىم بولۇش مۇمكىنلىكى ھەققىدە سوراپ باقايمۇ - يوق، دەپ جىددەك ئويلىنىۋالدى - دە، ئاخىرى بۇ سوئالدىن ۋاز كېچىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ شىركەت بۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىمىزنىڭ ئىچكى - تاشقى سودا، مۇلازىمەت ۋە مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئورگان ئىكەن، شۇڭا سەل كېچىكسىمۇ كېرەك يوق، مۇھىمى مۇۋاپىق ئادەمنى تاللاش.

— ئەمدى يەنە كېچىكتۈرمەيمىز، كۆڭلىمىزدىمۇ سان تۇرغۇزۇلۇپ بولۇندى. قېنى كېلىڭ، بۇندىن كېيىن ئۆز ئارا بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ئەمدى يايراش نۆۋىتى B گە كەلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزى تەشنا بولغان بىشارەتكە ئېرىشكەنىدى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى يەنە ئۇن - ئونبەش مىنۇتقىچە داۋاملاشتى، ئەمما B ھېلىقى ئىش توغرىسىدا قايتا سورىمىدى، A مۇ ھېچقانداق كونكرېت ۋەدە بەرمىدى. ئەمما بۇ ھال ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرۇن ساقلاپ تۇرغان مۇددىئالىرىنى چۈشىنىۋېلىشىغا توسقۇن بولالمىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ناھىيىدە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى جاكارلاندى. باش مۇدىرلىق تاجى B نىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەنىدى. A شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئېچىلغان باش شىركەتنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزىدە، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلىدى.

(« يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 5 - سانىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



# چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

س. ئا. ۋورونىن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

## سۆيگۈ ئارىلى

(ھېكايە)

سەھەردە كۆل بېتىنى نېپىز كۆلرەڭ تۇمان قاپلاپ كېتەتتى، ئەتىگەنلىكى قۇياش جاھاننى يورۇتقاندا ئارال خۇددى بوشلۇقنىڭ يىرىمىدا ئېسىلىپ تۇرغاندەك ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. كەچقۇرۇنلىقى ئالتۇن رەڭلىك شەپەق نۇرى بۇ ئارالدا جىلۋىلەنگەندە ئارال گويا ئوتقاش كەبى بىلىنجايتتى، كېيىن شەپەق ئاستا-ئاستا غايىب بولۇپ، ئارالنى قويۇق بىر قەۋەت تۇمان قاپلاپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئارالغا نەزەر سالسىڭىز، بىر خىل شېرىن ھەسرەت سىزنى ئىختىيارسىز ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى. ئارال سىزنى چىللايتتى، يالغۇز سىزنىلا ئەمەس، بەلكى ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان ئاشىقىڭىزنىمۇ چىللايتتى...

— ياخشىمۇسىز لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا!

ئۇ، لىيۇدمىلانىڭ ئىشخانىسىغا ئادەم ئىزدىگەن بولۇپ كىرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى، ئۇ لىيۇدمىلانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لىيۇدمىلانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا، مەيىن شامالدىكى يوپۇرماقتەك تىترەيتتى.

ئۇنداقتا لىيۇدمىلاچۇ؟ ئۇنىڭ قەلبى پاك بولۇپ، يىگىت ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىش لىيۇدمىلانى خۇش قىلاتتى. ئۇ، يىگىتنى خۇددى ئىشقىۋاز قاقباش خوتۇنلار ساددا يىگىتلەرنى مەھلىيا قىلغاندەك مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. گاھىدا ئۇنىڭغا ناھايىتى توڭلۇق قىلاتتى، بىر نېمىلەرنى غودۇراپ ئالىيىپ قوياتتى؛ گاھىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىپ قوياتتى، مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا يوغان كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا دەممۇ دەم قاراپ قويۇپ، زىل ئاۋازدا «ياخشىمۇ سەن ئاليوشا!» دەپ قوياتتى. بۇ زىل ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاليوشانىڭ قانلىرى ئۇرغۇپ، ۋۇجۇدى ئاشۇ ئارالدەك بىلىنجايتتى، خىجىل بولغىنىدىن كۆز ياشلىرىمۇ چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى.

— كىمنى ئىزدەيسەن؟ — دەپ سورىدى لىيۇدمىلا يېقىنچىلىق بىلەن خۇددى ئۇ ئىزدەيدىغان كىشىنى تېپىشىپ بېرىدىغاندەك. ئەمما ئاليوشانىڭ باشقا بىرىنى ئىزدەپ كەلمىگەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئاليوشا شۇ تاپتا ئىشخانىمۇ ئىشخانا قاتراپ يۈرمەي، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ تۆۋەنگە يوليورۇق-ھۆججەتلەرنى تارقىتىشى كېرەك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن بىرنى...

— كىمنى ئىزدەمەكچىدىڭىز، بۇ مەخپىيمۇ يا؟

ئەسلى «سىزنى ئىزدەيمەن» دېسىلا ئىش پۈتەتتى. كەيندىن نېمىشقا ئۇنى ئىزدەيدىغانلىقنى، باشقا ھېچكىمنى ئىزدىمەي پەقەت ئۇنىلا ئىزدەيدىغانلىقنى چۈشەندۈرسە بولىدىغان گەپ ئىدى، ئەمما ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى...

— نىكولايېۋنى ئىزدەيمەن، — دېدى ئاليوشا.

— ئۇ بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟

نىكولايېۋ رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇپ، ئۇنىڭ رايونلۇق ئۆي باشقۇرۇش باشقارمىسى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ليۇدمىلا ۋىكتوروۋنا ئاللىبۇرۇن ئىتتىپاقتىن چىكىنگەنىدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئۇنى مۇشۇ يەردىمىكىن دەپتىمەن.

ئاليوشا پەرىشان ھالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ليۇدمىلا ۋىكتوروۋنا ئاليوشادىن نەش ياش چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا يەنە پېنسىيە يېشىغا توشقان نادېژدا تېمدېلىيېۋنا ئىسىملىك بىر بوغالتىرمۇ بار ئىدى. بۇ ئايالمۇ ياشلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەمما ئۇ تولىمۇ بۇرۇنقى ئىشلار بولغاچقا، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، بولمىسا ئۇ ئاليوشانى مەسخىرە قىلماس ئىدى.

— دەپ بېقىڭچۇ، ئۇ سىزگە نېمە دەپ بۇنچىۋالا يالاقچىلىق قىلىدۇ؟ — دېدى بوغالتىر غودۇراپ، — ملاشكا ①، ئەگەر ئورنىڭىزدا مەن بولىدىغان بولسام، ئۇنى تىللاپ ئىتتىن چۈشكەنىدەك قىلىۋېتەتتىم، ئېرى بار ئاياللار ئۇنداق نېمىلەرنى يېنىغا يولاتماسلىقى كېرەكتە...

— نېمە دەپ بۇنچىۋالا باغرى قاتتىقلىق قىلغۇدەكمەن، ئۇنىڭ ئاشۇ خىجىل بولۇپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىمنىڭ كىمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تۇرسا.

— ئۇنىڭغا چاپان ياپماي، ئېھتىياتچانراق بولسىڭىز بولارمىكىن... ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولۇپ قالسام، ئۇنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىپ، بوسۇغامغا قارىغۇسىز قىلىۋېتەتتىم.

ئوھو، ئۇنداق قىلىش بەكمۇ ئەخمەقلىقتۇ، — دەپ ئويلىدى ليۇدمىلا.

—نېمە دەپ ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ ئۇ كەلسە كېلىۋەرسۇن. ئۇ كەلسە يۈرەكلىرىم ئويناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېرىم ماڭا ئىلگىرىكىدەك قىزغىن ئەمەس ياكى مەن ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىن باشقىچە كۆرۈنىۋاتامدىمەنمىكىن تاڭ؟

—ھىم، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭلى بارلا دەڭا، — دېدى نادېژدا تېمدېلىيېۋنا ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا.

— بۇنىڭغا نېمە پاكىتىڭىز بار؟ — دېدى ليۇدمىلا ۋىكتوروۋنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇنىڭغا يەنە پاكىت كېرەكمىدى، كۆزىڭىزدىن مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرمامدۇ. ئەسلى گەپكە كەلسەك، بۇ يىگىتمۇ مال تونۇيدىكەن. سىزنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ جەزىبىدار كۆزىڭىزلا كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. خۇدا ماڭا ئاشۇنداق بىر جۈپ جەلبكار كۆزنى بەرمەپتىكەن. بىراق سىزنىڭ بۇ بىر جۈپ كۆزىڭىز خۇددى ئىككى قاينامغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا

① ليۇدمىلانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

چۇشۇپ كەتكەن ئادەم ئەجەللىك ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ. ئەرلەر سىزگە مەھلىيا بولماي قانداق تۇرالىسۇن. يەنە كېلىپ باشقا يەرلىرىڭىزمۇ خېلى قاملاشقان، شۇغىنىسى بويىڭىز پاكارراق، ئەگەر يەنە سەل ئېگىزرەك بولغان بولسىڭىز...

— ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا گۈزەللىك قارىشى بولىدۇ. بەزىلەر ئېگىزگە ئامراق، بەزىلەر مەندەك چەبدەس-چىرايلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئىككىلەن دەل ئاشۇنداق كۈلكە-پاراڭلار بىلەن بولۇۋاتقاندا، ئالىيوشا كۆل بويىدا غەمكىن ھالدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇرئەتسىزلىكىدىن قاتتىق ئاغرىنماقتا ئىدى. ئۇ، ئارالغا خۇشياقا-خۇشياقماس نەزەر سالاتتى. بۇ ئېھتىمال كۈندۈزى ئارالنىڭ ئادەمنى جەلب قىلغۇدەك يېرى بولمىغانلىقتىن بولسا كېرەك.

شۇ تاپتا ئۇ لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ۋاقىت ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلالايدۇ. ئالىيوشا لىيۇدمىلاغا بارغانسېرى مەھلىيا بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئەمما لىيۇدمىلاچۇ، ئۇ ئالىيوشا بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا مەپتۇن قىلغىلى تۇردى.

— ئالىيوشا، نېمە بولدىڭىز؟ يامان جىمغۇر بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ سىز ھەممە ئادەمگە مۇشۇنداقمۇ ياكى يالغۇز ماڭىلا شۇنداقمۇ؟

— مېنى قانداقچە جىمغۇر دېگىلى بولسۇن؟

— ئۇنداقتا يالغۇز ماڭىلا شۇنداقكەنسىزدە؟

ئۇ غايەت زور ئىرادە بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ لىيۇدمىلاغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىشق-مۇھەببەت ئازابلىرى يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلى «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېمەكچى ئىدى. ئەمما تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى. ئۇ بۇلارنى لىيۇدمىلادىن يوشۇرالمىدى، ئۇ ئالىيوشانى ئۆزلۈكسىز جەلب قىلماقتا ئىدى.

— دېمەك، ماڭىلا شۇنداقكەنسەن-دە، مەندىن رەنجىپ قالغاندەك گەپمۇ قىلماي يۈرۈيسەنغۇ؟

— قاراڭ گېپىڭىزنى، مەن سىزگە... خالايتتىم.

لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا بىر نەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا ئالىيوشانى ھەممە غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلىۋەتتى. ئۇ ئىككىسى كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇردى. لىيۇدمىلا مۇھەببەت پاراڭلىرىنى قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئېرى بار ئاياللار ئۆزگە ئەرلەر بىلەن يەنە نېمە دەپ مۇھەببەت پاراڭلىرىنى سېلىشسۇن. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئېرى ئۆزىدىن سەككىز ياش چوڭ. ئەمما ئۇ تاماكا چەكمەيدىغان، تەربىيە كۆرگەن كىشى بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ نىنوشكا ئىسىملىك قىزى بار ئىدى... شۇڭا لىيۇدمىلا ئېرىگە نىسبەتەن ھەقىقىي ھېسسىيات ئورنىتىشنى ئويلايتتى. ئەمما ئۇ يەنە تۇرۇپ بىرى ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدۇ، مۇھەببەت دېڭىزىدا بەھۇزۇر ئۈزۈپ باقمايمۇ، نېمە دەپ مۇھەببەت ھاۋاسىدىن نەپەس ئالمىغۇدەكمەن؟ بۇنداق پۇرسەت ھەمىشە بولۇۋەرمەيدۇ، ۋاقىت رەھىمسىز. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن تېخى يىگىرمە ياشلىق قىز ئىدىم، ئالىيوشا بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدىم، ھەش-پەش دېگۈچە ئاشۇ قېرى بوغالتىردەك كۆرۈمسىزلا

بىر خوتۇن بولۇپ قالدىم. شۇڭا كىشىلەر نېمىلا دېمىسۇن ئاشۇ بىچارە ئاليوشانى «تىللاپ ئىتتىن چۈشكەندەك قىلىۋېتىش»-كە بولمايدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە ھەر ئامال بىلەن ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتىغا ئىلھام بېرىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا ئاليوشانى ئىلھاملاندۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ئاليوشا بۇرۇنقىدەك ئېغىز ئېچىشتىن ئويلىنىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى، ئۇ ئاخىر لىيۇدمىلا بىلەن ئارالغا بىللە بېرىشقا كېلىشتى. لىيۇدمىلا ئاليوشانىڭ ئۆزىنى ئارالغا بىللە بارايلى دېيىشتىكى مەقسىتىنى شۇ ھامان چۈشەندى: ئۇ خالىي، خىلۋەت جاي، ئۇلارغا كاشىلا قىلىدىغانلار يوق. بىراق ئۇ ھەرخىل تاسادىپىي ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ئۇنى داۋاملىق قىزىقتۇرماقتا ئىدى، ئۇ تەئەججۈپلەنگەن قىياپەتتە:

— ئۇ يەرگە نېمىشقا بارىمىز؟ — دېدى.

— ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بەك ياخشى، قۇشلار بار، دەل-دەرەخلەر... — دېدى ئاليوشا.

— بۇ يەردىمۇ قۇشلار ۋە دەل-دەرەخلەر بارغۇ، — دېدى لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا كۆككە تاقاشقان تېرەكلەرنى ۋە يولدا دىكىلداپ يۈرگەن بىر نەچچە قۇشقاچنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— سىز نەدىن بىلىسىز، ئۇ يەر بىلەن بۇ يەر تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەر ئاجايىپ گۈزەل دۇنيا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنتايىن خىلۋەت...

— بولدى قىلىڭ يىگىت، شېرىن-سۆخەن گەپلەرنى ئاز قىلىڭ، — دېدى لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا ئۇنىڭغا بارماقلىرىنى شىلتىپ پوپوزا قىلىپ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئاليوشانى سەل ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

— ياق، دېگەنلىرىم راست، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ تۇرۇپ، بۇ ئۇنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەرىكىتى ئىدى، — ئۇ يەردە يەنە لاندىشگۈلمۇ بار.

— لېكىن گۈل پەسلى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ.

— گۈل پەسلى ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن مەن لاندىشگۈل ئىنتايىن جىق ئېچىلغان بىر جاينى بىلىمەن، كېلەر يىلى...

— بولىدۇ، بۇ ياخشى گەپ بولدى، مەن لاندىشگۈلنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇ يەردە لاندىشگۈل بەك جىق، ئويمانلىقنىڭ ھەممىسى لاندىشگۈل، — دېدى ئاليوشا ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللىنىپ.

— شۇنچە جىق؟ — سورىدى لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا تەئەججۈپلىنىپ.

— راست جىق، مەن سىزنى ئالدىمايمەن.

— ئەمما بىز قانداق بارىمىز؟ خەقلەر كۆرسە قانداق ئويلايدۇ؟ مەن ئارالغا نېمىشقا بارىمەن، يەنە كېلىپ سەن بىلەن؟ — لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا ئارالغا بېرىشنى لايىق كۆرمىگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ قويدى، — ياق، ياق، مەن بارالمايمەن.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى ئاليوشا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ۋارقىراپ، — مەن سىزنى قېيىق بىلەن ئارالنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ بارىمەن. ئۇ تەرەپتە ئائىلە يوق. ئۇ يەرگە بېرىپ ئوينىسىڭىز بولمامدىكەن؟

— بولۇشىغۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن... 

— لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا مەن ھۆددە قىلىمەنكى، ھېچقانداق ئىش چىقمايدۇ.

— قارا يىگىت، ئالدىراڭغۇلۇقىڭنى! ھەي، مەن بىرىش-بارماسلىقىمنى تازا بىلەلمەيۋاتىمەن جۇمۇ، — دېدى لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا يەرگە قاراپ.

— ھەي لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا! — ئالىيوشانىڭ شۇ تاپتا لىيۇدمىلاغا تىزلىنىپ يېلىنغۇسى كەلدى.

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم... — ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، ئەمما ئالىيوشاغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، بۇ كۈلكە ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە ئىدى. ئالىيوشا ئۇنىڭ ئارالغا بىرىشقا قوشۇلغانلىقىنى چۈشەندى.

شۇ كۈنى ئۇ لىيۇدمىلانى ئارالغا ئېلىپ باردى. بۇ دەل كەچكى قۇياش غەربكە پېتىۋاتقان پەيت بولۇپ، ئالتۇن رەڭلىك، قىزغۇچ كەچكى شەپەق ياپېشىل باراقسان ئورمانلىقنى چۈشۈپ، ئۇنىڭ قىزغۇچ ئەكس نۇرى يەردە جىلۋىلىنىۋاتقان، ئارال گويا يالقۇنتاغ كەبى يېلىنجاۋاتقان. ھەتتا شاخ-يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى ھاۋامۇ يورۇپ گويا گۈلسۈرۈخ رەڭگىدىكى يالقۇنغا ئوخشاپ قالغان پەيت ئىدى.

— ۋاھ، بۇ يەر ھەقىقەتەن گۈزەلكەن ئەمەسمۇ! — دېدى لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا ئەتراپىغا تويماي قاراپ.

— مەن دېمىدىممۇ، — دېدى ئالىيوشا ماختىنىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا. ئۇ قېيىق بېشىنى قىرغاققا قارىتىپ باغلاي دەپ تۇرغاندا، لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئالىيوشا قېيىقنى باغلىماستىن، لىيۇدمىلانى قېيىقتا چىقاردى ۋە لىيۇدمىلانىڭ قولىنى تۇتۇپ قويۇپ بەرمىدى. لىيۇدمىلامۇ ئالىيوشانىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ئۇنتۇغان ئىدى. ئىككىلەن قېيىقتا ئاشۇنداق قول تۇتۇشۇپ ئۆرە تۇرۇپ دەل-دەرەخلەرگە، دەرەخ بېشىدىكى شاخ-يوپۇرماقلارغا، كەچكى شەپەقتىن قىزارغان ئاسمانغا نەزەر سالاتتى.

— لاندىشگۈل قەيەردە؟ — سورىدى لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا. ئۇ قولىنى ئېخچە ئالىيوشانىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالمىغانىدى؛ ئۇلار شۇ پەيتى ئارالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئارالنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل ئىدى، تىكەن-چاۋار دېگەنلەر يوق ئىدى. بوران-چاپقۇندا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ چىرىپ كەتكەن دەل-دەرەخلەرمۇ يوق ئىدى. دەل-دەرەخلەر پاك-پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى، مەيلى ئاسمانپەلەك دەرەخلەر بولسۇن ياكى چاتقاللار بولسۇن، ئۇلارنى خەقلەر قايرىپ سىزىدۇرۇۋەتمىگەن ۋە كەسمىگەنىدى. ئاق قېيىن ۋە چوڭ يوپۇرماقلىق ئەرمەدۇنلار تەكشى ھەم چىرايلىق ئۆسكەنىدى. بوش يەرلەرگە بۈك-باراقسان گۈللەر ئۆسكەنىدى. ئەتراپ پاك-پاكىز بولۇپ، ئەسكى قەغەز پارچىلىرى، كونسېرۋا قۇتىلىرى ۋە ھاراق بوتۇلكىلىرى كۆرۈنمەيتتى.

ئالىيوشا ئۇنى ھېلىقى ئويمانلىققا باشلاپ باردى. دەرۋەقە لاندىشگۈل يوق ئىدى. چۈنكى بۇ چاغ ئىيۇلنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئىدى. ئەمما بۇ يەرلەردىكى بۈك-باراقسان، يالتىراپ تۇرغان ياپېشىل يوپۇرماقلار بۇ يەردە ئالتىنچى ئايلاردا لاندىشگۈلنىڭ بەس-بەس بىلەن ئېچىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— كېلەر يىلى چوقۇم كېلىمەن، — دېدى لىيۇدمىلا ۋىكتوروۋنا.

ئىككىلەن يەنىلا قول تۇتۇشۇپ تۇراتتى. ئالىيوشا لىيۇدمىلا بۇ لاندىشگۈلزارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆيگە كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگەچكە، ئۇنىڭ قولىنى ئېخمۇ

uyghurkitap.com


چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ، لىۋدمىلا بىلەن
ئۇزاقراق بىرگە بولۇشنى شۇ قەدەر ئارزۇ
قىلاتتى. لىۋدمىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى
بىلىۋالغاندەك:
— ئېمىشقا گۈلخان ياقمايسەن؟ گۈلخان
ياقساڭ ئېمىدېگەن پەيزە بولاتتى... —
دېدى.
— ھازىرلا ياقاي، — ئاليۇشا قالتىس
خۇش بولۇپ كەتتى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ
ئوتۇن تەرگىلى ماڭدى.
بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن گۈلخان
يېقىلدى. ئىككىلەن يالقۇنغا قاراشتى،
يالقۇننىڭ قۇرۇق-قاقشال ئوتۇنلارنى قانداق
كۆيدۈرىدىغانلىقىغا، ئوتۇنلارنىڭ يىلىنجاپ
كۆيۈشلىرىگە، ئوتۇنلارنىڭ كۈلگە ئايلىنىپ
كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇشتى.
— سەن ئوتنى ياخشى كۆرەمسەن؟ —
سوردى لىۋدمىلا ۋىكتوروۋنا.
— بىلمەيمەن. بۇنى ئويلاپ باقمايتتى-
مەن.
— ھەي، سەنزە، ئويلاپ باقمايتىمەن
دە، — ئۇ ئاليۇشانىڭ چېچىنى ئاستا
سىلىدى.
ئاليۇشانىڭ ئۈسكىلەك خورمارەڭ قويۇق
چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.
لىۋدمىلا تۇيۇقسىز بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە
قويدى.
ئاليۇشا ئۇنى قۇچاقلىدى، ئۇ بۇنىڭغا
جۈرئەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما لاغىلداپ
تىترەپ كەتتى. ئۇ لىۋدمىلانىڭ گويا
سوغۇقتىن قورققاندەك ئۆزىگە مەھكەم
چاپلىشىۋالغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ يۈرىكى
قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئاليۇشا چاڭقىغان
لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ:
— مەن سىزنى سۆيىمەن، لىۋدمىلا
ۋىكتوروۋنا، — دېدى پىچىرلاپ تۇرۇپ.

— سەن مېنى نېمىشقا سىزلەيسەن؟
مىرا دېيىسەڭلا بولمامدۇ، مەن راستىنلا
شۇنچە قېرىپ كېتىپتىمەنمۇ يا؟
— ياق، ياق، نەدىكى گەپلەرنى
قىلىپ يۈرۈيسىز...
— «سىز» لىمىگىن... بولامدۇ؟
لىۋدمىلا تۇساتتىن كەينىگە داجىپ
كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكتى،
لەۋلىرىگە سۆيدى، بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا
ئاليۇشاغا كەچكى شەپەقتىن ئوتقاشتەك
قىزارغان دەرەخلەر تەۋرەۋاتقاندەك تۇيۇل-
دى. ئۇ دەرەخقە يۆلىنىۋالدى... ئۇ
لىۋدمىلانىڭ لەۋلىرىگە، كۆزلىرىگە، بويۇن-
لىرىغا مەجبۇنلارچە سۆيمەكتە ئىدى.
— قارا، چىلبۆرىدەك قىلىپ كەتكىنىڭ-
نى، پەرۋەردىگارىم، بوپكە تكىنىڭنى
قارىمامدىغان، — دېدى لىۋدمىلا ۋىكتوروۋنا
ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ پىچىرلىغان ھالدا
كۈلۈپ تۇرۇپ. كېيىن ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى،
ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئورمانلىقتا كۆكۈم
چۈشكەن بولۇپ، پەقەت ئاق قېيىنلارنىڭ
ئۇچى كەچكى شەپەقنىڭ ئاداقى نۇرلىرى-
دا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بوغۇق ئاۋازدا:
— سەنزە، ئەسكى... — دېدى-دە،
ئۇشتۇمتۇت ئاليۇشانى يەنە قۇچاقلاپ
سۆيۈپ كەتتى.
ئاخىرى لىۋدمىلا ئورنىدىن تۇرۇپ
كۆينەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سائىتىگە قارىدى.
— ئاپلا، بۇ چاققىچە كېتىشىم كېرەكتى
ئەمەسمۇ؟ — ئۇ قېيىقنى توختىتىپ قويغان
يەرگە قاراپ تېز يۈرۈپ كەتتى. ئاليۇشا
ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.
قېيىق كۆرۈنمەيتتى، ئىزغىرىن شامال
سۇ بېتىگە ئۇرۇلۇپ قاتمۇ-قات مەيىن
دولقۇن ھاسىل قىلاتتى، دولقۇنلار ئاليۇشا-
نىڭ ئايىغىغا سىرىلىپ كەتتى. قىرغاق

بويلىرىدىكى سۇنىڭ يۈزى قاپقارا ئىدى، سۇ ئاستىغا سۇ ئۇتلىرى ۋە شاخلاپ كەتكەن يىلتىزلار ئۆسكەنىدى.

— قېيىق يوقمۇ؟ — سورىدى لېۋدمىلا ۋىكتوروۋنا ئالاقزادە بولۇپ.

— تاغەي، — دېدى ئاليوشا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، — مەن ئىزدەپ باقاي، — ئۇ كۆل بويىنى بويلاپ تېز-تېز ماڭماقتا ئىدى. قېيىق قىرغاقنىڭ بىرەر يېرىدە توختاپ قالغان بولسىكەن دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئارالنى بىر ئايلاندى، قېيىقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ئەمسە قېيىق نەگە كەتكەندۇ؟ — سورىدى لېۋدمىلا تىت-تىت بولۇپ.

— ۋاي تاغەي... شامال ئەكەتتىمكىن، يا سۇغا چۆكۈپ كەتتىمكىن. ئابىيام ئۇنى قىرغاققا تېخىمۇ يېقىن قويساق بوپتىكەن.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ مەن مۇشۇ تاپتا نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتىمەن، ھەي، سەن بېرىپ بىرەر ئامال قىلماي بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن. بۇ يەرنىڭ چاتاق يەر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن. بىلىشىڭ كېرەككى، ناۋادا كىشىلەر ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردە يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالسا قانداق ئويلىشىدۇ... ئۇ قارشى قىرغاققا قارىدى، قارشى قىرغاق ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەرگە ئاز دېگەندىمۇ بىر كىلومېتر كېلەتتى، قاراڭغۇدا ئۇياقنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. قاتار-قاتار ئۆيلەر خىرە-شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پەقەت تۆپىلىكتىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسى يەنىلا كەچكى شەپەقنىڭ ئاداققى نۇرىدا ۋاللىداپ تۇراتتى.

— مەن تۈگىشىدىغان بولدۇم... — دېدى لېۋدمىلا ۋىكتوروۋنا پەس ئاۋازدا، ئۇ قورقۇپ يىغلىغىلى تۇردى.

— يىغلىما، يىغلىما، تۇر، — ئاليوشا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈزلىرىنى توسىۋالغان قولىنى چۈشۈرىۋەتمەكچى بولدى، ئەمما لېۋدمىلا يۈزىنى تېخىمۇ چىڭ توسىۋالدى. بۇ چاغدا ئاليوشا:

— مەن ھازىرلا باراي... مەن چاپسان ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ بىر قېيىق ئەكىلەي، — دېدى ئۆزلۈك قىلىپ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا پۈلتۈڭگىدە قىلىپ كۆلگە سەكرىدى.

لېۋدمىلا ۋىكتوروۋنا ۋارقىرىدى، ئۇ ئاليوشانى تۇتۇۋالماقچى ئىدى: ئەمما ئۇ بۇنىڭ بىردىنبىر ئامال ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يۈرىكى پوكۇلدىغان، ئازابلانغان ھالدا ئۇنىڭ گۈگۈمدا قانداق غايىب بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ قالدى.

... ئۇ توپتوغرا بىر كۈن ساقلىدى. ئەتىسى ئەتىگەن قىرغاقتا يەنە بىر ئەتىگەن ساقلىدى، قاق چۈشتە يەلكەنلىك كېمە بىلەن تاماشا قىلغىلى كەلگەن بىر توپ يىگىت ئۇنى قارشى قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بازاردىكى ھەممە كىشى ئاليوشانىڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىدىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ جەسىدىنى قىرغاقتىن تېپىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى. ئەمما ئۇنىڭ قانداق تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىنى، نېمىشقا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ تېيىلىپ سۇغا چۈشۈپ ئۆلگەنلىكىنى ئېھتىمالغا بەك يېقىن دەپ ئويلاشتى.

(يازغۇچىنىڭ «ھەقىقى مۇھەببەت قەيەردە؟» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى)

خەنزۇچىدىن **ئابدۇسالام ئابلىز** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاسىيە داۋۇت

# قەلب رشتىسى

(ھېكايە)

ئۇلار قۇچاقلىشىپ تۇراتتى. قىزىمنىڭ يۇمۇلغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى كۆرۈپ ئىچىم لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى: ئۇ ئايال ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا مەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيتتىم. ئون سەككىز يىل ئىلگىرى تېخى ئىككى ئايلىقمۇ بولمىغان كىچىككىنە جاننى ماڭا تاشلاپ قويۇپ يۈرتتىن چىقىپ كەتكەن بۇ ئايال ئەمدىلىكتە ئۇنى — مېنىڭ قىزىمنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى.

توي قىلىپ ئالتە يىلغىچە بالا يۈزى كۆرمىدۇق. بارمىغان مازار، ئىزلىمىگەن داخان، يېمىگەن دورا قالمىدى. ئېرىم ئائىلىسىنىڭ يالغۇز بالىسى بولغاچقىمىكىن ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىزنىڭ بالا يۈزى كۆرۈپ قىلىشىمىز ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتراپ ئامال-چارە ئىزلەشتى. ئەپسۇس... ئايال دېمەك — ئانا دېمەك، ئۇ ئاشۇ ئانا دېگەن ئۇلۇغ نامغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەدىرلىك. لېكىن مەنچۇ؟ خۇددى قېيىن ئانام يۈزۈمدىن-يۈزۈمگە ئېيتقاندەك «ياردىماس قېچىر». ئېرىم بىلەن تۆت يىل يۈرۈپ توي قىلغان ئىدۇق. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە قىل سىغمايتتى. توي قىلغان

دەسلەپكى يىللاردا بالا قەدرى ئانچە ئۆتۈلمىگەن ئىدى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ھەر ئىككىلىمىز ھاياتىمىزدا بىر نەرسە كەمدەك تۇيغۇغا كېلىپ، بىر-بىرىمىزگە ئۇنىسىز تىكىلىپ قالىدىغان چاغلىرىمىز كۆپەيگىلى تۇردى. مەن بارا-بارا ئۆزۈمنى كەمسىتىدىغان، ئېرىمنىڭ ئالدىدا خۇددى كەچۈرگىسىز گۇناھىم باردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. دەسلەپتە ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن كۆيۈنۈپ، ئاسرىغان بولسام، بارا-بارا ئۇنىڭ مېنى قويۇۋېتىشىدىن، ئۈچ ئېغىزلىق ياسىداق ئۆيۈمنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك ئاسرايدىغان، كۈتىدىغان بولدۇم. بەزى ئىشلاردا مېنىڭ ئويلىغىنىم توغرا بولغان تەقدىردىمۇ ئېرىم تەرەپتە تۇرۇشقا كۆنۈكمەن. ئاچچىقىم كەلگەن مىنۇتلاردا يالغاندىن جىلمىيىپ، ئاچچىقنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇرمەن. ئىشقىلىپ بارلىق ھەرىكىتىمدە ئېرىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، ئۇنى رەنجىتمەسلىكنى مىزان قىلىمەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنى مەندىن ئايرىلىپ كېتىشكە شۇنچە زورلاشلىرىغا قوشۇلماي كېلىۋاتىدۇ. شۇ كۈنلەردە

پەقەت ئۇلا مېنىڭ دەردىمنى چۈشىنىدىغان
بىردىن بىر روھىي يۆلەنچۈكۈمدەك سېزى-
لىدۇ. بىراق ھەر قېتىم قېيىن ئانامنىڭ
كۆزلىرىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگىنى-
دە ھاياتتىن بىراقلا ۋىدالىشىپ، ئوغلىنىڭ
قايتا ئۆيلىنىپ پەرزەنت كۆرۈشى ئۈچۈن
پۇرسەت يارىتىپ بەرگۈم كېلىدۇ. ئەمما
ئۆلۈشمۇ ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىكەن.
ئائىلەمگە ئۆي سايمانلىرى ئېلىپ قالسام
دوستلىرىم، نېمە ئانچە قىلىپ كېتىدىغان-
سەن، بۇ ئۆي مەڭگۈ ساڭا تەئەللۇق
بولالارمۇ؟ دېيىشىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى
ئاڭلىغاندا پۈت-قولۇم بوشىشىپ، بىھوش
ئادەمدەك بولۇپ قالىمەن. نېمىشقىكىن،
بەزى ئاياللار قوچىقىدىكى ئوماق بوۋىقىنى
كۆرۈۋېلىشىمنىمۇ خالىمايدۇ. تەييارلىق
سىنىپىغا مەسئۇل بولغاندا، بىر ئوقۇغۇچىمنى
تەنقىدلەپ قويۇپ، ئۇ بالىنىڭ ئايىسىدىن
يەتكىچە دەشنام يېگەنىدىم:

— ئۆزلىرىمچۇ توققۇز ئاي، توققۇز
كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز
ئاچچىق تولغاقنىڭ ئازابىنى تارتىپ بالا
تۇغۇپ، ئاندىن تىللىسىلا، ئايال تۇرۇپ
تۇغالماي، خەقنىڭ بالىسىنى نوقۇشلاپ
كېتىشنى يارىماس بايتالنىڭ...

بۇ سۆزلەر ھەر ۋاقىت قۇلاق تۈۋىمدە
جاراڭلايدۇ. باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى قولۇمغا
ئېلىپ ئەركىلىتىشتىنمۇ، سۆز قېتىپ كۈلدۈ-
رۈشتىنمۇ، بىردەم-يېرىمدەم چۈچۈك گەپلە-
رىنى ئاڭلاشتىنمۇ قورۇنىمەن ھەتتا ئۆزۈمە-
نىڭ سىڭلىسىمۇ بالىسىنى بىزنىڭ ئۆيدە
ئۈچ-تۆت كۈن تۇرغۇزمايدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە
مەن تۇغمىغاچقا بالىنىڭ قەدرىگە يەتمەس-
مىشمەن. بىر كۈنى تۇغۇتتىدا ئۆلۈپ كەتكەن
بىر تونۇشۇمنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە باردىم.
ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆز باغرىدا
يېتىلگەن بىر ھاياتلىقنى بۇ دۇنياغا قالدۇ-
رۇپ كەتتى. مانا ئۇ ھەقىقىي ئايال.
ئاشۇ ئايالنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام
نەقەدەر ئارمانسىز ئۆلگەن بولار ئىدىم--
ھە! مەن شۇ كۈنى ھاياتىمدا ئەڭ
ھەسرەتلىك، ئەڭ يىغالىق ياش تۆكتۈم.
بۇنى تونۇشۇمنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە
دېگەندىن كۆرە، ئۆزۈمنىڭ ئايال جىنسى
تۇرۇپ، ئانا بولالمىغىنىمغا ئېچىنىپ يىغلىدىم
دېسەم مۇۋاپىقراق.

ئېرىم گاھىدا خويلىنىپ قالىدۇ،
گاھىدا پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ،
خىرە يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە
خىيالغا چۆكىدۇ. بۇنداق چاغلاردا قويغان--
تۇتقىنىمنى بىلمەي، قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي
قالىمەن. بەلكىم ئۇ مەن بىلەن ئايرىلىپ
كېتىشنى، بالا تۇغالايدىغان ئايالغا ئۆيلىنىشنى
پىلانلاۋاتىدىغاندۇ. ئەۋلاد قالدۇرۇشنى
خالىمايدىغان ئەر بولامدۇ؟ مەيلى ئوتتۇرىدا
ھېسسىيات بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇلار
پەرزەنت كۆرۈشنى ياشاشنىڭ بىر ياسقۇچى
دەپ بىلىدۇ. كىممۇ تۇغماس ئايالنى ئۆزىگە
ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىشنى خالىسۇن؟
ئۇنداق بەختسىز ئاياللارنىڭ پاناھلىنىدىغان
جايى پەقەت ياشقا چوكىيىپ قالغان ياكى
ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ بالىلىرى يېتىم قالغان
ئەرلەرنىڭ ئۆيى، خالاس. كۆڭلەرنىڭ
بىرىدە ئاشۇنداق تەقدىرگە قېلىش
ۋەسۋەسىسى مېنى بىر مىنۇتمۇ ئارام
تاپقۇزمايدۇ. دوست-يارەنلىرىمىزنىڭ ئالدى
ئىككى بالىلىق، كەينى بىر بالىلىق بولۇپ
قالدى. كىمدۇر بىرىنىڭ ئايالى تۇغۇپتۇ
دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ھەسەت-
تىن ئىچىم ئېچىشىپ كېتىدۇ. مەنمۇ تۇغالىغان
بولسام، ئېرىم پات-پات دۇمباقتەك كۆپۈپ
چىققان قورسىقىمنى تىڭشاپ باققان، بالىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسمىنى قويۇش توغرىلىق مەن بىلەن
بەس-مۇنازىرە قىلىشقان، ئاياللار ئۈچۈن
گۆر ئاغزىغا بېرىپ قايتىپ كېلىدىغان تۇغۇت
ئۆتكىلىدە ماڭا ھەمنەپەس بولغان بولاتتى.
بالىمىزنىڭ تۇنجى كۈلكىسى، تىلى چىقىپ
ئېيتقان بىرىنچى سۆزى، ئۆمىلىگەن، دۈم
بولغان، ئولتۇرغان ھەم ماڭغاندىكى مەسۇم
قىلىقلىرى ئائىلىمىزگە شاد-خۇراملىق ئېلىپ
كەلگەن بولاتتى. يازنىڭ سالقىن كەچلىرى-
دە ھازىرقىدەك بىر-بىرىمىزگە ھومىيىپ
قارىشىپ ئولتۇرماي، بالىمىزنى ئوتتۇرىغا
ئېلىپ كوچىدا سەيلە قىلىشىپ كېتىۋاتقان
ئاشۇ بەختلىك كىشىلەرنىڭ توپىغا بىزمۇ
قېتىلغان بولاتتۇق. ئاھ خۇدا، ئالدىڭدا
نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىم؟ ماڭا
باشقىلاردىن قېلىشمىغۇدەك چىراينى،
بوي-بەستنى، ئەقىل-پاراسەتنى بېرىپ-
سەن-يۇ، نېمىشقا تۇغۇش ئىقتىدارىنى
بەرمىگەنسەن. قوشنىلىرىم بالىلىرىنىڭ
كەپسىزلىكى توغرىلىق ۋايىسا ياكى
ئائىلىمىزنىڭ جىمجىت مۇھىتىنى ماختىسا،
بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىمەن. ئىككىنىمۇ
ئەمەس، پەقەت بىرنىلا تۇغقان بولسام--
ھە! مەيلى ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ كەپسىز
بالا بولسىمۇ رازىدىم. ئاخىرى چوڭلارنىڭ
بالا بېقىۋالسا تۇغۇپ قالارمىكىن دېگەن
تەكلىپىگە ئاساسەن بالا بېقىۋېلىش
قارارىغا كەلدۇق. شۇ كۈنلەردە ئېرىمنىڭ
نەۋرە سىڭلىسىنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ
قالغان ئىدى. ئۇ پات ئارىدا يولدىشىدىن
ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولىۋاتاتتى. دادا
تەرەپتىكىلەرنىڭ رازىلىق بېرىشى بىلەن
بىز ئۇنىڭ بالىسىنى بېقىۋالماقچى بولدۇق.
ئىككى يېرىم كىلو كېلىدىغان بۇ كىچىككىنە
جاننى قولۇمغا ئالغىنىمدا ئىچ-ئىچىمدىن
ئۇرغۇپ چىققان بەخت تۇيغۇسى پۈتۈن
جىسمىمنى چۇلغىۋالدى. مەگزىمنى بويلاپ
تۆكۈلىۋاتقان كۆز ياشلىرىم قۇچىقىمدىكى
بوۋاققا چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپقا تاراۋات-
قان قىرقىراق يىغىسى خۇددى كىشىلەرگە
مېنىڭ ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىمنى جاكار-
لاۋاتقاندەك، سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئەمدى
مەن يېگى بىر ھاياتقا ئېرىشكەن ئىدىم.
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇرۇختۇملۇق، ئازاب
ئىچىدە ئىلاجسىز ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىمدا
ئۆزگىرىش بولدى. ئۆي ئىچىنى بالامنىڭ
ئەركىلىگەن ئاۋازى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى
قاپلىدى. ئۇنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇش،
يۇيۇندۇرۇش، قورسىقىنى تويغۇزۇش،
ئاستىنى قۇرۇقداش مەن ئۈچۈن زور
بەخت ئىدى. بۆشۈكىنى يېنىك تەۋرىتىپ
مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقىنىمدا
ئۆزۈمنى راستتىنلا بىر ئانىدەك ھېس
قىلاتتىم. پۇشۇلداپ تىنىپ، تاتلىق ئۇيقۇدا
ياتقان قىزىمغا تىكىلگىنىمچە سائەت-سائەت-
لەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ئىلگىرى دەرد-ھەس-
رىتىمنى ئۆيۈمنىڭ تۆت تېمىغا، تەشتەكتىكى
گۈللىرىمگە تۆككەن بولسام، ئەمدىلىكتە
قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ بۇقۇلداپ يىغلايدى-
غان بولدۇم. ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان
قاپقارا كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، بۇدرۇق
قوللىرى بىلەن مەگزىمنى سىلاشلىرى مەن
ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللىي ئىدى. خۇدا
كىشىلەر كەمسىتىدىغان مەندەك بىر تۇغ-
ماس، ھاياتتىن رايى قايتقان بىچارە ئايالغا
قىلىدىغان ئىش تېپىپ بەرگەن ئىدى.
مەن قىزىمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپلا
تامىقىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى كۆتۈرۈپ
ئوينىتاتتىم. ئۇيقۇسى كەلگەندە پەپىلەپ
ئۇخلىتاتتىم. سۈيدۈك لاتىلىرىنى يۇياتتىم.
بىر ئىشنى قىلىپ بولسام يەنە بىر ئىش
تەييار ئىدى. ئۆزۈمنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىمنى

ئويلاشقىمۇ ۋاقتىم يوق ئىدى. قېيىن
ئانامنىڭ دارتىملاپ ئېيتىۋالدىغان ئاچچىق
گەپلىرىنىمۇ، ئېرىمنىڭ كەمسىتىش تەلەپ-
پۇزىدىكى قىرتاق چاقچاقلىرىنىمۇ ناھايىتى
تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم. بىراق ئەمدىلا
تىنچلانغان كۆڭلۈم يەنە پاراكەندىچىلىككە
چۈشتى. بالام بىر يېرىم ياشقا تولغان
چاغدا تۇغقان ئاپىسى ئۇنى كۆرگىلى
كەلدى. ئانا-بالا مېھرى شۇ قەدەر ئۇلۇغ
ئىكەن. ئېگىز تاغلارمۇ، دەريالارمۇ ئۇلار
ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈۋېتەلمەيدى-
كەن. ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغان قىزىمغا
قولۇمنى سوزسام ماڭا كەلگىلى ئۇنىمىدى.
ئۇڭايسىزلانغانلىقىمدىن ئەتراپتىكى تۇغقانلار-
دىن قاتتىق خىجىل بولدۇم. شۇ چاغدا
قېيىن ئانام تۇيدۇرمايلا، قىزىمنىڭ سۆڭگىچە-
نى چىمدىۋالدى. قىزىم قىرقىراپ يىغلىغىنىچە
ئۆزىنى ماڭا ئاتتى. مەن ھېچكىمنى ماڭا
ھېسداشلىق قىلدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم.
قېيىن ئانام بولسا ماڭا لەنەت ئوقۇيدىغان
كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مۇشۇ پەيتتە
بەلكىم ئۇ ئوغلىنى ئويلىغاندۇ ياكى ئۆزى
بىلەن ئوخشاش جىنستىكى مېنىڭ ھەسرى-
تىمنى بىر ئاز بولسىمۇ چۈشەنگەندۇ. نېمىلا
بولمىسۇن ئۇ مۇشۇ پەيتتە ماڭا ياخشىلىق
قىلدى. قەلبىمگە سالغان ئەلەملىك
داغلارنى مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن پاك-پاكىز
يۇيۇۋەتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزىم چوڭ
بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەقلىنى قولغا
ئېلىشىغا ئەگىشىپ يۈرىكىمدىكى ۋەھىمە
يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى. دوستلىرى
بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا ياكى كىمدۇر
بىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىنغان قىز
ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ سالامدىكىن دەپ
يۈرىكىم سۇ بولىدۇ. ئاپىسى ھەر يىلى
ئۇنى كۆرۈش مەقسىتىدە ئۆيىمىزگە بىر
قېتىم كېلىدۇ، ھەر كەلگەنىدە ئۇنىڭغا
نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. قىزىممۇ
ئۇ ئايالغا ئامراق. خۇدا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆز
ئانىسى ئىكەنلىكىنى قىزىمنىڭ بىلىپ قېلىشى-
دىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. قىزىمنىڭ
لەۋلىرى، قاپقارا قوشۇما قاشلىرى ماڭا
ئوخشايدۇ. باشقىلار «ئۆزلىرىدەكلا ئاق
پىشماق قىزدىن بىرنى تۇغۇۋاپلا» دېگەنىدە
كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ، لېكىن قىزىم
«مەن نېمىشقا دادام ئىككىڭلاردەك ئېگىز
ئەمەس» دېگەنىدەك سوئاللارنى سورى-
غاندا، يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالىدۇ.
تۇرمۇشتا ئۆزى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان
مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەشتىنمۇ ئارتۇق ۋەھىمە بولمىسا
كېرەك. مانا ئون سەككىز يىلدىن بويان
مەن ۋەھىمە ئىچىدە يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان
سىر بۈگۈن ئاشكارىلاندى.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ تۇراتتى، قىزىمنىڭ
كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى كۆرۈپ
قاققان قوزۇقتەك ئىزىمدا تۇرۇپلا قالدىم.
تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى، مىڭبىر جاپادا
ئېرىشكەن ئانىلىق سالاھىيىتىممۇ تۈگىدى.
قىزىم مېنىڭ ئۆگەي ئانا ئىكەنلىكىمنى
بىلدى. ئۇ بىر قېتىم مېنىڭدىن: «مېنى
تۇغقىچە نېمىگە سېزىك بولغان ئىدىڭىز؟»
دەپ سورىغاندا، ئالمىغا سېزىك بولغان،
دېگەن ئىدىم. ئۇ بۈگۈن مېنىڭ ئۆزىنى
ئالدىغانلىقىمنى، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي
سېزىكلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي-
دىغانلىقىمنى بىلدى. شۇ تاپتا ئۇ نېمىلەرنى
ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئەمدى ئۇ ئۆز ئانىسى بىلەن
كېتىدۇ. كىشىلەر مېنى يەنە كەمسىتىدۇ...

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا قىزىم داستى-
خانغا كەلمىدى. ئۇنى قېنى دەپ سوراشقىمۇ

www.uyghurkitap.com



پىتنالمىدىم. يىغلاپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ئانىسى ئۈن-تىنسىز بىز بىلەن غىزالاندى. ئىرىم ئەزەلدىنلا ئۇ ئايال بىلەن خۇشى يوق بولغاچقا بىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە گۆرستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاھ، بۇرۇختۇملۇق! ئاھ، تۇغماسلىقنىڭ دەردى! ئۆزۈمنى يىغىدىن ئاران-ئاران توختىتىپ ئېغىز ئاچتىم:

— ئۇنىڭغا ئېيتتىڭىزما؟

— كەچۈرۈڭ، بالا دەردىگە پەقەت چىدىمىدىم. قانداقچە دەپ سالغىنىمنى بىلمەيلا قالدىم.

— ئۇ نېمە دېدى؟

— ھېچنېمە دېمىدى. پەقەت «بۇ يالغان» دەپلا يىغلاپ كەتتى.

بىچارە قىزىم قانچە ئازابلىنىپ كەتكەندۇ؟ ئەركە ئۆسكەن قىزىمنىڭ نازۇك قەلبى بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش سالاھىيىتىم يەنە بارمىدۇ؟...

ئۇنى ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرغاندا كۆرگەنچە كەچكىچىمۇ ئۇچراتمىدىم. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا گېلىمدىن غىزا ئۆتمىدىغاندەكمۇ ئەمەس، پەرىشان ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندەك بولدى ھەم قىزىمنىڭ سۇلغۇن سىماسى ئىشىكتە گەۋدىلەندى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇ ئۇمچە يگەنچە كېلىپ قۇچىقىمغا ئۆزىنى ئاتتى.، ھەر ئىككىمىز تۆكۈلۈپ-تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتۇق. مەن قىزىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم:

— جېنىم ئاپا، سىز مېنىڭ ئاپام، سىز مېنى ئانىلىق مېھرىدىن بەھرىمەن قىلدىڭىز، ئۆز ئاتا-ئانام مېنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىمغىمۇ قارىماي ئايرىلىپ كېتىپتىكەن. سىلەر مېنى ئۆز بالاڭلاردىنمۇ بەتتەر ياخشى كۆرۈپ چوڭ قىلدىڭلار، مەن سىلەرگە مەنسۇپ، مەن سىلەرنىڭ ئۆز قىزىڭلار...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئادالەت ئابلىز

# تۇغۇلغان كۈن

(ھېكايە)

بۈگۈن گۈلچەھرەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرى قاتارىدا ئەسقەرنىمۇ تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان چايغا تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئەسقەر ناھايىتى خۇشال بولدى.

گۈلچەھرە ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسن-جامالى بىلەنلا ئەمەس، ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى ۋە مۇلايىم، خۇش خۇي مىجەزى بىلەن ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. بولۇپمۇ ئەسقەر ئۇنىڭغا بەكرەك ھەۋەس قىلاتتى. لېكىن ئۇ ھەر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ گۈلچەھرەدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلىنەتتى. مېنىڭدەك گاداي ئوقۇغۇچىغا گۈلچەھرەدەك گۈزەل قىزلار نەزەر سالامدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنى تارتقىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

راست، ئەسقەرنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ناچار، ئانىسى كېسەلمەن. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا پات-پات پۇل ئەۋەتىپ بېرەلمەيدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئەسقەرنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولاتتى. گۈلچەھرە بۈگۈن ئۇنى تۇغۇلغان كۈنىگە چاقىردى. ئۇنىڭغا بارمىسا بولمايدۇ. بىراق، سوۋغاتنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەرزان نەرسە ئاپىرىشقا تېخى بولمايدۇ. قىممەترەك نەرسە ئالاي دېسە يانچۇق قۇرۇق. ھەي، ئۇ قانداق قىلسا بولار؟ ئەسقەرنىڭ تازا بېشى قاتتى. باشقىلاردىن پۇل سورىسا قانداق بولار، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا كىم پۇل بېرىپ تۇرالايدۇ؟ ئەسقەر سۇلاشقىنىچە ئاستا ياتاققا قايتىپ كەلدى. ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ مەقسەتسىزلا ئۆزىنىڭ چامدىنىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىقتى ۋە ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى بىر نۇقتىدا توختاپ قالدى. نۇرئېلىنىڭ چامدىنى ئوچۇق بولۇپ قۇلۇپ بىلەن ئاچقۇچ چامدان ئۈستىدە تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئەسقەرنىڭ بىردىنلا نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ ياتاقنى ئىچىدىن تاقاپ، نۇرئېلىنىڭ چامدىنىنى ئاختۇردى. چامداندا بىر پارچە 100 يۈەنلىك پۇل تۇراتتى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى-دە، چامداننى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى دېرىزىدىن گۈللۈككە تاشلىۋەتتى. بۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭچە بۇ ئىشنى ھېچكىم سېزەلمەيتتى. ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى، ئاچتى-يۇ چۆچۈپ كەتتى. ئىشىكتىن نۇرئېلى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەسقەرنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلمىدى. ئەسقەر ئىشىكتىن چاققانلىق بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ دەككە-دۈككە ۋە ھاياجان ئارىلاشقان بىرخىل تۇيغۇ ئىچىدە ماگىزىنغا كىردى. 100 يۈەن پۇلنىڭ كۈچى بىلەن قەددىنى رۇسلاپ، گۈلچەھرەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ سورۇندىكى قىز-ئوغۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، گۈلچەھرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ۋە قولىدىكى ئۈنئالغۇنى گۈلچەھرەگە ئۇزاتتى.

— نېمانچە ئاۋارە بولىسىز؟ رەھمەت سىزگە.

گۈلچەھرە سوۋغاتنى ئىككى قوللاپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەسقەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن قىز-ئوغۇللار جۈپ-جۈپ بولۇپ تانسىغا چۈشتى. شۇ ئەسنادا ئەسقەرنىڭ ئېسىگە نۇرئېلى كەلدى. بىچارە، شۇ تاپتا پۇلنىڭ يىتكەنلىكىنى بىلگەن بولسا قانچە ئازابلىنىۋاتىدىغاندۇ، مەن نېمە قىلدىم-ھە؟

— نېمە بولدىڭىز، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — گۈلچەھرەنىڭ سوئالىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتەرگەن ئەسقەر كۆزلىرىنى ئەپقاچتى:

— ياقەي، ھېچنېمە بولمىدىم.

— ئەمسە كېلىڭ، تانسا ئوينايلى.

ئەسقەر ئىنتىك ئورنىدىن تۇردى. بىراق پۇتلىرى كالامپايلىشىپ قالغاندەك ھەدېسە قىزنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالاتتى، قوللىرى تىترەيتتى. گۈلچەھرەدىن ھەدەپ كۆزىنى ئەپقاچاتتى. مۇزىكا ئاخىرلاشتى. ئەسقەر ئورنىغا ئەستە كېلىپ ئولتۇرىۋالدى. ئەسقەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى گۈلچەھرەنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ پات-پات ئەسقەر تەرەپكە قاراپ قوياتتى. بۇ قاراشتىن ئەسقەر تېخىمۇ ھودۇقۇپ، خۇددى گۈلچەھرە

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى سېزىپ قالغاندەك، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. قىز-ئوغۇللار خۇشال-خورام كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن سورۇننى قىزىتىشاتتى. ئەسقەر بولسا بارغانچە تۈگۈلۈپ كېتىپ باراتتى. ئەگەر بۇ ئىشىمنى گۈلچەھرە بىلىپ قالدىغان بولسا، ئىلگىرى-كېيىن تۈگەشكىنىم شۇ، — دەيتتى ئەسقەر ئىچىدە پۇچىلىنىپ، — مەن نېمىدېگەن ھاماقەت-ھە؟ بىر قىزنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ساۋاقدىشىمنى قاقشاتتىم، ئوغرىلىق قىلدىم، بۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن نېمىدېگەن نومۇس ئىش...

ئەسقەر ئەمدى چىدىيالمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ دىققەت قىلمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدىلا ئۆيدىن چىقىۋالدى. ئۇ ياتاققا كىرگەندە نۇر ئىبلى كارىۋىتىدا ئۇگدىسىغا ياتاتتى. ئەسقەرنىڭ كۆزى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان خەتكە چۈشتى. ئۇ ئىتتىك خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ئوغلۇم نۇر ئىبلى قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئوقۇشۇڭ ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟ چوقۇم شۇنداق بولۇشىنى ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەيمەن. ئوغلۇم، بۇ قېتىم ساڭا كۆپ پۇل ئەۋەتەلمىدىم. چۈنكى داداڭ ئاغرىپ ياتاقتا يېتىپ قالدى. بالام، بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، داداڭمۇ ساقىيىپ قالار. ياخشى ئوقۇغىن، ئەۋەتكەن 100 يۈەن پۇلنى تېجەپ ئىشلىتىپ تۇرارسەن...

ئەسقەرنىڭ قولىدىكى خەت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. نومۇس ۋە ئەلەمدىن يۈرىكى پۇچىلاندى.

— ئالدىڭدا ئەيىبلىكمەن، — دېدى ئۇ ئۆپكىدەك قىزارغان ھالدا ھالسىز ياتقان نۇر ئىبلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، — مەن ئەقىلسىزلىك قىلدىم، مەن ساڭا ئەتە نەدىن بولمىسۇن 100 يۈەن پۇل تېپىپ قايتۇرۇپ بېرىمەن. مەن... مېنى كەچۈرگىن... — ئۇ شۇنداق دېيىلا تالاغا چىقىپ كەتتى. نۇر ئىبلى ھاڭ-تاڭ بولغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

غۇنچەم سەمەت

# ھالقا

(ھېكايە)

— ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن زەنجىر دەۋېرىدىكەنسەن، خۇددى مەن بىر ئالتۇن كاننى ئېچىۋالغاندەك، — دېدى يۈسۈپئاخۇن ئايالىغا تەرىنى تۇرۇپ.

— ۋاي-ۋۇي، ئالدىلىرىغا كەلگىلى شۇنچە يىل بوپتۇ. ئىككى قىز، بىر ئوغۇللۇق بولدۇق. باللار ئۆزىمىز بىلەن تەڭ بولغىچە ئاران ئەپ بەرگەنلىرى بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا بوپتۇ. يەنە نېمە تەرىلىرىنى تۇرىلا؟ — دېدى ھاۋاخانمۇ بوش كەلمەي، — باشقا ئاياللاردىن نەرىم كەمتى مېنىڭ، ھازىرچۇ، ھەممىسىنىڭ قوش-قوش ئالتۇن جابدۇقلىرى بار، خەققە قاراپ بېقىپ بىر نېمە دېسىلە.

— خەق، خەق دەۋېرىدىكەنسەن، خەق كېلىپ بىزنىڭ ئۆيىنى تۇتۇپ بېرىدىغاندەك، مەنمۇ قەستەن ئېيىبەرمەيۋاتقىنىم يوققۇ. ئۆزۈڭ بىلسەن، ئالدىنقى يىلى

ئەكرەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇ ئىشقا ئاز پۇل كەتمىدى. بۇ يىل ماۋۇ قىزنىڭ ئۆزى پۇل تۆلەيدىغان ئوقۇشقا ئىسىلىۋالدى. مەكتەپنى پۈتتۈرسە، بۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمىز دەپ يەنە قانچىنى خەجلەيمىز تېخى، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى يۈسۈپئاخۇن تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغاچ.

— ۋاي-ۋۇي...! ئەمدى مېنى ئوقۇتقان ئازىراق پۇلۇڭلارغا مىننەت قىلىۋاتامسىلەر؟ پۇل خەجلىگەن سىلەرلا ئەمەس، سىنىپىمىزدىكى مەندىن باشقا 35 بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ سىلەرگە ئوخشاش، ھەتتا سىلەردىن ئارتۇق خەجلىگەن! — دېدى ئىچكىرىكى ئۆيدە دەرس تەكرارلاۋاتقان زۆھرەت يۈگرەپ چىقىپ.

— بولدى، بولدى! كىرىپ تەكرارىڭنى قىل! — دېدى يۈسۈپئاخۇن قىزىغا زەردە بىلەن، — ئاۋۇ بەغەرەزمۇ بىر تىيىن ئىشلىمايدۇ، تېخى ئۆيدىن پۇل سورىشى قالتىس، نېمىگە خەجلەيدىكىن تاڭ.

— قىزىقكەنلا، تاماقنى سىرتتىن يەيدىغان تۇرسا.

— ساتتارنىڭ ئوغلىمۇ ئەكرەم بىلەن بىر ئىدارىدىغۇ، شۇمۇ يەپ-ئىچكەندىن سىرت ھەر ئايدا ئۆيگە يۈز سوم، بەزى ئايلاردا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەكىرىدىكەن.

— ئادەمگە ئادەم ئوخشىماتتى.

* *

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، يۈسۈپئاخۇن ئۆيگە خۇشال كىرىپ كەلدى ۋە قازان بېشىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن ئايالىغا:

— ھاۋا، ئاخىر مۇرادىڭ ھاسىل بولىدىغان بولدى! — دېدى خۇشاللىق بىلەن.

— قانداقسىگە؟ نېمىنى دەيلا؟ — دېدى ھاۋاخان دەماللىققا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

— قارا ئانىسى، ئاشۇ يىلى ئىچكىرىگە بارغاندا بىر ئاداش بىلەن ئىككىمىز بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتىكەنمىز. يېقىن ئاغىنە بولۇپ قالدۇق، دېگەنتىمغۇ ساڭا؟

— ھە-ھە، ھېلىقى تۇرسۇنمۇ؟ ئېسىمدە.

— بۈگۈن كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ شۇ ئاداشنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ قاپتىمەن. ئىككىمىز ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. ئۇ ھازىرمۇ شۇ ئوقەتنى قىلىپ تۇرىدىكەن.

— قانداق ئوقەت؟

— قانداق ئوقەت دەيدا. ئېلىپ ساتارچىلىق بولمامدۇ، — دېدى يۈسۈپئاخۇن ۋە ئايالىنىڭ ئالدىغا سەل يېقىنلاپ كېلىپ پەس ئاۋازدا قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — ئېپى كېلىپ قالسا ئاقنىمۇ سېتىپ قويىدىكەن.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ نېمىگە مۇرادىم ھاسىل بولىدىكەن؟ يا مەن ئۇنى چەكمىسەم.

— توختىمامسەن، ئادەم گەپنىڭ پوسكاللىسىنى چىقىرىپ بولغىچە...

— ھە، قۇلىقىم سىلىدە.

— قارا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم. مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ تىجارىتى تازا ئېقىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مالغا قارىغاندا ھەممىدىن بەكرەك ھېلىقىنىڭ بازىرى بەك ئىتتىكمىش. پۇلى بارلار پۇلغا، پۇلى يوقلار نەرسىگە ئېلىشىدىكەن. خۇمارى تۇتۇپ كەتكەنلەر بەزىدە پۇل تاپالمىسا قولىغا ئىلىشكەنلىكى نەرسىنى ئالىدىكەندە، ئۇدۇل كەلگەن باھاغا ساتىدىكەن. بەزىدە ئالتۇن جابدۇقلارمۇ

www.uyghurkitap.com

كەپ قالىدىكەن. زەنجىر، زەنجىر دەپ قۇلاق-مېڭەمنى يەپ بولدۇڭ. مەن ئۇنىڭغا دەپ قويدۇم. بۇدا ئېپى كېلىپ قالسا ساڭا، شۇنىڭدىن ئېلىپ بېرەي دەيمەن. ئەرزانلا ئېلىۋالىمىز.

— خەقنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالغان نەرسنى...

— ھەي، خوتۇن خەق دېگەننىڭ زادى چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن راست گەپ. خەق دېگەنمىچۇ، چىدىمىغاندا ساتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغاندا قورسىقى ئاغرىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ساتالىغىنىغا خۇش بولىدۇ، — دېدى يۈسۈپئاخۇن خوتۇنىغا چۈشەندۈرۈپ.

شۇندىن كېيىن ئەر-ئايال ئىككىسى كۈندە دېگۈدەك ئالتۇننىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولدى. يۈسۈپئاخۇن پات-پات تۇرسۇننىڭ دۇكىنىغا كېلىپ تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ قوياتتى. ئۇ ئايالى ئاسىدىغان ئالتۇن زەنجىر ۋە ئارقىدىن دوست-دۈشمەنلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ ئۆز قولىغا خۇددى تۇرسۇنغا ئوخشاش سىلىۋالىدىغان ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ۋەسۋەسىسىدە كۈنلىرىنى ئۈمىد، ئارزۇ، شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ئەمدى: تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر خىرىدار چىقسە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى ئەرزان باھادا تۇرسۇنغا ساتسا، بۇلار تۇرسۇن ئارقىلىق مېنىڭ قولۇمغا كىرسە، دەپ ئويلايدىغان بولدى.

بۈگۈن يۈسۈپئاخۇن ئالتۇننىڭ خەۋىرىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا چىقىپ كېتىپ، كەچ كىرگەندە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ھاۋاخان جىددىي تەلەپپۇزدا:

— ئەكرەمنىڭ قېشىغا بىر بېرىپ كەلگەن بولسىلا. ھەپتىدىن ئاشتى ئۆيگە يولۇقمىغىلى. بايا ئولتۇرسام «ئەكرەمنىڭ ئىدارىسىدىن كەلدۇق» دەپ ئىككى ئادەم كەپتۇ. ئازراق ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتى، — دېدى.

— ئارزۇلۇق ئوغلۇمغا نېمە بوپتۇ؟ ئۇلار نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ؟

— ھەي، بۇ بالىنى نېمە دېسەك بولىدىكىنتاڭ، ئىككى كۈن بولدى ئىشقا كەلمەي ياتىدۇ، دەپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەكرەم تۈزۈككىنە ئىشلىمەيدىكەن، بىر كۈن ئىشلىسە ئۈچ كۈن يوق، ھە دېسە ئورنىدىن ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ، ئۆزى خالىغان چاغدا قايتىپ كېلىدىكەن، يولدىن ئۆتكەن ماشىنا، تراكتورلارنى قالايمىقان توسۇۋېلىپ، يوق باھانىلار بىلەن خالىغانچە جەرىمانە قويۇپ، خەقنى قاقتى-سوقتى قىلغاچقا بەزى شوپۇرلار ئىدارىگە كېلىپ ئەرز قىلغان ئوخشايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن بىزنى خەۋەردار بولۇپ قېلىڭلار. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بىز ئەكرەمنى ئىشلىتىشكە ئامالسىز قالىمىز، دەيدۇ. دادا بولغاندىكىن ئۆزلىرىمۇ بىر...

— ھە، ئىشنىڭ يامىنى چىققاندا دادا بولغاندىكىن دەيسەن، مەن بىر نېمە دېسەم سەن دائىم ئۇنىڭغا چاپان يايىسەن، — دېدى يۈسۈپئاخۇن ئايالىغا ھومىيىپ، — ھۇ، ئادەم بولمايدىغان مۇتەھەم، شۇنچە پۇل خەجلەپ، نەچچە ئىشىككە باش ئۇرۇپ، خەقنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ-تاتىرىپ يۈرۈپ مىڭ تەستە بىر ئورۇننى تېپىپ بەرسەم قىلغان ئىشنى قارا... — ئۇ زەردە بىلەن قايناپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ

كېتەيلا دەۋاتاتتى. ھېلىدىن ھېلىغا تاما-
كىسنى يۇرقىرىتىپ چېكىپ، ئوغلىنى تىللايتـ-
تى. ئاچچىق خوددى ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگىلا
يىغىلغاندەك، سېمىز قاپاقلىرى بېسىۋالغان
قىسماق كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوچقۇنلىرى
چاقنايتتى. ئۇ ئاخىر ھاۋاخاننىڭ تامىقىغىمۇ
قارىماي ئىلغۇچنىكى چاپىنىنى ئېلىپ سىرتقا
چىقىپ كەتتى.

تۇرمۇش دېگەن قىزىق نەرسە. ئۇ
خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، ئاچچىق بىلەن
تاتلىقنىڭ بىرىكمىسى. نەچچە كۈندىن
بۇيان ئوغلىنىڭ بەختسىزلىقىدىن قاتتىق
خاپا بولۇپ يۈرگەن يۇسۇپئاخۇن بۈگۈن
ئۆيىگە كەلگەن ئوغلىنى قانغۇدەك بىر
تىللىۋېلىپ، ئىچى بوشاپ قالغاندەك يېنىكلەپ
قالدى. كەچقۇرۇن «مال» نىڭ كېلىپ
قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تېخىمۇ خۇشال
بولدى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ قولىدىن بىر جۈپ
ئالتۇن ھالقىنى ئالغاندا كاللىسىدىن زەنجىر
ئەمەس ھالقىكەندە، يەنە كېلىپ ئايالىم-
نىڭ ھالقىسىغا ئوخشاش شەكىلدىكى
ھالقىكەن، دېگەن ئوي غىل-پال ئۆتۈپ
كەتتى. ئەمما ئارقىدىنلا مەيلى ئەمەسمۇ،
باشقا پاسونغا ئۆزگەرتىپ سوقتۇرىۋالسا
بولىدىغۇ، دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى
بەردى ۋە ئاغىنىسىنىڭ دېگىنى بويىچە
300 سومنى بىرمۇ بىر ساناپ ئۇنىڭ
قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن بۇ خۇش
خەۋەرنى ئايالىغا تېزراق يەتكۈزۈش ئۈچۈن
ئۆيىگە يۈگۈردى.

يولدىشىنىڭ تاشقىرقى ئىشىكتىنلا ئۆزىنى
چاقىرىپ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
ھاۋاخان بىرەر ئامەتنىڭ بارلىقىنى سەزدى--
دە، ئالاھىدە خۇش تەبەسسۇم بىلەن
ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. يۇسۇپئاخۇن
يانچۇقىدىن قولياغلىقتا ئورالغان كىچىككىنە
تۇگۈنچەكنى ئالدى-دە، مەغرۇرانە
قىياپەتتە:

— ماۋۇ كەپ قاپتىكەن، ئالدىم.
زەنجىر كېيىن بولۇپ قالار. يا بولمىسا بۇنى
ئۆزگەرتسەكمۇ بولىدىغۇ، — دەپ ھالقىنى
چىقىرىپ ئۆزىگە تەشنالىق بىلەن قاراپ
تۇرغان ئايالىغا بەردى. ھاۋاخان خۇش
تەبەسسۇم بىلەن ئېرىنىڭ قولىدىن ھالقىنى
ئالدى-دە، ئۆرۈپ-چۆرۈپ بىر قۇر قاراپ
چىققاندىن كېيىن چىرايىدا قانداقتۇر بىر
خىل ھەيرانلىق، تېكىرقاش ئەكس ئەتتى.
ئۇ يۈگۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ
كەتتى. ئايالىنىڭ بۇ غەلىتە ھەرىكەتلىرى-
دىن ئەجەبلەنگەن يۇسۇپئاخۇن ھەيران
بولغان ھالدا ئايالىنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىكى
ئۆيگە كىردى.

— ۋاي ئۆلەي، بۇ نېمە ئىش؟!
ۋاي ئاللا، ۋاي قانداق قىلاي...

— نېمە بولدى؟! — دېدى دەماللىققا
ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن يۇسۇپئاخۇن.

— ئەكەلگەنلىرى ئۆزۈمنىڭ ھالقىسى-
كەن، ھالقام قويغان جايىدا يوق تۇرىدۇ.
مانا قارىسىلا...

— نېمە دەۋاتىدۇ ما خوتۇن؟ —
دېدى يۇسۇپئاخۇن ئايالىنىڭ قولىدىن
ھالقىنى ئېلىپ قاراپ.

— مېنى ئالداپلا، ئۆزۈمنىڭ ھالقىسى-
نى...

— نېمە دەيسەن؟ مەن بۇنى
تۇرسۇننىڭ ئۆز قولىدىن ئالغان تۇرسام.

— ياق، بۇ ئۆزۈمنىڭ ھالقىسى!
قارىسىلا، ماۋۇ ئۇلانغان يېرىگە، خۇدا
ھەققى ئۆزۈمنىڭ.

— بۇ زادى قانداق گەپ بولۇپ
كەتتى؟ — يۇسۇپئاخۇن ھەيرانلىقتا
نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەيلا

www.uyghurkitap.com

قالدى، — ئۆيگە ئوغرى كىردىمۇ يا؟ — دېدى ئۇ ئايالىغا قاراپ.

— مەن ئۆيدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىسام، نەدىكى ئوغرىكەن ئۇ؟

— باشقا بىرەرى، يا بولمىسا تۇغقانلاردىن كەلدىمۇ؟

— ياق، ئون نەچچە كۈننىڭ ياقى ئۆيگە گۇمانلانغۇدەك بىرەر ئادەمنىڭ كەلگىنى ئېسىمدە يوق.

— ئەكىلە ئاۋۇنى، بېرىپ تۇرسۇندىن بىر سوراپ كۆرەي، بۇ زادى قانداق گەپ؟ — يۇسۇپئاخۇن ھالقىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى-دە، ئىشىكتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئۇ بايا ئۆيگە قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇ سۈرئەتتە مېڭىپ، ئۇدۇل تۇرسۇننىڭ دۇكىنىغا كىردى.

— ئاداش بۇ ھالقىنى سەن كىمدىن ئالدىڭ؟ — ئۇ جىددىي قىياپەتتە ئاغىنىسىدىن سورىدى.

— نېمە بولدى ئاداش؟ بۇنى ھېلقىنىڭغا يېڭىدىن كىرىشكەن بىرى ئەكەپتىكەن.

نېمىگە بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كەتتىڭ؟

— ئۇنىڭ بۇ ھالقىنى نەدىن ئالغانلىقىنى بىلەلىدىڭمۇ؟

— ئۇنى نەدىن بىلەي، مەن مالنى ئېلىشنىلا بىلىمەن. نېرى-بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلاي. نېمە ئىش بولدى دېمەمسەن، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي.

دەل مۇشۇ چاغدا بىرى ئىشىكنى يېنىك چېكىپ قالدى. تۇرسۇن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى-دە:

— مانا-مانا، ئۆزىلا كەلدى ئەمەسمۇ. مانا مۇشۇ يىگىت، — دېدى ئۇ ئەمدىلا بىر پۇتىنى بوسۇغىغا سالغان يىگىتنى يۇسۇپئاخۇنغا كۆرسىتىپ.

— ئەكرەم!؟ سەن...!؟ — يۇسۇپئاخۇن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى:

— ئاھ خۇدا! مېنى خۇدا ئۇردى، بىز تۈگىشىپتىمىز ئەمدى! — يۇسۇپئاخۇن پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەكرەم بولسا قاققان قوزۇقتەك ئىشىكتە تۇرۇپلا قالدى.

**ئەمەتجان مەمەت**

مەسئۇل مۇھەررىر **سارەم ئىبراھىم**

# ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا،
شاماللاردىن كۆيلىرىڭنى بىلەي دەپ.
ھېسلىرىمنى چۇشەپ قويدۇم خىيالغا،
چۆچۈتمىسۇن دەپ مەن سېنى ئەركىلەپ.

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا،
شاماللاردا ئىسمىم بارمۇ جۆيلىسەڭ.
چىچىۋەتتىم سۆرئىتىمنى ھاۋاغا،
تونۇۋالغىن جېنىم ئەگەر بىلمىسەڭ.

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا،
يوقلاپ ئۆتەر دېگەن ئويدا تىنىقىڭ.
يۈرىكىمنى ئېلىپ قويدۇم بىر يانغا،
ھۆججە يېرىمدە سوقسۇن دېدىم يۈرىكىڭ.

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا،
يوللىغاندۇ دېدىم ماڭا مۇھەببەت.
قويىۋەتتىم كۆيلىرىمنى ساماغا،
جېنىم سەنمۇ دېرىزەڭنى ئېچىۋەت.

ئۇسمانجان ئابدۇرېھىم

# نـــبلـر سۈرتى

## بوۋىلار

ئەي بوۋىلار، سىلەر ئېگىز تاغ،
ئۆمۈر بويى يۆلىنىدىغان.
زىمىستاندا مۇزلىغان جانلار،
قوينۇڭلارغا بۆلىنىدىغان.

## موملار

ئەي موملار، سىلەر مۇقەددەس،
زېمىندىكى ئۇلۇغ پەرىشتە.
ھەيران بولماڭ موملار ھەرگىز،
تەڭرى ئورۇن بەرسە ئەرىشتە.

## ئانىلار

ئىھ، ئانىلار، سىلەر بىر بۇلاق،
قاندۇرغان كەڭ دەشتى-چۆللەرنى.
بولىسىلەر ئۆزۈڭلەر قاقشال،
ئېچىلدۇرۇپ نەپىس گۈللەرنى.

## ئاتىلار

ئىھ، ئاتىلار سىلەر بىر دەرەخ،
سايەڭلەردىن ئالىمىز ھۇزۇر.
كىيىپ سىلەر كونا پەشمەتنى،
بىزنى ياساپ قويدۇڭلار پۇزۇر.

سابىرجان سېيىت

# شېئرلار

## گۈلباھاردىن كۈتىدۇ جاۋاب

دەيدىپ يۇرەر ئىزغىرىن شامال،
تۆكۈلمەكتە شاختىن ياپراقلار.
سەگىمەكتە ئاستا تەبىئەت،
چاچرىمايدۇ گۈلدىن پۇراقلار.

تۇرار تەمكىن يالغۇز بىر چىنار،
كۆزلىرىدە مەنىلىك قاراش.
ۋۇجۇدىدىن ئاقار بىر ناخشا،
يىلتىزىدا قۇمبولماقتا تاش.

ئۇ تۇرىدۇ رۇسلاپ قەددىنى،
ئۇنى قىلسۇن يۆگەيلەر تاۋاپ.
قار-قىراۋلار ئاگا بى تەسىر،
گۈلباھاردىن كۈتىدۇ جاۋاب.

## مېنى كۈت

تاڭ سۈزۈلۈپ قۇياش ئىللىق كۈلگەندە،
قۇياش كەبى ياشاپ گۈزەل مېنى كۈت.
داللارغا چۈشكەندە تۈن يۇلتۇزلۇق،
تولۇن ئايدەك تۇرۇپ ئەۋزەل مېنى كۈت.

چىمەنلەردىن گۈللەر تېرىپ كېلمەن،
گۈللەر كەبى جىلۋە بىلەن مېنى كۈت.
مۇشكۈللەرنىڭ تاناۋىنى تىلمەن،
مۆجىزىدەك نادىر، لېۋەن مېنى كۈت.

يىراقلارغا كەتتىم بەلكىم كەلمەسمەن،
كېلىدۇ دەپ تاقىتىڭ تاق مېنى كۈت.
ھىجران دېگەن نۇرسىز زۇلمەت ھېمىشە،
ۋىسال دېگەن تاڭدەك ئاپئاق مېنى كۈت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**ئابدۇلئە ھەت ھەسەن بارچۇقى**

## ئىنسانلار

بىر كېلىدۇ، بىر كېتىدۇ بۇ ئالەمدە ئىنسانلار،
يوق نەرسىنى بار قىلىدۇ بۇ ئالەمدە ئىنسانلار.
بارلىقنى بېغىشلاپ ئىنسانىيەت بەختىگە،
مۇھەببەتنى يار قىلىدۇ بۇ ئالەمدە ئىنسانلار.
ئەجرە بىلەن روناق تېپىپ، ئىجىل-ئىناق، ئۆم ياشاپ،
ئۆز ئۆمرىنى ساز قىلىدۇ بۇ ئالەمدە ئىنسانلار.
مىسكىنلەرنى قۇتقۇزۇپ، يۆلەك بولۇپ ئاجىزغا،
زىمىستاننى ياز قىلىدۇ بۇ ئالەمدە ئىنسانلار.
ئادەم بولۇپ تۆرەلگەنگە رازى ئەمەسلەرمۇ بار،
شۇڭا جاننى خار قىلىدۇ بۇ ئالەمدە ئىنسانلار.
يامان ئىش قىپ، ئۆزگە، ئەلگە زىيان يەتكۈزۈپ،
ئۆز يولىنى تار قىلىدۇ بۇ ئالەمدە ئىنسانلار.
ياخشىلار كۆپ بۇ جاھاندا، يامانلار ئاز، دۇنيانى
قىلار گۈللەپ چىمەنزار بۇ ئالەمدە ئىنسانلار.

**نۇرمەھەممەت توختىياز**

## ۋەتىنىم

ئوغلۇڭمەن ئەي ئانا ۋەتىنىم،
سەن مېنى تۇغدۇڭ ھەم چوڭ قىلدىڭ.
كەڭ ئىللىق قوينۇڭدا كۈلدۈرۈپ،
بىر ئۆمۈر بەختىمنى ئوڭ قىلدىڭ.

خەلقىڭ مەرد، قۇدرەتلىك، ئەمگەكچان،
پەزىلەت بابىدا يېگانە.
باي ھۈنەر-سەنئەتكە ئەزەلدىن،
تەڭرىگە تەلمۈرۈش بىگانە.

گۈزەلسەن ئالەمدە تەڭداشسىز،
جامالىڭ قۇياشتەك چاقنايدۇ.
باغرىڭ كەڭ تۈگمەس خەزىنە،
باغرىڭدا ھاياتلىق ياشنايدۇ.

كۈيلىسەم تۈگمەس تەرىپىڭ،
قۇچىقىڭ گۈزەللىك دۇنياسى.
رازىمەن سېنىڭدە كۆز يۇمسام،
ئېچىلىپ ئىجادىم رەناسى.

**ئابلىز ئىبراھىم**

## ئىككى شېئىر

### ۋىسال

تۇمان تارقاپ كېتىپتۇ سەھەر،
گۈلگۈن ئۇپۇق، ئالتۇنرەڭ قۇياش.
سېغىنغاچقا نۇرلۇق ۋەسلىڭنى
مەن ئالدىڭغا كەلدىم ئالدىراش.

غايىب بولدى رەھىمسىز ھىجران،
ئېلىپ كەلدىم ساڭا مۇھەببەت.

ئىشكىڭنى ئاچ جېنىم دەرھال،
يۈرەكتە ئۇ، مە، قولۇڭغا ئال.

## ئىشتىياق

يېنىمدىلا خۇش سۆلكەت بىلەن،
ئولتۇرىدۇ بىر گۈزەل رەنا.
كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەي ھېچ،
ۋۇجۇدىغا مۇھەببەت مەنا.

باقتىم ئاڭا باغلاپ ئىشتىياق،
تۈيغۇلىرىم قايناقتۇر شۇنچە.
دەيدۇ تىلىم تىنماي تەكرارلاپ
بۇلبۇل بولاي سەن بولغىن غۇنچە.

مايمۇنە كېرىم

## ئۇنتۇلماس تۇيغۇ...

ئۈزاتقان ئىدىڭسەن مېنى ئۈن-تىنسىز،
شۇ ئۇتلۇق قاراشلار ئېسىمدە تېخى.
تىترىگەن ۋۇجۇدۇم گويا سىماپتەك
ئۇ چاغلار قەيەرگە مۆكۈنگەن، قېنى؟

يىراقلاپ كەتتىم دەپ ھەسرەتلىك تىنسام،
سەن يىراق كېتىپسەن مېنىڭدىن ئەسلى.

ئەبەدىي ۋىسالغا ئېرىشتىم دېسەم،
تۇرىدۇ باغرىمدا ھىجراننىڭ ۋەسلى.

بىر جۇشقۇن تۇيغۇدا ياشاپ كېلىمەن،
ئوت بولۇپ، نۇر بولۇپ يانار مۇھەببەت.
ئۇنتۇلار ھەممە ئىش، ھەممە شەيئىلەر،
ئۇنتۇلماس ئالەمدە شۇ تۇيغۇ پەقەت.

مەمتىمىن ھاجى مۆلجەرى

## ۋەتەن مۇھەببىتى

ئەي ۋەتەن سۆيۈملۈك، جانجان دىيار
يېتىلدىم مېھرىڭدىن بولۇپ نەۋقىران.
ئۇلۇغ بوپ ئۇلغايغان ئوغۇللۇرۇڭ كۆپ،
سەن ئۇچۇن پەرۋانە بولىمەن ھامان.

بىر يورۇق نۇقتىغا ئايلاندىم سەندە،
قۇۋۋەت ئېپ شەربەتلىك بۇلاقلىرىڭدىن.

ئەجدادلار يولىدىن مېڭىپ كېلىمەن،
يۈرىقىم ئايىماس يۇراقلىرىڭدىن.

بۈيۈكلۈك رەمزى سەن، بۈيۈك سەن چەكسىز،
ئاقارغان چاچلىرىڭ تاغلاردىكى قار.
يىلتىزىم سېنىڭدە، سولماس دەرەخمەن،
چۈنكى سەن قىش ئەمەس مەڭگۈ بىر باھار.

خاسىيەت ئەمەت

## كىتاب

جاھاننى كىزىشكە يېتەمتى قۇربىم،
ئېيتقىنا، ئەزىزىم، سىرداشىم كىتاب.

سەن بىلەن جاھاننى كېزىمەن دەمدە،
سەن ماڭا قاناتسەن، سەن ماڭا ئاپتاپ.

www.uyghurkitap.com

گۆھەرلەر كانىسەن، ئەقىلنىڭ كۆزى،
قۇيۇلار ھېكمەتلەر قەلبىمگە تىنماي.
ئۆلپەتسەن، دىلكەشسەن، غەمخور قاياشسەن،
كۈندۈزى قۇياشۇ، تۈندە تولۇنئاي.

مەن ساڭا ئاشىقمەن، سەنمۇ ھەم شۇنداق،
دېمەككى دەملىرىم يۈكلۈكتۇر بىر-بىر.
كۆچەرسەم بەتلەرنى ئېڭىمغا ئەينەن،
ئالدىمدا تاغلارمۇ تىترەيدۇ دىر-دىر.

**دىلشات مۇھەممەت ئىنياز**

## ياشايمەن سۆيگۈگە تولۇپ

كېلىسەن ھەر كۈنى بەختىمنى ئېلىپ،
قەلبىمگە بىر ئوتنى سالىسەن ئاستا.
يۈرىكىم ئاجايىپ يايراپ كېتىدۇ،
دىللىرىم گوياكى بىر كۈي، بىر ناخشا.

ئۈمىدلەر قەلبىمدە يانغان بىر گۈلخان،
چوققىلار تۈيۈلار بىر چېكىت بولۇپ.
بەخت ۋە ئۈمىدلەر ئايرىلما مەندىن،
ياشايمەن ئەبەدىي سۆيگۈگە تولۇپ!

**ئەسقەر ئابدۇرېشىت**

## دوستۇمغا

ئەبجەش خىيال توزانلىرىغا
كۆممە ئۆتكۈر پارلاق زېھنىڭنى.
زارلانمىغىن ھاياتتىن دوستۇم،
بەر ئۇنىڭغا سۆيگۈ-مېھرىڭنى.

يوقاتمىغىن ئەسلا ئەقىل-ھوش،
قەرزىڭ كۆپتۇر تېخى بوينۇڭدا.
سەن ئاتقۇزار تاڭ بار ئۈيۈقتا،
سەن تۆكمىگەن ئوت بار قوينۇڭدا.

**سۇلايمان بارات**

## رۇبائىيلار

ھەقىقىي گۈزەللىك چىرايدا ئەمەس،
گەر بولسا ۋاپانىڭ بولمىغىمۇ تەس.
ئۇ پەقەت يۈرەكتە بولار ئەبەدىي،
ئاپتاپقا، ئىمانغا، سۆيگۈگە پەۋەس.

* *

ھىيلىلەر قىلىدۇ ھىيلىگەر ھامان،
ئالەمدە ھەممىدىن ھىيلە بەك يامان.
ۋە لېكىن تۇمشۇقتىن ئىلىنار تۈلكە،
رەڭگى چۈن زەر-ئالتۇن بولالماس سامان.

* *

يامانغا يان بېسىپ ياپمىغىن چاپان،
ۋە ياكى ئىزىغا باسمىغىن تاپان.
راست سۆزلە، ھەق سۆزلە بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئۆمۈرنى قىسقارتار ھەمىشە بوھتان.

**قۇربان ئۆمەر**

# يورۇق زەررە يارىتىدۇ سۆيگۈنى

سەن ئىشەنمە يامانلارنىڭ سۆزىگە،
قايسى يامان شۇملۇقنى تاشلىغان؟
ياخشى كېلىپ گۈل ئۈندۈرسە ئېتىزغا،
يامان كېلىپ قىراۋ-ئۈششۈك تاشلىغان.

ياخشى كېلىپ تىك تۇرغۇزسا ئۆملۈكنى،
يامان كېلىپ نىزالارنى تاشلىغان.

ياخشى كېلىپ بەرپا قىلسا باغلارنى،
يامان كېلىپ ئاپەتلەرنى باشلىغان.

ياخشىلارغا يار ھەمىشە شان-شەرەپ،
يامانلارغا قارار دىل ۋە كۆز قېنى؟
سايىلارنى قوغلاپ يۈرەر شولىلار،
يورۇق زەررە يارىتىدۇ سۆيگۈنى.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **ئوسمانجان ساۋۇت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرەيلى

— ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇگبو ئىلىدا ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى

1994- يىلى 7- ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇگبو ئىلىدا ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىلى ئوبلاستى ۋە ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، كۆپچىلىكنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. سۆھبەت يىغىنىغا «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى دۇشگفۇ قاتارلىقلار مۇ قاتناشتى.

يولداش چېن خۇگبو ئالدى بىلەن 1994- يىلى 2- ئايدا جۇڭگو ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاچقان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر نەچچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: ئىلى ئوبلاستلىق، ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ياخشى ئىشلەندى، نەتىجىلىك بولدى. ئوبلاستلىق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شارائىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر قەدەر ياخشى. ئوبلاستلىق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىلىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2- ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزى ناھايىتى ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر قىيىن، ئەمما ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە بەش مەمۇرىي ئىشتات بەرگەنلىكى ئۇلارنىڭ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ئۆگىنىش، مۇلازىمەت قىلىش، ئىتتىپاقلىق ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىرىنچىدىن، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ، پارتىيىمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىگىلىۋېلىشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى، ماۋزېدوڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەملىكەتلىك 4-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى بىر قەدەر مەركەزلىك شەرھىلەنگەن. بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «قالايمىقان ئارىلىشىۋالماسلىق» ئىدىيىسى بىزنىڭ «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئاسارىتىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئادا-جۇدا بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن كەڭ جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشىمىزدا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىدە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

بىز يەنە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرىنى، مەيدانىنى، كۆز قارىشىنى، ئۇسۇلىنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز، ئەسلى ئەسىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، روھىي ماھىيىتىنى ئۈزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز كېرەك، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن ئىدىيىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا تونۇشىمىز، ھەر مىللەت يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىنىڭ تونۇشى ۋە ئىرادىسىنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەتنى ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەھبەرلىكى ئۆز ئەزالىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى، ئورگان كادىرلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى؛ پىداكارلىق روھى بىلەن بەزىبىر ئەمەلىي مۇلازىمەت ئىشلىرىنى قىلىشى؛ خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئەسەر ئىجاد قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شەرت-شارائىت يارىتىشى؛ ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىشى، قۇرۇق گەپ قىلماسلىقى؛ ئولتۇراق ئۆي، ئۇنۋان، خىزمەت شارائىتى مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىنى ياخشىلىشى، قىسقىسى، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشى، ياخشى ئىش قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىنتىپاقلىقنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ — بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى

www.uyghurkitap.com



ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بولۇپمۇ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىشى، بىر-بىرىنى قوللىشى، ئورا كولاشماسلىقى، سەممىي نىيەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك. ھارامزادىلىك ۋە ياسالمىلىق بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلىغىلى بولمايدۇ.

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق پۈتۈن پارتىيىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار مۇشۇ چوڭ ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشى، خىزمەت قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرلىرىمىز بىلەن ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى ئاساس قىلىپ، مىللەت، دىن قاتارلىق تېمىلارغا تاقىلىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشتا جەزمەن ئېھتىياتچان بولۇش، لايىقىدا بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەم پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىدىن ئىبارەت ھالقىلىق نۇقتىنى جەزمەن ياخشى ئىگىلەش، مىللەتلەر مەسىلىسىگە ئالاقىدار بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشتا تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. بىزگە مەلۇمكى، ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تاقىلىدىغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن، كۆپلىگەن تارىخىي شەخسلەر ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ بەزىلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە پايدىلىق، بەزىلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە پايدىسىز. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەنە شۇ مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر ھەم تارىخىي شەخسلەرنى توغرا تاللاشتىن ئىبارەت. شۇڭا بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە پايدىلىق بولغان تارىخىي ۋەقە ھەم تارىخىي شەخسلەرنى تەشۋىق قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى تەربىيىلىشىمىز ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ئۆتىنچىدىن، ئەسەر ئىجاد قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

ئەدەبىيات-سەنئەتنى «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى ۋە «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئاساسىي مۇقامنى كەڭ كۆلەمدە تەكىتلەش، كۆپ خىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئەدەبىيات-سەنئەتنى «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى ۋە «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ كونكرېت

گەۋدىلىنىشى. ئاساسىي مۇقامنى كەڭ كۆلەمدە تەكىتلەش دېگىنىمىزدە جوڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە روھنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى؛ ھەممىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇش ئىدىيىسى ۋە روھنى؛ ھەممىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ھەم خەلق مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇش ئىدىيىسى ۋە روھنى؛ ھەممىدە ھالال ئەمگەك بىلەن گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئىدىيىسى ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنى خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ باش تېمىسى. بىز ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھەر مىللەت يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا پايدىلىق بولۇش، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. تىجارەت باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنۇمى ئۈستۈن، ھاياتىي كۈچى تولۇپ-تاشقان ھەرىكەت مېخانىزمى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. ئورگانلاشتۇرۇش خاھىشىنى تۈگىتىپ، دەرىجىلەر بويىچە خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى بىلەن پۈتۈن خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش، فونكسىيىنى ئۆزگەرتىش، ئىسلىنى ئۆزگەرتىش، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ژۇرناللارنىڭ رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ژۇرنال باشقۇرۇش فاڭجېنىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ پۇلىغا تايىنىپ ژۇرنال چىقىرىدىغان پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش، شۇ ئارقىلىق ژۇرناللارنى بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

يازغۇچى، سەنئەتكارلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى كېرەك. بۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەقىقىي يولى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كىشىلەرنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي پىسخىكا جەھەتتە چەزمەن غايەت زور زەربىگە ئۇچرىتىدۇ، بۇ تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە ھەرخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇ چەزمەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى ناھايىتى يېڭى دېتال ۋە مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشى؛ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشى؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋەزىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش شەكلى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر تونۇشى ۋە ئىگىلىشى؛ جانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە تەنسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇشى، دەۋرىمىز تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۇرۇشى كېرەك. كەسپىي يازغۇچىلارنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي سەپلىرىگە بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىدىن ئىجادىيەت دېتاللىرىنى قوبۇل قىلىپ، دەۋر روھىغا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى يېزىشقا سەپەرۋەر قىلىش، ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەشكىللەش كېرەك.

يولداش چېن خۇگبو ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىشىنى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىنى، ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

غۇپۇر قادىر تەرجىمىسى

# لى جۇن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى

لى جۇن ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ھەممىلا كىتاب بار ئىدى دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن دەستۇر، تارىخ، كىتابلىرى ۋە مەجمۇئەلەرنىڭ جىمىسى تېپىلاتتى، شۇڭا ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا قەدىمكى ئەسەرلەر بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئۇنىڭ «قەدىمكى ئەسەرلەردىن ئۆرنەكلەر» نى پىششىق يادلىۋېلىشى كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىگە ئىنتايىن زور پايدا يەتكۈزگەن. ئەمما ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۈچ يېشىدا چاي ئىچۈرۈپ قويغان ساۋاتسىز قىز دوڭ بىگنى، يەنى ھازىرقى ئايالىنى 16 يېشىدا ئەمرىگە ئالغان. دوڭ بىگ كېلىن بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاقىت تاپسىلا خەت ئۆگەنگەن. ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز قىز تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن سىرت يېزىقچىلىق قىلالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، ئىككى يۈز مىڭ خەتلىك بىئوگرافىك رومانىنى پۈتتۈرگەن. ياشانغان بۇ ئەر-خوتۇنلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا زادىلا گېپى تۈگمەيدۇ. ئۇلار 1946-يىلى توي قىلغاندىن بۇيان بىر قېتىممۇ تاكاللىشىپ باقمىغان. لى جۇن ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن دوڭ بىگ ئۇنىڭغا قاراش، تاماق ئېتىپ بېرىش، چېچىنى ئېلىپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى بىراقلا زىممىسىگە ئالدى، يەنە قان بېسىمىنى ئۆلچەشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. لى جۇن 24 يېشىدىن تارتىپ «يولداش، ئۇنداق قىلماڭ»، «لى شۋاڭشۋاڭ»، «كونا ئەسكەرنىڭ يېڭى تەرجىمھالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ قالدى. يازغۇچى يېڭى دەۋر مۇھىتىدا يەنە «خۋاڭخې دەرياسى شەرققە ئاقماقتا» ناملىق رومانى بىلەن نۇرغۇن سىنارىيىلەرنى يېزىپ پۈتتۈردى ۋە ئۆزگەرتتى. ئۇ يۇقىرى ئورۇنغا ۋە شان-شەرەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان سىرداش قىزلاردىن خالىي بولالمىدى، دوڭ بىگ بۇنىڭغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىدى، بەلكى «لى جۇن ياخشى ئادەم، ئۇ مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ» دەپ ئويلىدى. لى جۇن بولسا، توي كۈنى كېلىنچەكنىڭ چۈمبىلىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغىدەك ئورۇق يېزا قىزى ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىدىن تارتىپلا،

« مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى بىرگە ئۆتىمەن، شۇڭا ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك » دېگەن نىيەتكە كەلدى. هازىر ياشانغان بۇ ھەمراھلار ھەر كۈنى سەھەردە يېقىن ئارىدىكى تاۋيۈەنتىڭ باغچىسىدا سەيلە قىلىدۇ، ئەتىگەنلىك بازارنى بىرلىكتە ئايلىنىپ سەي سېتىۋالىدۇ، كوچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىچىدە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆگىنىدۇ.

لى جۈننىڭ تۆت ئوغلى، ئىككى قىزى يارىملىق ئادەم بولدى. ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان لى چې « سەن يىغلىساڭ مەن كۈلىمەن »، « يەن پادىشاھى ۋە خۇاڭ پادىشاھى » ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى يېزىپ تۈگەتتى. ئەينى چاغدا « ئايال ئوغرى » نى ئىجاد قىلىپ بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن لى كېۋېي هازىر ئاۋستىرالىيىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى ماي بوياق رەسىمنى ناھايىتى ئۆزگىچە سىزىدۇ.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## مۇكاپاتلانغاندىن كېيىن

تېخى يېقىندىلا شەرەپ بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياپونىيە يازغۇچىسى داجياڭ جيەنسەنلاڭ بۇ يىلنىڭ بېشىدا « يېشىل ياغاچ كۆيۈشكە باشلىدى » دېگەن رومانىنىڭ 3-قىسمىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھېكايە يازمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئوغلىنىڭ مېڭە كېسىلى ساقىيىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مۇزىكانتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى سەۋەبچى بولغان.

داجياڭ جيەنسەنلاڭ مۇكاپاتلانغاندىن كېيىن ئۇنى تەبرىكلەيدىغانلاردىن ئۈزلۈكسىز تېلېفون كەلگەن. يازغۇچى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ماڭا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن دوستلىرىمدىن تېلېفون كەلدى. ئۇلار مېنىڭ نېمىشقا يېزىقچىلىقنى توختاتقانلىقىمنى بىلمەكچى بولۇشتى. »

داجياڭ جيەنسەنلاڭنىڭ نەزىرىدە يۇرتى ئەيئەيدە تۇرىۋاتقان 92 ياشلىق ئانىسى داجياڭ شياۋشى ھەممىدىن موھىم ئىدى. « ئانام مېنى ناھايىتى قاتتىق باشقۇراتتى، ئەمما تۆنۈگۈن كەچتە ئۇنىڭ ئاغزىدىن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم بەزى ماختاشلارنى ئاڭلىدىم. » 59 ياشلىق داجياڭ جيەنسەنلاڭ بۇ گەپلەرنى قىلغاندا سەل كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ياپونىيە كىتابخانىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا داجياڭ جيەنسەنلاڭنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەردىن ئىسسەنكىرەپ قالغان، كىتابخانا خىزمەتچىلىرى جۈمە كۈنى چۈشتىن ئاۋال پۈتۈنلەي داجياڭ جيەنسەنلاڭنىڭ كونا-يېڭى ئەسەرلىرىنى كۆپەيتىپ زاكاز قىلىش بىلەن ئاۋارە بولغان. گەرچە داجياڭ جيەنسەنلاڭنىڭ كىتابلىرى بىر قەدەر قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىتابىنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ياشانغان كىشىلەر ئىكەن.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قايغۇلۇق خەۋەر



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئەلنەغمىچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسورى، ئاتاقلىق تەرجىمان، دۆلەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس خاۋگوەنجۇڭ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1994-يىلى 10-ئاينىڭ 28-كۈنى 60 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

خاۋگوەنجۇڭ 1934-يىلى 12-ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. ئاسسىستېنت، لېكتور، تەرجىمە تەھرىرى، تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسور ۋە «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان.

خاۋگوەنجۇڭنىڭ ھاياتى شانلىق ھايات، جاپالىق ھايات، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەرجىمە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان ھايات.

ئۇنىڭ بىلىمى مول ھەم چوڭقۇر بولۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيتتى. ئۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئوغۇزخان»، «قومۇل مۇقاملىرى» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بار. ئۇندىن باشقا يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»، «جۇدالىق زارى» قاتارلىق مەشھۇر خەنزۇ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان. كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە بىر تۈركۈم ئاپتور ۋە تەرجىمانلارنى يېتەكلىگەن.

ئۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت زىيالىيلىرى بىلەن

قەلبداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇلار بىلەن قويۇق دوستلۇق ئورناتقان. ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سېپىدىكى ئىلغار شەخس نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 5-6-7-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىجانىدىل ئادا قىلغان. زاۋۇت-كان، يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە قىيىنچىلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەن. ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تەقدىم قىلغان.

يولداش خاۋگۇەنجۇڭ پارتىيىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيەتتى، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى ھىمايە قىلاتتى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا چوڭقۇر ئىشىنەتتى؛ ئۇ شىنجاڭنى قىزغىن سۆيەتتى، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانىدى. ئۇ كۆچلۈك كەسىپچانلىققا، مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە ئىدى. كەمتەر، سەممىي، تىرىشچان ئىدى.

يولداش خاۋگۇەنجۇڭنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى ئۈچۈن بىر چوڭ يوقىتىش، بىز بىر مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسىمىزدىن، بىر ياخشى يولداشتىن، دوستتىن ئايرىلدۇق.

يولداش خاۋگۇەنجۇڭنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!

ئەسسالام ھۆرمەتلىك ئاپتور ۋە كىتابخان، يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

سىلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ يىلىكى، مەنبەئى، يەنى تەمىناتچىسى، ئىخلاسمەن دوستى ھەم قىزغىن خېرىدارى. سىلەر «تارىم»نى ئانا ژۇرنال، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەكتىپى، بېغى، ئەينىكى، كەڭ مۇنبىرى ھېسابلايسىلەر.

بۇ يىل 8-ئايدا بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 45 يىل تولىدۇ. مۇشۇ 45 يىل مابەينىدە بۇ ژۇرنال نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەرنى يېتىشتۇردى، نۇرغۇنلىغان ياش تالانت ئىگىلىرىگە بۆشۈك، ئۈمىدلىك مايسا-بىخلارغا مۇنبەت تۇپراق، تەلەپكارلار ۋە ئىزدەنگۈچىلەرگە يار-يۆلەك، شوتا، كۆۋرۈك ھەم مەشئەل بولدى. ئۇنىڭ يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى ھەققىدە ئىنتايىن چوڭ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىمەن، چۈشىنىمەن، تەتقىق قىلىمەن دېگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ھەر قانداق كىشى ئالدى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلار «تارىم»دىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى، يۇقىرى سەۋىيىسىنى، تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆرەلەيدۇ.

«تارىم»نىڭ ئورنى سىلەرنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە شۇ قەدەر يۇقىرى! شۇڭا سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ئىجادىيەت مېۋىلىرىڭلار—يۈرەك پارەڭلەرنى ژۇرنىلىمىزغا ئاياىماي تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭغا قىزغىن خېرىدار بولۇپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭ ياخشى چىقىشىغا دائىم ئەجىر سىڭدۈرۈپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىڭلار. «تارىم» سىلەردىن مىننەتدار!

مانا، «تارىم» سىلەر بىلەن يېڭى بىر يىلغا قەدەم قويدى. ئالدىڭلاردا يېڭى بىر يىل كەڭ قۇچاق ئېچىپ سىلەرنى كۈتمەكتە. ئۆز باغرىغا چىللىماقتا. سىلەردىن يېڭى-يېڭى ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. بۇ يىل 10-ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا 46يىل، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 40 يىل تولىدۇ. بۇ كاتتا تويدا يېڭى تارىخىي دەۋرىمىزنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى كارامەت ئۆزگىرىشلەر، غايەت زور نەتىجىلەر كۆرەك قىلىنىدۇ. بىز بۇ كاتتا تويىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ژۇرنىلىمىزنى مەزمۇندىن شەكىلگىچە بېيىتىپ ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇپ، ئاپتور ۋە كىتابخانلارغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرىمىز. 1-ساندىن باشلاپ «40 يىللىققا سوۋغا» دېگەن سەھىپە ئېچىپ، 40 يىللىققا بېغىشلانغان ھەرخىل ژانىردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە نەزەرىيىۋىي، ئىلمىي ماقالىلەرنى نوقتىلىق ئېلان قىلىمىز. يىل ئاخىرىدا 40 يىللىققا سوۋغا قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردىن ئەڭ ياخشىلىرىدىن بىرنى تاللاپ مۇكاپاتلايمىز. بۇ 3-قېتىملىق «تارىم» مۇكاپاتى بولىدۇ.

سىلەرنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن پارلاق نەتىجىلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ پارلاق ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر روھىغا باي، تۇرمۇش پۇرىقى ۋە بەدىئىي جەلب قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزىملىق روھى، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقى ۋە ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدىغان ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، جۈملىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى يەكۈنلەنگەن، مۇۋەپپەقىيەت، نەتىجىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ماقالىلەرنى يېزىپ، 40 يىللىققا سوۋغا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. ژۇرنىلىمىز سىلەرنىڭ 40 يىللىققا بېغىشلانغان ئېسىل ئەدەبىي ئاخبارات، ھېكايە، پوۋېست، نەسر، ماقالە ۋە شېئىرلىرىڭلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ.

سىلەرگە ئالىي ئېھتىرام ۋە قىزغىن سالام بىلەن

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن
(ئىككىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى)



زوردۇن سابىر
(بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى)



قەييۇم تۇردى
(بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى)



مەھەممەت زۇنۇن (پروفېسسور،
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ
باش مۇھەررىرى)



مەھەممەت شاۋۇدۇن
(ئالىي مۇھەررىر)



ئوبۇل ئىسلام (ئالىي مۇھەررىر،
«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ
باش مۇھەررىرى)



ئېلى زاھىد
(مۇدىر مۇھەررىر)



ئىدرىس بارات (كاندىدات ئالىي
مۇھەررىر، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»
ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى)



ئىمىن تۇرسۇن
(ئالىي مۇھەررىر)

سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن، ئابلىز ئابدۇللالار تارتقان




《塔里木》文学月刊(维吾尔文) TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：«塔里木»编缉部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：«博格达»电子排版中心
印　　刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1995-يىل 1-سان (407-سان)، 45-يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1002—9044 :خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
国内统一刊号：CN 65—1010/I :مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ژۇرنال نومۇرى
国外代号：M 4461 — چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
邮发代号：58-66　定　价：2.40元 — پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن
邮政编码：830000 — پوچتا نومۇرى: 830000
广告许可证：新工商广字01005419号